شەيخ ئەبۇمۇھەممەد

# مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى

تەييارلىغۇچى:

www.xjislam.com

تارقاتقۇچى تور بېكەت:

www.munber.org



## مۇندەرىجە

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرى، ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقى .................. 3
رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چەكلەپ، توسقان نەرسىلەر توغرىسىدىكى سەھىھ ھەدىسلەر........................................................................................ 104
مۇھىم، سەھىھ ھەدىسلەردىن تەرمىلەر........................................................ 145
ئىماننىڭ يەتمىش نەچچە شاخچىلىرى ........................................................ 147
ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى........................................................ 155
ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى........................................................ 169
ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى........................................................ 186
ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى........................................................ 208
رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قىسىم دۇئالىرى .......................... 210

بسم الله الرحمن الرحيم

بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. بىز ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتىمىز. ياردەمنى پەقەت بىر ئاللاھتىنلا سورايمىز. ئاللاھتىن گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى سورايمىز. ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا تەۋەككۇل قىلىمىز. ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىشى ئازدۇرالمايدۇ. ئاللاھ بۇ بەندە ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلسا، يول قويسا، شارائىت، پۇرسەت بەرسە، ھېچكىشى ئۇ بەندىنى ھىدايەت قىلالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئاللاھتىن ھىدايەت، توغرا يول سوراپلا قالماستىن، نەپسىمىزنىڭ ئەمەللىرىمىزنىڭ يامانلىقلىرىدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. شەيتاندىنمۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنلىرىدىن، جىن، ئىنسى شەيتانلاردىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز!

ئاللاھنىڭ بارلىق بىرلىكىگە، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە، قىيامەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋىي كىتابلارغا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ۋە تەن جىسىم بىلەن بىرگە تىرىلىشىمىزگە شەكسىز ئىشىنىمىز، ئىمان كەلتۈرىمىز. ئاللاھتائالا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلار، تابىئىنلارغا، ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق مۇسۇلمان مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلسۇن، رازى بولسۇن، جەننەتتە جامالىنى ئاتا قىلسۇن. ئامىن!

بارلىق ئىشلىرىمىزنى، خىزمەتلىرىمىزنى ئوڭۇشلۇق قىلسۇن، ئۆز رازىلىقى ئۈچۈن، جامالى ئۈچۈن خالىس قىلىپ قوبۇل قىلسۇن. ئامىن!

پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا، بولۇپمۇ، زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ئاجىز، بىچارە مۇسۇلمانلارغا ئاللاھ ئۆزى ئىگە بولۇپ رەھىم قىلسۇن، بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھ، خاتالىق، مەئسىيەتلىرىنى كەچۈرۈپ، ئەپۇ قىلىپ، ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەتمەنلىك ئاتا قىلىپ، ياردەم بەرسۇن، قەلبىنى ھىدايەت قىلىپ، ئىسلاھ قىلىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەقۋا مۆئمىنلەردىن قىلسۇن. ئامىن!





## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرى، ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقى

**﴿مَنْ يُطِعِ الرسُولَ فَقَدْ أَطَاعَ اللّهَ وَمَن تَوَلى فَمَا أَرْسَلْنَاكَ عَلَيْهِمْ حَفِيظًا﴾**

﴿كىمكى پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇ اللهغا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ (چۈنكى پەيغەمبەر اللهنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزىدۇ). كىمكى (ئى مۇھەممەد!) سەندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، (بىلگىنكى) بىز سېنى ئۇلارغا كۆزەتكۈچى (يەنى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى كۆزىتىپ، ئەمەللىرىگە قاراپ ھېساب ئالغۇچى) قىلىپ ئەۋەتمىدۇق.﴾ سۈرە نىسائ 80 ـ ئايەت

**﴿تِلْكَ حُدُودُ اللّهِ وَمَن يُطِعِ اللّهَ وَرَسُولَهُ يُدْخِلْهُ جَنَاتٍ تَجْرِي مِن تَحْتِهَا الأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا وَذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾**

﴿ئەنە شۇلار (يەنى اللهنىڭ بەندىلىرىنىڭ ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن يۇقىرىدىكى ئەھكاملار) اللهنىڭ قانۇنلىرىدۇر، كىمكى اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، الله ئۇنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ ئۇ يەرلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. بۇ چوڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتۇر.﴾ سۈرە نىسائ 13 ـ ئايەت

**﴿وَمَن يُطِعِ اللّهَ وَالرسُولَ فَأُوْلَئِكَ مَعَ الذِينَ أَنْعَمَ اللّهُ عَلَيْهِم منَ النبِيينَ وَالصديقِينَ وَالشهَدَاء وَالصالِحِينَ وَحَسُنَ أُولَئِكَ رَفِيقًا﴾**

﴿كىملەركى اللهغا ۋە پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇلار (ئاخىرەتتە) اللهنىڭ نېمىتىگە ئېرىشكەن پەيغەمبەرلەر، سىددىقلار (يەنى يۇقىرى دەرىجىلىك پەيغەمبەرلەر ۋە شېھىتلار)، شېھىتلار ۋە ياخشىلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئۇلار نېمىدېگەن ياخشى ھەمراھلار.﴾ سۈرە نىسائ 69 ـ ئايەت

**﴿وَمَن يُطِعِ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَيَخْشَ اللَّهَ وَيَتقْهِ فَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَائِزُونَ﴾**

﴿اللهغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلغان اللهدىن قورققان ۋە ئۇنىڭغا تەقۋادارلىق قىلغان كىشىلەر بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر﴾. سۈرە نۇر 52 ـ ئايەت

**﴿فَبِمَا رَحْمَةٍ منَ اللّهِ لِنتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لاَنفَضواْ مِنْ حَوْلِكَ فَاعْفُ عَنْهُمْ وَاسْتَغْفِرْ لَهُمْ وَشَاوِرْهُمْ فِي الأَمْرِ فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكلْ عَلَى اللّهِ إِن اللّهَ يُحِب الْمُتَوَكلِينَ﴾**

﴿اللەنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغفىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن؛ (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، اللەغا تەۋەككۇل قىلغىن. اللە ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.﴾ سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايە

**﴿ادْعُ إِلِى سَبِيلِ رَبكَ بِالْحِكْمَةِ وَالْمَوْعِظَةِ الْحَسَنَةِ وَجَادِلْهُم بِالتِي هِيَ أَحْسَنُ إِن رَبكَ هُوَ أَعْلَمُ بِمَن ضَل عَن سَبِيلِهِ وَهُوَ أَعْلَمُ بِالْمُهْتَدِينَ﴾**

﴿پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن، پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ، ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.﴾ سۈرە نەھلە 125 ـ ئايەت

**﴿وَإِنكَ لَعَلى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾**

﴿(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاققا ئىگىسەن﴾ سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت

**﴿ما أَفَاء اللهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْ أَهْلِ الْقُرَى فَلِلهِ وَلِلرسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السبِيلِ كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْأَغْنِيَاء مِنكُمْ وَمَا آتَاكُمُ الرسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا وَاتقُوا اللهَ إِن اللهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾**

﴿اللە پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئىچىڭلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللەغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر





چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللەدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللەنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.﴾ سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت

**﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لمَن كَانَ يَرْجُو اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيرًا﴾**

﴿سىلەرگە ــ اللەنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللەنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللا ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾ سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت

## 1.كان أبيض كأنما صيغ من فضة رجل الشعر (ت في الشمائل) عن أبي هريرة

1. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى ئاق ئىدى، خۇددى كۈمۈشتىن قۇيۇپ قۇيغاندەك نۇرلۇق، ئاق ئىدى، چېچى تاراغلىق ئىدى. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

## 2.كان أبيض مشربا بحمرة ضخم الهامة (أغر أبلج أهدب الأشفار) (البيهقي) عن علي

2. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى قىزىل رەڭ بىلەن رەڭ بېرىلگەندەك ئاق ئىدى، يەنى ئاقىراق، بۇغداي ئۆڭلۈك، مەڭزى قىزىلراق ئىدى، باش سۆڭىكى چوڭ ئىدى، يۈزى نۇرلۇق، ئاق، خۇددى سۈبھىدەك نۇرلۇق ئىدى، قويۇق كىرپىكلىك ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

## 3.كان أبيض مشربا بياضه بحمرة و كان أسود الحدقة أهدب الأشفار (البيهقي في الدلائل) عن علي

3. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى قىزىللىق بىلەن رەڭ بېرىلگەن، قىزىل رەڭ ئۆچۈرۈلگەن، ئاق، يەنى ئاقىراق، بۇغداي ئۆڭلۈك ئىدى، كۆز قارىچۇقى قارا ئىدى، ناھايىتى كىرپىكلىك ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 4. (صحيح) كان أبيض مليحا مقصدا (م ت في الشمائل) عن أبي الطفيل

4. ئەبۇتتۇپەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نۇرلۇق ئاق ئىدى، جىسمى ئوتتۇرىھال ئىدى. مۇسلىم 4316 ــ ھەدىس،

ئەبۇ داۋۇد، ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھەھ.

**5 (حسن) كان أحب الألوان إليه الخضرة (طس ابن السني أبو نعيم في الطب) عن أنس**

5. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە رەڭلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، يېشىل، كۆك رەڭ ئىدى. تەبرانى، ئىبنى سەنا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، ھەسەن.

**6 (صحيح) كان أحب الثياب إليه الحبرة (ق د ن) عن أنس**

6. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىيىملەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقى، پاختا بىلەن زىننەتلەنگەن، پاختىدا تىكىلگەن كىيىم ئىدى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھەھ.

**7. (صحيح) كان أحب الثياب إليه القميص (د ت ك) عن أم سلمة**

7. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىيىملەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، پاختا كۆڭلەك ئىدى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھەھ.

**8 (صحيح) كان أحب الدين إليه ما داوم عليه صاحبه (خ ه) عن عائشة**

8. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دىننىڭ يەنى ئەمەلنىڭ سۆيۈملۈكرەكى، شۇ ئەمەلنىڭ ئىگىسى داۋام قىلغىنىدۇر. بۇخارى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھەھ، ئەمەلنىڭ ياخشىسى گەرچە ئاز بولسىمۇ، دائىم بولغىنى دېگەن ھەدىس بار.

**9 (صحيح) كان أحب الشراب إليه الحلو البارد (حم ت ك) عن عائشة**

9. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە شاراپ، ئىچىملىكنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، سوغۇق، مۇزلۇق، تاتلىق ئىدى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھەھ.

**10 (صحيح) كان أحب الشهور إليه أن يصومه شعبان ثم يصله برمضان (د) عن عائشة**





10. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە روزا تۇتۇشتا ئايلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، شەئبان ئېيى ئىدى، ئاندىن بۇ ئاينى روزا تۇتۇش بىلەن رامىزانغا ئۇلايتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھەھ.

**11.كان أحب العرق إليه ذراع الشاة (حم د ابن السني و أبو نعيم) عن ابن مسعود**

11. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە غاجىلايدىغان سۆڭەكنىڭ سۆيۈملۈكرەكى، قوينىڭ ئالدى قولى ئىدى، (گۆشمۇ شۇنداق). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى سەنا، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھەھ.

**12.كان أحب العمل إليه ما دووم عليه و إن قل (ت ن) عن عائشة وأم سلمة**

12. ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەمەلنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكرەكى، گەرچە ئاز بولسىمۇ، داۋام قىلغىنىدۇر. تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھەھ.

**13.كان أحب ما استتر به لحاجته هدف أو حائش نخل (حم م د ه) عن عبدالله بن جعفر**

13. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھاجىتى ئۈچۈن پەردىلىنىدىغان نەرسىنىڭ سۆيۈملۈكرەكى، بىنادىن ئىبارەت ئېگىز جايلار، ياكى خورما بوستانلىقى ئىدى، (شۇنىڭ ئارقىسىغا ئۆتەتتى). ئىبنى ماجە 344 ـ ھەدىس، مۇسلىم 517 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، سەھەھ.

**14. (صحيح) كان أحسن الناس خلقا (م د) عن أنس**

14. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەلرەكى، ياخشىراقى ئىدى. مۇسلىم 1654 ـ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھەھ.

**15. (حسن) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4319(كان أحسن الناس (صفة و أجملها كان ربعة إلى الطول ما هو بعيد ما بين المنكبين**

**أسيل الخدين شديد سواد الشعر أكحل العينين أهدب الأشفار إذا وطئ بقدمه وطئ بكلها ليس له أخمص إذا وضع رداءه عن منكبيه فكأنه سبيكة فضة (و إذا ضحك يتلألأ) (البيهقي) عن أبي هريرة**

15. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ سۈپەت جەھەتتىن ئەڭ گۈزەلرەكى ئىدى، ئەخلاقى ياخشىراقى ئىدى، ئوتتۇرىھال ئىدى، ئىككى مۈرىسىنىڭ ئارىلىقى بەك كەڭ ئەمەس ئىدى، گەۋدىلىك نورمال ئىدى، ئىككى مەڭزى كەڭ، ئۇزۇن ئىدى، يەنى گۈزەل دىمەكچى، چېچى قاتتىق قارا ئىدى، پۈتى بىلەن دەسسەپ ماڭسا، پۈتۈنلەي دەسسەپ ماڭاتتى، پۈتىنىڭ ئالقىنى چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، رىدايىنى قويسا، مۈرىسى خۇددى كۈمۈشنىڭ تاللانغان سۈزۈكىدەك نۇرلۇق، ئاپئاق ئىدى، كۈلسە نۇرلىنىپ كېتەتتى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

**16. (صحيح) كان أحسن الناس و أجود الناس و أشجع الناس (ق ت ه) عن أنس**

16. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ئەڭ گۈزەلرەكى، ياخشىراقى، سېخىيراقى، باتۇرراقى ئىدى. بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ سۈپەتلەر يېتەرلىكتۇر.

**كان أحسن الناس وجها و أحسنهم خلقا ليس بالطويل البائن و لا بالقصير (ق) عن البراء**

17. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ يۈزى ئەڭ گۈزەلرەكى، ئەخلاقى ياخشىراقى ئىدى، بەكمۇ ئۇزۇن ئەمەس، يەنى ئېگىز ئەمەس، بەكمۇ قىسقا، پاكار ئەمەس، ئوتتۇرىھال ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**18 (صحيح) كان أخف الناس صلاة على الناس و أطول الناس صلاة لنفسه (حم ع) عن أبي واقد**

18. ئەبۇ ۋاقىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىشتە، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يەڭگىلرەكى ئىدى، ئۆزى ئۈچۈن يالغۇز ناماز ئوقۇشتا بولسا، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ناماز





ئوقۇيدىغىنى ئىدى. ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

**19 (صحيح) كان أخف الناس صلاة في تمام (م ت ن) عن أنس**

19. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ ناماز ئوقۇشتا ئەڭ يەڭگىل تامام قىلىدىغىنى ئىدى، لېكىن، كامىل، تولۇق ئوقۇيتتى. مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**20. (صحيح) كان إذا أتى باب قوم لم يستقبل الباب من تلقاء وجهه و لكن من ركنه الأيمن أو الأيسر و يقول: السلام عليكم السلام عليكم (حم د) عن عبدالله بن بسر**

20. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ قالسا، ئىشىككە يۈزى بىلەن ئالدىنى قىلمايتتى، لېكىن، ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ياكى سول تەرىپىگە ئالدىنى قىلىپ تۇرۇپ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!!! دەيتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، توپلىغان، سەھىھ.

**21. (صحيح) كان إذا أتى مريضا أو أتي به قال: أذهب الباس رب الناس اشف و أنت الشافي لا شفاء إلا شفاؤك شفاء لا يغادر سقما (ق ه) عن عائشة**

21. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كېسەلگە كېلىپ قالسا، ياكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كېسەل كىشى كەلتۈرۈلسە، مۇنداق دەيتتى: «ئى كىشىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، بۇ كېسەلنى غەم – قايغۇسىنى ئۆزلىرى يوق قىلسىلا، ئۆزلىرى شىپالىق ئاتا قىلسىلا، سىلى شىپالىق ئاتا قىلغۇچى شافىي، كېسەللەرنى قالدۇرماي ساقايتىۋېتىدىغان سىلىنىڭ شىپالىرىدىن باشقا شىپا يوق، پەقەت سىلىنىڭ شىپالىقلىرى باردۇر. بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**22. (صحيح) كان إذا أتاه الأمر يسره قال: الحمد لله الذي بنعمته تتم الصالحات و إذا أتاه الأمر يكرهه قال: الحمد لله على كل حال(ابن السني في عمل اليوم والليلة ك) عن عائشة**

22. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇشال، خۇرسەن قىلىدىغان ئىش كېلىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى:

ئۆزىنىڭ نىئمىتى بىلەن بارچە ياخشىلىقلار تامام كامىل بولىدىغان، ئاللاھقا شۈكرى، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، ئەگەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى خاپا قىلىدىغان، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياقتۇرمايدىغان ئىشلار كېلىپ قالسا، بارلىق ھەمدۇسانا ھەرقانداق ھالەتتە ئاللاھقا خاستۇر دەيتتى. «ئەلھەمدۇلىللاھى ئەلا كۇللىھال» دەيتتى. ھاكىم بىلەن ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ. بۇ بىزنىڭ خۇشاللىق ۋە خاپىلىق كۈنلەردە دەيدىغان سۆزىمىز.

**23 (صحيح) كان إذا أتاه الرجل و له اسم لا يحبه حوله (ابن مندة) عن عتبة بن عبد**

23. ئۇتبەت ئىبنى ئابدۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى كۆرمەيدىغان ئىسمى بار كىشى كېلىپ قالسا، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى باشقا گۈزەل ياخشى ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋەتەتتى. ئىبنى مۇندىھ توپلىغان، سەھىھ.

**كان إذا أتاه الفيء قسمه في يومه فأعطى الآهل حظين و أعطى العزب حظا (د ك) عن عوف بن مالك**

24. ئەۋف ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەسكەرلەر ئات چاپتۇرمىغان يەنى ئۇرۇش قىلماي قولغا ئالغان ئولجا، بەيئى مال كېلىپ قالسا، ئۇنى شۇ كۈنىلا تەقسىم قىلىپ بېرەتتى، ئەھلى، خوتۇن باللىرى بار كىشىگە ئىككى نىسىۋە، تۇل كىشىگە بىر كىشىلىك نىسىۋە بېرەتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئۇرۇش بىلەن قورال كۈچى ئىشلىتىپ ئالغان ئولجا، غەنىيمەتنىڭ بەشتەن بىرىنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىغا، يېتىم، مىسكىنگە بېرىۋېتىپ، قالغان تۆت ھەسسىسىنى ئەسكەرلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ.

**كان إذا أتاه قوم بصدقتهم قال: اللهم صل على آل فلان (حم ق د ن ه) عن ابن أبي أوفى**

25. ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر قەۋم بەيتۇلمال ئۈچۈن سەدىقە، ئۆشرە – زاكاتلىرىنى ئېلىپ كەلسە، مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، پالانى قەۋمنىڭ پالانىنىڭ



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى

ئائىلىسىگە رەھمەت قىلسىلا، ئۇلارنى مەغپىرەت قىلسىلا». ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**26 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4323(كان إذا أتي بباكورة الثمرة وضعها على عينيه ثم على شفتيه (و قال: اللهم كما أريتنا أوله فأرنا آخره ثم يعطيه من يكون عنده من الصبيان) (ابن السني) عن أبي هريرة (طب) عن ابن عباس (الحكيم) عن أنس**

26. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئىبنى ئاببا س، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە مېۋىنىڭ تۇنجى بولۇپ پىشقىنى كەلتۈرۈلسە، ئۇ مېۋىنى ئىككى كۆزىگە ئاندىن ئىككى لېۋىگە قويۇپ، سۈرتۈپ، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، بۇنىڭ ئەۋۋىلىنى بىزگە كۆرسەتكەندەك، ئاخىرىنىمۇ بىزگە كۆرسەتكىن، يەنى بىزنى ساق – سالامەت، خاتىرجەم قىلغىن دەپ ئاندىن ئۇ مېۋىنى يېنىدىكى سەبى باللارغا بېرەتتى. ئىبنى سەنا، تەبرانى، ھەكىيم توپلىغان، سەھىھ.

**27 (صحيح) كان إذا أتي بطعام سأل عنه أهدية أم صدقة ؟ فإن قيل: صدقة قال لأصحابه: كلوا و لم يأكل و إن قيل: هدية ضرب بيده فأكل معهم (ق ن) عن أبي هريرة**

27. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تائام كەلتۈرۈلسە، بۇ ھەدىيمۇ؟ ياكى سەدىقە، زاكاتمۇ؟ دەپ سورايتتى، ئەگەر بۇ تائام ئۆشرە – زاكات دېيىلسە، پېقىر، نامرات ساھابىلىرىغا سىلەر يەڭلار دەپ ئۆزى يېمەيتتى، ئەگەر بۇ تائام ھەدىي دېيىلسە، بالدۇر قول سېلىپ، ئۇلار بىلەن بىرگە يەيتتى. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ھازىرقىلار قەتئىي سورىمايلا يەيدۇ، شۇنى بىلىڭلاركى، بايغا ئۆشرە – زاكات ھالال ئەمەس، سوراۋراق يەڭلار، ئاش، نان كەلسە ئىمان قاچمىسۇن.

**كان إذا أخذ أهله الوعك أمر بالحساء فصنع ثم أمرهم فحسوا و كان يقول: إنه ليرتو فؤاد الحزين و يسرو عن فؤاد السقيم كما تسرو إحداكن الوسخ بالماء عن وجهها (ت ه ك) عن عائشة**

28. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھلىگە قىزىتما كېسەل يەتسە، سۇ، سۈت، ياغ، ھەسەل بىلەن

قىلىنىدىغان تائام ھالۋىغا بۇيرۇيتتى، بۇ تائام پىشۇرۇلغاندا، ئاندىن ئۇنىڭدىن ئىچىشكە بۇيرۇيتتى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇ ھالۋا، كېسەل بىلەن غەم قىلغۇچى كىشىنىڭ قەلبىنى كۈچلەندۈرىدۇ، راھەتلەندۈرىدۇ، خۇددى بىرىڭلار يۈزىدىن كىر، توزىنى تازىلاپ سۇ بىلەن يوق قىلغاندەك، كېسەلنىڭ قەلبىدىن كېسەللىك ئەلەملىرىنى زاۋال تاپقۇزۇپ، يوق قىلىۋېتىدۇ. تىرمىزى 1962 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3437 ـ ھەدىس، ئەھمەد 24857 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 29 (صحيح) كان إذا أخذ مضجعه جعل يده اليمنى تحت خده الأيمن (طب) عن حفصة

29. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياتىقىنى تۇتقاندا، يەنى ياتقاندا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ياتاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا أخذ مضجعه قرأ (قل يا أيها الكافرون حتى يختمها) (طب) عن عبادة بن أخضر

30. ئۇبادەت ئىبنى ئەخزەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياتىقىنى ئېلىپ ياتقاندا بولسا، «قۇل يا ئەييۇھەلكافىرۇن»نى يەنى سۇرە كافىرۇننى تۈگىگىچە ئوقۇۋېتىپ ياتاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا يېتىش ئالدىدا ئۈچ قېتىم ئوقۇشقا بۇيرىغان سەھىھ ھەدىس ئۆتتى.

## 31 (صحيح) كان إذا أخذ مضجعه من الليل قال: بسم الله وضعت جنبي اللهم اغفر لي ذنبي و اخسأ شيطاني و فك رهاني و ثقل ميزاني و اجعلني في الندي الأعلى (د ك) عن أبي الأزهر

31. ئەبۇلئەزھەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن ياتاققا كىرگەندە، يېتىش ئالدىدا مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلاپ يېنىمنى قويىمەن، ئى ئاللاھ، مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، مەن ئۈچۈن ماڭا مەسئۇل شەيتاننى خار قىلسىلا، مېنىڭ گۆرۈگە، رەنگە قويۇلۇشۇمنى ئازاد قىلسىلا، مىيزانىمنى ئېغىر قىلسىلا، مېنى پەرىشتىلەردىن پەيغەمبەرلەردىن بولغان ئەڭ ئۈستۈن مەرتىبىلىك جامائەتلەر ئىچىدە قىلسىلا». ئەبۇ داۋۇد 4395 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان،





سەھىھ.

## كان إذا أخذ مضجعه من الليل وضع يده تحت خده ثم يقول: باسمك اللهم أحيا و باسمك أموت و إذا استيقظ قال: الحمد لله الذي أحيانا بعد ما أماتنا و إليه النشور (حم م ن) عن البراء (حم خ 4) عن حذيفة (حم ق) عن أبي ذر

32. بەررائى، ھۇزەيفە، ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ياتىقىنى تۇتقاندا، قولىنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا قوياتتى، يېتىش ئالدىدا مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ، مەن سىلىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن باشلاپ ياتتىم، سىلىنىڭ ئىسمىلىرى بىلەن باشلاپ تىرىلىمەن ۋە ئۆلىمەن، ئۇخلايمەن ۋە ئويغىنىمەن» ئويغانغاندا بولسا، بارلىق ھەمدۇسانالار بىزنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن تىرىلدۈرگەن، ئۇخلاتقاندىن كېيىن ئويغاتقان ئاللاھقا خاستۇر، تىرىلىپ قوپۇش ئاللاھنىڭ دەرگاھىغىدۇر» دەيتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، نەسەئى، بۇخارى، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا أراد الحاجة أبعد (ه) عن بلال بن الحارث (حم ن ه) عن عبدالرحمن بن أبي قراد

33. بىلال ئىبنى ھارىس، ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتنى يەنى تەرەت قىلىشنى مەخسەت قىلسا، كىشى كۆرمىگىدەك يىراققا باراتتى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا أراد الحاجة لم يرفع ثوبه حتى يدنو من الأرض (د ت) عن أنس وعن ابن عمر (طس) عن جابر

34. ئەنەس ئىبنى ئۆمەر، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەت قىلىشنى ئىرادە قىلسا، كىيىمىنى ئۈستۈن كۆتۈرۈۋالمايتتى، ھەتتا كىيمى يەرگە تېگىپ يېقىن تۇراتتى، يەنى ئەۋرەتنى يېپىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا أراد أن يباشر امرأة من نسائه و هي حائض أمرها أن تأتزر ثم يباشرها (خ د) عن ميمونة

35. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايالлиرىدىن ھەيزدار ئايالлار كىيسىلى بولۇپ قالغان ئايالى بىلەن بىللە قۇچاقلىشىپ يېتىشنى مەخسەت قىلسا، ئۇ ئايالنى ئىشتان كىيىۋېلىشقا بۇيرۇيتتى، ئاندىن بىللە ياتاتتى، ئىشتان ئۈستىدىن قۇچاقلايتتى. بۇخارى بىلەن ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 36 (صحيح) كان إذا أراد أن يحرم تطيب بأطيب ما يجد (م) عن عائشة

36. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەج ئۈچۈن ئېھرام باغلاشنى ئىرادە قىلسا، تاپالىغان خۇشپۇراق نەرسىنىڭ ئەڭ خۇشپۇراق ئەتىرلىرىنى ئىشلىتەتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، زەئىپراندەك رەڭلىك خۇشپۇراقدىن خەلۇق دېگەن سېرىق رەڭلىك ئەتىردىن توسقان.

## كان إذا أراد أن يدعو على أحد أو يدعو لأحد قنت بعد الركوع (خ) عن أبي هريرة

37. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنىڭ زىيىنىغا، قارشىسىغا ياكى مەنپەئەتى ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ئىرادە قىلسا، رۇكۇدىن كېيىن، دۇئايى قۇنۇت ئوقۇيتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. يەنى رۇكۇدىن كېيىن دۇئا قىلاتتى.

## 38 (صحيح) كان إذا أراد أن يرقد وضع يده اليمنى تحت خده ثم يقول: اللهم قني عذابك يوم تبعث عبادك - ثلاث مرات - (د) عن حفصة

38. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلاشنى مەخسەت قىلسا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ، مېنى، بارلىق بەندىلەرنى تىرىلدۈرۈپ قوپۇرىدىغان قىيامەت كۈنىدىكى ئازابلىرىدىن ساقلىسىلا»، بۇنى ئۈچ قېتىم دەيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا أراد أن يستودع الجيش قال: استودع الله ديـنكم و أمـانتكم و خواتـيم أعمالكم (د ك) عن عبدالله بن يزيد

39. ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇن بىلەن خوشلۇشۇشنى ئىرادە قىلسا، مۇنداق دەيتتى:





«مەن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى، ئامانىتىڭلارنى، ئەمەللىرىڭلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ياخشىسىنى ئاللاھقا ئامانەت قويدۇم، ئاللاھقا تاپشۇردۇم». ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، خوشلاشقاندا شۇنداق دېيىشكە دەلىلدۇر، يەنى ئاللاھقا ئامانەت.

## 40 (صحيح) كان إذا أراد أن يعتكف صلى الفجر ثم دخل معتكفـه (د ت) عـن عائشة

40. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېتىكاپ قىلىشنى ئىرادە قىلىپ قالسا، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ، ئاندىن ئېتىكاپ قىلىدىغان جايغا كىرىپ كېتەتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 41 (صحيح) كان إذا أراد أن ينام و هو جنب توضأ وضوءه للصلاة و إذا أراد أن يأكل أو يشرب و هو جنب غسل يديه ثم يأكل و يشرب (د ن ه) عن عائشة

41. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ ھالەتتە ئۇخلاشنى ئىرادە قىلسا، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالاتتى، جۇنۇپ ھالەتتە يەپ ـ ئىچىشنى ئىرادە قىلسا، ئىككى قولىنى يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن يەپ ـ ئىچەتتى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا أراد أن ينام و هو جنب غسل فرجه و توضأ للصلاة (ق د ن ه) عن عائشة

42. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۇنۇپ ھالەتتە ئۇخلاشنى مەخسەت قىلسا، ئەۋرىتىنى يۇيۇۋېتىپ، نامازغا ئالغاندەك كىچىك تاھارەت ئالاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا أراد سفرا أقرع بين نسائه فأيتهن خرج سهمها خرج بها معه (ق د ه) عـن عائشة

43. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىشنى ئىرادە قىلسا، ئاياللىرى ئارىسىغا چەك تاشلايتتى، سەپەرگە چىقىش چېكى قايسى ئايالغا چىقىپ قالسا، شۇ ئايالنى سەپەرگە ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ چىقاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 44 (صحيح) كان إذا أراد غزوة ورى بغيرها (د ن) عن كعب بن مالك

**44.** كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر غازاتنى بىرەر جايغا ئۇرۇشقا چىقىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ جايدىن باشقا جايغا چىقىمىز دەپ يوشۇراتتى، ئۇرۇش نىشانىنى مەخپى تۇتاتتى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، غەرىبدىن شەپە بېرىپ، شەرىققە ھۇجۇم، ئۇيۇقتىن شەپە بېرىپ بۇياققا ھۇجۇم قىلاتتى.

### كان إذا أراد من الحائض شيئا ألقى على فرجها ثوبا (د) عن بعض أمهات المؤمنين

**45.** مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى بولغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ بەزىسىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەيزدار ئاياللىدىن بىرەر نەرسىنى ئىرادە قىلسا، ئۇ ئاياللىنىڭ ئەۋرىتىگە كىيىمنى تاشلايتتى، يەنى ئىشتان كىيدۈرۈپ قويۇپ بىللە ياتاتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

چۈنكى، ھەيزدار ئايال بىلەن جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش دۇرۇس ئەمەس.

### كان إذا استجد ثوبا سماه باسمه قميصا أو عمامة أو رداء ثم يقول: اللهم لك الحمد أنت كسوتنيه أسألك من خيره و خير ما صنع له و أعوذ بك من شره و شر ما صنع له (حم د ت ك) عن أبي سعيد

**46.** ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر يېڭى كىيىم كىيسە، ئۇ كىيىمنى كۆڭلەك يا سەللە يا رىدا،تۇن دېگەن ئىسىملىرى بىلەن ئاتايتتى، ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، بارلىق ھەمدۇ سىلىگە خاس، ماڭا سىلى كىيىم بەردىلە، مەن سىلىدىن بۇ كىيىمنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە بۇ كىيىم ئۈچۈن قىلىنغان نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ بۇ كىيىمنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن قىلىنغان يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمە». ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ دۇئا، بۇ زىكرى مانا بۇ ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋەت، ئاللاھنى ئەسلەش.

### كان إذا استراث الخبر تمثل ببيت طرفة: و يأتيك بالأخبار من لم تزود (حم) عن عائشة





**47.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەرنىڭ راستلىقىنى تەكشۈرمەكچى بولسا، مۇنۇ بېيىتنىڭ بىر تەرىپىنى شۇ خەۋەر توغرىسىدا دىكلىماتسىيە قىلىپ ئوقۇيتتى، ساڭا خەۋەرنى، ئوزۇقنى ئۇبدان راستلىمىغان كىشى ئېلىپ كېلىدۇ، يەنى ئالدىراپ، تېزلا. ئەھمەد **23981** — ھەدىس، ھەسەن.

### كان إذا استسقى قال: اللهم اسق عبادك و بائمك و انشر رحمتك و أحيي بلدك الميت (د) عن ابن عمرو

**48.** ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇ تەلەپ قىلسا، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، بەندىلىرىنى سۇغارسىلا ۋە ھايۋانلىرىنى سۇغارسىلا، رەھمەتلىرىنى كەڭ تارقاتسىلا، ئۆلۈك، قۇرغاق شەھەرلىرىنى تىرىلدۈرسىلە». ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. سۇ تەلەپ قىلىپ چىققان ئىمام مۇشۇنىڭدەك سەھىھ ھەدىستىكى دۇئالارنى قىلسۇن.

### 49 (صحيح) كان إذا استفتح الصلاة قال: سبحانك اللهم و بحمدك و تبارك اسمك و تعالى جدك و لا إله غيرك (د ت ه ك) عن عائشة (ق ه ك) عن أبي سعيد (طب) عن ابن مسعود وعن واثلة

**49.** ئائىشە، ئەبۇ سەئىد، ئىبنى مەسئۇد، ۋاسىلەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى باشلاپ تەھرىم باغلىسا، مۇنداق دەيتتى: «**سۇبھانەكە ئاللاھۇممە ۋەبىھەمدىكە، ۋەتەبارە كەاسمۇكە، ۋەتەئەلا جەددۇكە ۋەلائىلاھە غەيرۇك**»، تەرجىمىسى: «ئى ئاللاھ، سىلى پاك، مەن سىلىگە ھەمدۇ ئېيتىمەن، سىلىنىڭ ئىسىملىرى بەرىكەتلىك، بۈيۈكتۇر، كاتتا ئۇلۇغلۇقلىرى يۈكسەكتۇر، ئۈستۈندۇر، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر». ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان. سەھىھ.

### كان إذا استن أعطى السواك الأكبر و إذا شرب أعطى الذي عن يمينه(الحكيم) عن عبدالله بن كعب

**50.** ئابدۇللاھ ئىبنى كەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىسۋاك سالسا، سىلىپ بولۇپ، مىسۋاكنى يېشى چوڭراق كىشىگە بېرەتتى، ئىچىملىك ئىچسە ئېچىپ بولۇپ، ئوڭ تەرىپىدىكى كىشىگە بېرەتتى. ھەكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 51 (صحيح) كان إذا اشتد البرد بكر بالصلاة و إذا اشتد الحر أبرد بالصلاة (خ ن) عن أنس

**51**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوغۇق كۈچىيىپ كەتسە، نامازنى بۇرۇنراق ئالدىراپ ئوقۇيتتى، يەنى بالدۇر ئوقۇيتتى، هارارەت قىززىقلىق كۈچىيىپ كەتسە، نامازنى سوۋۇتۇپ يەنى پېشىننى، ھاۋانى سوۋۇتۇپ ئوقۇيتتى. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### 52 (حسن) كان إذا اشتدت الريح قال: اللهم لقحا لا عقيما (حب ك) عن سلمة بن الأكوع

**52**. سەلمەت ئىبنى ئەكۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامال قاتتىق كۈچلۈك چىققاندا، مۇنداق دەيتتى: «ئى ئاللاھ، بۇ شامالنى چاڭلاشتۇرغۇچى قىلىپ بەرسىلە، ئازابلىق، مەنپەئەتسىز قىلمىسىلا» ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

### 53 (حسن) كان إذا اشتكى أحد رأسه قال: اذهب فاحتجم و إذا اشتكى رجله قال: اذهب فاخضبها بالحناء (طب) عن سلمى امرأة أبي رافع

**53**. ئەبۇ راپىئنىڭ ئايالى سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشى باش ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلسا، بارغىن، قان ئالدۇرغىن دەيتتى، پۇت ئاغرىقىدىن شىكايەت قىلسا، بارغىن، ئۇنى خىنە بىلەن بويىغىن دەيتتى، (خېنىمۇ شىپادۇر). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

### 54 (صحيح) كان إذا اشتكى رقاه جبريل قال: بسم الله يبريك من داء يشفيك و من شر حاسد إذا حسد و شر كل ذي عين (م) عن عائشة

**54**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ قالسا، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ ئايىتى شىپا ئوقۇپ داۋالايتتى: «ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ سېنى كېسەلدىن ساقايتىۋەتسۇن، ساڭا ھەسەد قىلغۇچىنىڭ ھەسەد قىلغان چاغدىكى يامانلىقىدىن، ھەرقانداق كۆزى يامانىنىڭ كۆزىنىڭ يامانلىقىدىن سىنى ساقلاپ، ساڭا شىپالىق ئاتا قىلسۇن» مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.





### 55 (صحيح) كان إذا اشتكى نفث على نفسه بالمعوذات و مسح عنه بيده (ق د ه) عن عائشة

**55**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەل بولۇپ، ئاغرىپ قالسا، سۈرە فەلەق، سۈرە ناسنى مۇئەۋۋىزاتلارنى ئوقۇپ، ئۆزىگە سۈف دەيتتى، كېسەل جايىنى قولى بىلەن سىلايتتى، (يەنە بىر خاتىرىدە ئائىشەمۇ سىلاپ قويۇپتتى). بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### كان إذا أصبح و إذا أمسى قال: أصبحنا على فطرة الإسلام و كلمة الإخلاص و دين نبينا محمد و ملة أبينا إبراهيم حنيفا مسلما و ما كان من المشركين (حم طب) عن عبدالرحمن بن أبي أبزى

**56**. ئابدۇررەھمان ئىبنى ئەبۇ ئەبزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاڭ ئاتقۇزسا، كەچ قىلسا، مۇنداق دەيتتى: ئىسلام دىنى ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق، ئىخلاس كەلىمىسى ئۈستىدە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دىنى ئۈستىدە تاڭ ئاتقۇزدۇق ۋە كەچ قىلدۇق، ئىبراھىم ھەققە مايىل مۇسۇلمان ئىدى، ئۇ ھەرگىز مۇشرىكلەردىن ئەمەس ئىدى دەپ ئۆگىتەتتى. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### كان إذا اطلع على أحد من أهل بيته كذب كذبة لم يزل معرضا عنه حتى يحدث توبة (حم ك) عن عائشة

**57**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى بەيتىدىن بىرەر كىشىنىڭ بىرەر يالغان سۆزىنى قىلغانلىقىنى بىلىپ قالسا، ئۇ كىشى تۆۋبە قىلمىغۇچە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋالاتتى، تۆۋبە قىلسا، ئاندىن سۆز قىلىپ قارايتتى. ئەھمەد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 58 (صحيح) كان إذا اعتم سدل عمامته بين كتفيه (ت) عن ابن عمر

**58**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەللە يۆگەپ قالسا، سەللىسىنىڭ پەتلىسىنى، ئۈچىنى ئىككى تاغىقى ئارىسىغا ساڭگىلىتىپ، تاشلاپ قوياتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن سەللە يۆگەش سۈننەتتۇر.

### 59 (صحيح) كان إذا أفطر عند قوم قال: أفطر عندكم الصائمون و أكل طعامكم الأبرار و تنزلت عليكم الملائكة (حم هق) عن أنس

59. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ نەزلىدە ئىپتار قىلىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى. ئالدىڭلاردا روزا تۇتقۇچىلار ئىپتار قىلدى، تائامىڭلارنى ياخشى كىشىلەر يېدى، سىلەرگە پەرىشتىلەر رەھمەت بىلەن چۈشتى. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغن، سەھىھ. ئىپتار قىلدۇرۇش لازىم.

### كان إذا أفطر قال: ذهب الظمأ و ابتلت العروق و ثبت الأجر إن شاء الله (د ك) عن ابن عمر

60. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىپتار قىلغاندا مۇنداق دەيتتى: ئۇسسۇزلۇق كەتتى، تومۇرلار يۆل بولدى، ئاللاھ خالىسا، ئەجىرلەر مۇقىم بولدى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

### كان إذا أفطر عند قوم قال: أفطر عندكم الصائمون و صلت عليكم الملائكة (طب) عن ابن الزبير

61. ئىبنى زەبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمنىڭ نەزلىدە ئىپتار قىلىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى: ئالدىڭلاردا روزىدارلار ئىپتار قىلدى، پەرىشتىلەر سىلەرگە رەھمەت يوللىدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### 62 (صحيح) كان إذا اكتحل اكتحل وترا و إذا استجمر استجمر وترا (حم) عن عقبة بن عامر

62. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرمە تارتسا، تاق تارتاتتى، ئىستىنجا قىلسا، تاق قىلاتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

### كان إذا أكل أو شرب قال: الحمد لله الذي أطعم و سقى و سوغه و جعل له مخرجا





### (د ن حب) عن أبي أيوب

63. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەپ ئىچكەندە مۇنداق دەيتتى: بىزگە تائام بەرگەن، سۇغارغان، گالدىن ئۆتۈشنى، ھەزىم بولۇشنى ئاسان قىلغان، بۇ تائام، شاراپقا چىقىش يولىنى چىقىرىش سىستېمىسىنى قىلىپ بەرگەن ئاللاھقا شۈكرى، بارلىق ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر. ئەبۇ داۋۇد 3353 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

### 64 (صحيح) كان إذا أكل طعاما لعق أصابعه الثلاث (حم م 3) عن أنس

64. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام يىسە، بارماقلىرىنى ئۈچ قېتىم يالىۋېتەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### 65 (صحيح) كان إذا أكل لم تعد أصابعه بين يديه (تخ) عن جعفر بن أبي الحكم مرسلا (أبو نعيم في المعرفة) عنه عن الحكم بن رافع بن سيار (طب) عن الحكم بن عمرو الغفاري

65. جەئپەر، ھەكىيم، ئىبنى راپىئ، ھەكىيم، ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام يىگەندە، بارماقلىرىنى ئالدىدىن باشقا جايغا تاجاۋۇز قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتمەتتى، يەنى ئالدىدىنلا يەيتتى، قولىنى يىراقق ئۇزاتمايتتى. بۇخارى تارىخدا، ئەبۇ نۇئەيىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### 66 (صحيح) كان إذا التقى الختانان اغتسل (الطحاوي) عن عائشة

66. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى خەتنە قىلىنىدىغان جاي ئۇچراشسا، يەنى ئەۋرەتى ئايالىنىڭ ئەۋرىتىگە تىگىپ، زەكەر بېشى ئايالىنىڭ ئەۋرىتى ئىچىدە غايىپ بولسا، غۇسلى تاھارەت ئېلىپ يۇيىناتتى. تەھاۋىي قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

### كان إذا أنزل عليه الوحي كرب لذلك و تربد وجهه (حم م) عن عبادة بن الصامت

67. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھى چۈشكەندە، ۋەھىينىڭ جەھتىدىن قاتتىق قىينىلاتتى، رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئاق يۈزلىرى قارىداپ كېتەتتى. مۇسلىم 4305 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**كان إذا أنزل عليه الوحي نكس رأسه و نكس أصحابه رءوسهم فإذا أقلع عنه رفـع رأسه (م) عن عبادة بن الصامت**

68. ئۇبادەت ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي نازىل بولغاندا، بېشىنى پەس قىلىپ تۇراتتى، ساھابىلىرىمۇ(ھورمەت يۈزىسىدىن) بېشىنى پەس قىلىپ تۇراتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ۋەھى كۆتۈرۈلگەندە ئاندىن بېشىنى كۆتۈرەتتى. مۇسلىم 4306 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21671 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**69 (صحيح) كان إذا انصرف انحرف (د) عن يزيد بن الأسود**

69. يەزىيد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن پارىغ بولۇپ قايتقاندا، ناماز ئوقۇغۇچىلارغا مايىل بولۇپ، ئالدىنى قىلاتتى، يەنى ئارقىغائۆرىلەتتى. ئەبۇ داۋۇد 519 ـ ھەدىس، تىرمىزى 203 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**70 (صحيح) كان إذا انصرف من صلاته استغفر ثلاثا ثم قال: اللهم أنت السلام و منك السلام تباركت يا ذا الجلال و الإكرام (حم م 4) عن ثوبان**

70. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن پارىغ بولغاندا، ئۈچ قېتىم ئىستىغفار ئېيتىپ، مەغپىرەت سوراپ ئاندىن مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋەمىنكەسسالام تەبارەكتە يازەلجالالى ۋەلئىكرام» ئى ئاللاھ، سىلى سالامەت، سىلى سالامەتلىك ئاتا قىلغۇچى، سالامەتلىك، تىنچلىق سىلى تەرەپتىن كېلىدۇ، سىلىنىڭ بەرىكەتلىرى بۈيۈكتۇر، ئى ئۇلۇغلۇقنىڭ، سېخىيلىقنىڭ ئىكرام ئىگىسى ئاللاھ!. ئەھمەد، مۇسلىم، تۆت كىتاب يەنى نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**71 (صحيح) كان إذا أوى إلى فراشه قال: الحمد لله الذي أطعمنا و سقانا و كفانا و آوانا فكم ممن لا كافي له و لا مؤوي له (حم م 3) عن أنس**





71. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆرپىسىگە يېتىش ئۈچۈن ئورۇنلاشقاندا مۇنداق دەيتتى: بارلىق ھەمدۇسانا بىزگە تائام بەرگەن، بىزنى سۇغارغان، بىزگە كۇپايە بولغان جاي بەرگەن ئاللاھقا خاستۇر، كۇپايە بولغۇچىسى يوق، ئورۇن، جاي بەرگۈچىسى يوق نۇرغۇن كىشىلەر بار. ئەھمەد، مۇسلىم ئۈچ كىتاب توپلىغان. سەھىھ.

**72 (صحيح) كان إذا بايعه الناس يلقنهم: فيما استطعت (حم) عن أنس**

72. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە كىشىلەر بەيئەت قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا قادىر بولۇشىڭچە، قادىر بولىدىغان ئىشلاردا، دەپ سۆزنى تاشلاپ ئۆگىتىپ تۇراتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

**كان إذا بعث أحدا من أصحابه في بعض أمره قال: بشروا و لا تنفروا و يسروا و لا تعسروا (د) عن أبي موسى**

73. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشىنى ئىشلىرىنىڭ بەزىسىگە ئەۋەتسە، مۇنداق دەيتتى: خۇش بىشارەت بېرىڭلار، نەپرەتلەندۈرۈپ قاچۇرۇۋەتمەڭلار، كىشىلەرنى يىرگەندۈرمەڭلار، ئاسان قىلىڭلار، قىيىن، تەس قىلماڭلار، يەنى دەۋەتتە. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**74 (صحيح) كان إذا بلغه عن الرجل شيء لم يقل: ما بال فلان يقـول ؟ و لكـن يقول: ما بال أقوام يقولون كذا و كذا (د) عن عائشة**

74. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر كىشىدىن ئۇ ياقتۇرمايدىغان بىرەر سۆز يېتىپ قالسا، پالانىنىڭ ھالى، ئىشى نېمە بولغاندۇ؟ مۇنداق دەپتۇ يا؟ دىمەيتتى، لېكىن، قەۋىملەرنىڭ ھالى نېمە بولغاندۇ؟ ئۇلار مۇنداق دەپتۇ، دەيتتى، يەنى، ئىسمىنى ئوچۇق تىلغا ئالماي قەۋىم، جامائەت لەۋزىنى ئىشلىتەتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**75 (صحيح) كان إذا تضور من الليل قال: لا إلـه إلا الله الواحـد القهـار رب السموات و الأرض و ما بينهما العزيز الغفار (ن ك) عن عائشة**

75. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئۇيىاقتىن بۇيىاقىا يۆتكىلىپ قالسا، ئويغىنىپ قالسا، مۇنداق دەيتتى: ئالاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھ بار، بىردۇر، ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ، باشقۇرغۇچىدۇر، ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىكى نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر، غالىپ، بەكمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا تكلم بكلمة أعادها ثلاثا حتى تفهم عنه و إذا أتى على قوم فسلم عليهم سلم عليهم ثلاثا (حم خ ت) عن أنس

76. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سۆزنى قىلىپ قالسا، شۇ سۆزنى چۈشەندۈرگەنگە، باشقىلار چۈشەنگەنگە قەدەر ئۈچ قېتىم قايتىلايتتى، بىرەر قەۋمگە كېلىپ قالسا، ئۇلارغا سالام قىلاتتى، ئۇلارغا ئۈچ قېتىم سالام قىلاتتى. (يەنى ئاڭلىمىسا ياكى بىرنى، ئىزنى رۇخسەت سوراشقا بىرنى كىرگەندە كۆرۈشكەندە، بىرنى بولسا خوشلاشقاندا) قىلاتتى. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 77 (صحيح) كان إذا تجد يسلم بين كل ركعتين (ابن نصر) عن أبي أيوب

77. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى تەھەججۇد نامىزى ئوقۇسا، ھەر ئىككى رەكئەتنىڭ ئارىلىقىدا سالام بېرىپ ئوقۇيتتى، يەنى ئىككى رەكئەتتىن ئوقۇيتتى. ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا توضأ أخذ كفا من ماء فأدخله تحت حنكه فخلل به لحيته و قال: هكذا أمرني ربي (د ك) عن أنس

78. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تاھارەت ئالسا، بىر ئالقان سۇنى ئېلىپ، سۇنى ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا كىرگۈزۈپ، سۇ بىلەن ساقىلىغا خىلال قىلىپ، يەنى ئارىلىقىغا سۇ كىرگۈزۈپ، مېنى رەببىم ئەنە شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇدى دېگەن. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن قويۇق ساقالغا مەسھ قىلىش، ئارىسىغا سۇ كىرگۈزۈپ خىلال قىلىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى، ئۇنى رەببىمىز بۇيرىغان.





## 79 (صحيح) كان إذا توضأ أخذ كفا من ماء فنضح به فرجه(حم د ن ه ك) عن الحكم بن سفيان

79. ھەكەم ئىبنى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالغاندا، بىر ئالقان سۇنى ئېلىپ، ئۇ سۇنى ئەۋرىتىگە يەنى ئىشتاننىڭ ئېغىغا سېپەتتى، (بۇنداق قىلىش، شۈبھى گۇماننى يوقىتىدۇ) ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 80 صحيح)كان إذا توضأ أدار الماء على مرفقيه (قط) عن جابر

80. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، سۇنى ئىككى جەينىكىدىن ئىككى جەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇراتتى. دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، تاھارەتتە ئىككى جەينەك قوشۇپ يۇيۇلۇشقا ۋە پۇتنىڭ ئىككى ھوشۇقىمۇ قوشۇپ يۇيۇلۇشقا كۈچلۈك دەلىلدۇر.

## كان إذا توضأ خلل لحيته بالماء (حم ك) عن عائشة (ت ك) عن عثمان وعن عمار بن ياسر (ك) عن بلال (ه ك) عن أنس (طب) عن أبي أمامة وأبي الدرداء وأم سلمة (طس) عن ابن عمر

81. ئائىشە، ئوسمان، ئەممار، بىلال، ئەنەس، ئەبۇ ئۇمامە، ئەبۇ دەردائى، ئۇممە سەلەمەت، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، ساقىلىغا يېڭى سۇ بىلەن خىلال قىلاتتى، يەنى سۇنى ساقىلىنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزەتتى، چۈنكى، ساقال يۈزنى توسۇۋالىدۇ. ئەھمەد، ھەكىم، تىرمىزى، ئىبى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.مۇتۋاتىر.

## 82 (صحيح) كان إذا توضأ دلك أصابع رجليه بخنصره (د ت ه) عن المستورد

82. مۇستەۋرىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرىنى چىمچىلاق بارمىقى بىلەن كوچىلاپ، تاتىلاپ يۇياتتى، بارماق ئارىسىنىمۇ يۇياتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 83 (حسن) كان إذا جاءه أمر يسر به خر ساجدا شكرا لله تعالى (د ه) عن أبي بكرة

83. ئەبۇ بۇكرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇشال، خۇرسەن قىلىدىغان ئىش يېتىپ كەلسە، ئاللاھتائالاغا شۈكرى قىلىپ، دەرھال سەجدىگە يىقىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن. بۇ سەجدە، شۈكرى سەجدىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

## 84 (صحيح) كان إذا جلس احتبى بيديه (د هق) عن أبي سعيد

84. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرسا، كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى تىزىنى تىكلەپ پۇتلىرىنى، تىزىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ئەبۇ داۋۇد 4206 ــ ھەدىس، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 85 (حسن) كان إذا حزبه أمر صلى (حم د) عن حذيفة

85. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرەر ئىش قاتتىق غەمگە سالسا، ئېغىر كەلسە، ناماز ئوقۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد 1124 ــ ھەدىس، ئەھمەد 22210 ــ ھەدىس، ھەسەن. بۇ ھەدىستىن بىز دائىم ناماز ئوقۇساق بولغىدەك، چۈنكى، بىزنىڭ غېمىمىز، غەم ــ ئەندىشىمىز دىنىمىزنىڭ مۇسىبىتى ئېغىردۇر.

## 86 (صحيح) كان إذا حلف على يمين لا يحنث حتى نزلت كفارة اليمين (ك) عـن عائشة

86. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەسەم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، قەسەمنىڭ كاپارىتى نازىل بولمىغىچە قەسەمنى بۇزمايتتى. (يەنى قەسەمنىڭ كاپارىتى چۈشكەندە، بۇزۇشقا تېگىشلىكىنى بۇزۇپ، كاپارەت بېرىۋېتىپ ياخشىسىنى قىلىۋەردى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 87 (صحيح) كان إذا حلف قال: و الذي نفس محمد بيده (ه) عن رفاعة الجهني

87. رۇپائەتۇلجۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلسا، مۇنداق دەپ قىلاتتى: «ۋەللەزى نەپسۇ مۇھەممەدىن بىيەدىھى» يەنى مۇھەممەدنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى دەيتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.





## كان إذا خاف قوما قال: اللهم إنا نجعلك في نحورهم و نعوذ بك من شرورهم (حم د ك هق) عن أبي موسى

88. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەۋمدىن ئەنسىرىسە، مۇنداق دەپ دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن بىز سېنى ئۇلارنىڭ كۆكسىگە قارشى قىلدۇق، يەنى ئۆزلىرى كۆپايە، سىلىگە سىغىنىپ، ئۇلارنىڭ يەنى دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمىز». ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇئا دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا ئوقۇلىدۇ.

## 89 (حسن) كان إذا خرج من الغائط قال: غفرانك (حم 4 حب ك) عن عائشة

89. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىدىن چىققاندا، مۇنداق دەيتتى: «غۇفرانەكە يەنى مەغپىرەتلەرنى سورايمەن» ئەھمەد، ھاكىم، ئىبنى ھەببان، تۆت كىتاب توپلىغان. ھەسەن.

## 90 (صحيح) كان إذا خرج من بيته قال: بسم الله توكلت على الله اللهم إنا نعـوذ بك من أن نزل أو نضل أو نظلم أو نظلم أو نجهل أو يجهل علينا (ت ابن السني) عـن أم سلمة

90. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيدىن چىققاندا مۇنداق دەيتتى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن بىز سىلىگە سىغىنىپ ئېزىپ قېلىشىدىن، خاتالىشىپ قېلىشىدىن، زالالەتتە قېلىشىدىن، زۇلۇم قىلىپ قېلىشىمىزدىن، زۇلۇمغا ئۇچرىشىمىزدىن، جاھىللىق، نادانلىق قىلىشىمىزدىن ياكى بىزگە جاھىللىق، نادانلىق قىلىنىشىدىن پاناھ تىلەيمىز. تىرمىزى، ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا خرج من بيته قال: بسم الله رب أعوذ بك من أن أزل أو أضل أو أظـلم أو أظلم أو أجهل أو يجهل علي (حم ت ه ك) عن أم سلمة زاد (ابن عساكر): أو أن أبغي أو يبغى علي

91. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۆيدىن چىققاندا مۇنداق دەيتتى: ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، ئى رەببىم، سىلىگە سېغىنىپ يولدىن ئېزىپ قېلىشىمدىن، خاتالىشىشىمدىن، زالالەتتە ئازغۇن بولۇشۇمدىن، زۇلۇم قىلىشىمدىن ياكى ماڭا زۇلۇم قىلىنىشىدىن، جاھىل، نادانلىق قىلىشىمدىن ياكى ماڭا نادانلىق قىلىنىشىدىن، ھەددىمدىن ئېشىپ، تاجاۋۇز قىلىشىمدىن ياكى ماڭا تاجاۋۇز قىلىنىشىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم، ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

## 92 (صحيح) كان إذا خرج يوم العيد في طريق رجع في غيره (ت ك) عن أبي هريرة

92. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھېيت كۈنى نامازغا بىر يول بىلەن چىققان بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا يول بىلەن قايتاتتى. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا، بىخەتەر بولىدۇ ھەم باشقىلارغا سالام قىلىدۇ، نەسىھەت قىلىۋالىدۇ ۋە باشقىلار.

## 93 (صحيح) كان إذا خطب احمرت عيناه و علا صوته و اشتد غضبه كأنه مـنذر جيش يقول: صبحكم و مساكم (ه حب ك) عن جابر

93. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلىسە، كۆزلىرى قىزىرىپ كېتەتتى، ئاۋازى ئۆستۈنلەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى، غەزىپى ئۆرلەپ، كۈچىيىپ كېتەتتى، خۇددى قوشۇن سىلەرگە ئەتىگەن سەھەردە ياكى كەچكىچە ھۇجۇم قىلىپ كېلىدۇ دەپ قوشۇندىن ئاگاھلاندۇرغاندەك ئاگاھلاندۇراتتى. ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. سىلەرمۇ خۇتبىدە، نۇتۇقتا ئەنە شۇنداق جانلىق، تەسىرلىك سۆزلەڭلار.

## كان إذا دخل الخلاء قال: اللهم إني أعوذ بك من الخبث و الخبائث (حم ق 4) عـن أنس

94. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرگەندە مۇنداق دەيتتى: «ئاللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇبىكە مىنەلخۇبسى ۋەلخابائىس» يەنى ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، ئەركەك ۋە چىشى شەيتانلاردىن پاناھ تىلەيمەن. ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.





## 95 (صحيح) كان إذا دخل العشر شد مئزره و أحيا ليله و أيقظ أهلـه (ق د ن ه) عن عائشة

95. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ قېلىپ قالغان ئونى كىرگەندە، ئىشتىنىنى مەھكەم چىگىپ، بۇ ئاخىرقى ئون كۈننىڭ كېچىلىرى تۈنەيتتى، ئەھلىنى ئويغۇتاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا دخل الكنيف قال: بسم الله اللهم إني أعوذ بك من الخبث و الخبـائث (ش) عن أنس

96. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجەتخانىغا كىرگەندە: بىسمىللاھى ئاللاھۇممە ئىننى ئەئۇزۇبىكە مىنەلخۇبسى ۋەلخابائىس دەيتتى. تەرجىمىسى: يۇقىرىدا ئۆتتى، شەيتاندىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلىگەن، بىسمىللاھى دېگەن بۇ سۆز ئوشۇق كەلگەن، مۇشۇنداق دېسە، جىنلار ئەۋرەتنى كۆرەلمەيدۇ. ئەبۇ شەيبە توپلىغان، سەھىھ.

## )كان إذا دخل المسجد صلى على محمد وسلم و قال: رب اغفر لي ذنوبي و افتح لي أبواب رحمتك و إذا خرج صلى على محمد وسلم و قال: رب اغفر لي ذنوبي و افـتح لي أبواب فضلك)

## قال الألباني في صحيح الترمذي رقم: 259 (صحيح) ت عن فاطمة الزهراء

97. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەنى ئۆزىگە دۇرۇت، سالام يوللاپ مۇنداق دەيتتى: ئى رەببىم، مېنىڭ بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، مەن ئۈچۈن رەھمەتلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى كەڭ ئېچىۋەتسىلە، مەسجىددىن چىققاندا يەنىلا دۇرۇت، سالامدىن كېيىن ئى رەببىم، ماڭا مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا پەزلىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىپ بەرسىلە دەيتتى. تىرمىزى، ئەلبانى، تىرمىزى 259 ـ ھەدىس، سەھىھ دېگەن.

## 98 (صحيح) كان إذا دخل المسجد قال: أعوذ بالله العظـيم و بوجهـه الكـريم و سلطانه القديم من الشيطان الرجيم و قال: إذا قال ذلك حفظ منه سائر اليوم (د) عن ابن

عمرو

98. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە، مۇنداق دەيتتى: ئۇلۇغ ئاللاھقا سېغىنىپ، سېخى ئاللاھنىڭ دىدارى، جامالىغا سېغىنىپ، ئاللاھنىڭ ئەزەلدىن قەدىمى بولغان سۇلتانىغا سېغىنىپ، لەنەت قىلىنغان رەھمەتتىن يىراق قوغلانغان شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىم شۇنى دېسە، ئۇ كىشى باشقا كۈنلىرىدىمۇ شەيتاندىن مۇھاپىزەت قىلىنىپ ساقلىنىدۇ دېگەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

99 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4394

كان إذا دخل المسجد قال: (بسم الله اللهم صل على محمد و أزواج محمد) (ابن السني) عن أنس

99. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە: بىسمىللاھى ئاللاھۇممە سەللى ئەلا مۇھەممەد ۋە ئەزۋاجى مۇھەممەد» دەيتتى. ئىبنى سىنا توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) 100 / 1 ] وهو حديث مستدرك من الطبعة الأولى قال الألباني في صحيح ابن ماجه رقم: 625 صحيح (كان إذا دخل المسجد يقول: بسم الله و السلام على رسول الله اللهم اغفر لي ذنوبي و افتح لي أبواب رحمتك و إذا خرج قال: بسم الله و السلام على رسول الله اللهم اغفر لي ذنوبي و افتح لي أبواب فضلك) (حم ه طب) عن فاطمة الزهراء

100. پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدكە كىرسە، مۇنداق دەيتتى: بىسمىللاھى ۋەسسالامۇ ئەلا رەسۇلىللاھى ئاللاھۇممەغفىرلى زۇنۇبى ۋە فتەھلى ئەبۋابى رەھمەتىكە» يەنى ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن، سالام رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن، ئى ئاللاھ! مەن ئۈچۈن بارلىق گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، ماڭا رەھمەتلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېچىۋەتسىلە، چىققاندا بولسا، يەنە شۇ سۆزنى قىلىپ، ئاخىرىدا پەزلىلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋەتسىلە دېگەن، يەنى شۇنداق ئۆگەتكەن. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى، ئىبنى ماجەنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرىنىڭ 625 ـ ساندا





سەھىھ دېگەن، سەھىھ. مانا بۇ مەسجىدكە كىرگەندىكى ۋە چىققاندىكى دۇئادۇر.

101 (صحيح) كان إذا دخل بيته بدأ بالسواك (م د ن ه) عن عائشة

101. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرسىلا مىسۋاك سىلىش بىلەن باشلايتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

كان إذا دخل على مريض يعوده قال: لا بأس طهور إن شاء الله (خ) عن ابن عباس

102. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېسەلنىڭ ئۇستىگە ئۇنى يوقلاپ كىرسە، مۇنداق دەيتتى: كىرەك يوق، چاتاق يوق، ساقىيىپ قالىلا، ئاللاھ خالىسا بۇ كېسەل سىلىنى گۇناھلاردىن پاكلىغۇچىدۇر. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

103 (صحيح) كان إذا دخل قال: هل عندكم طعام ؟ فإذا قيل لا قال: إني صائم (د) عن عائشة

103. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرسە، ئالدىڭلاردا يەيدىغان تائام بارمۇ؟ دەيتتى، يوق دېيىلسە، ھەققەتەن مەن روزا تۇتقۇچى دەيتتى، يەنى روزىغا نىيەت قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن نەپلە روزىغا كېيىنرەك نىيەت قىلىشۋالسا بولىدۇ.

104 (صحيح) كان إذا دعا بدأ بنفسه (طب) عن أبي أيوب

104. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلسا، ئالدى بىلەن ئۆزى بىلەن باشلايتتى، يەنى ئۆزى ئۈچۈن سوراپ ئاندىن باشقىلارغا قىلاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

105 (صحيح) كان إذا دعا جعل باطن كفه إلى وجهه (طب) عن ابن عباس

105. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئا قىلسا، ئالقىنىنىڭ ئىچىنى، يۈزى تەرەپكە قىلاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. باشقا خاتىرىدە قولىنىڭ تەتۈرى بىلەن دۇئا قىلىش چەكلەنگەن، شۇنداقلا بۇ ھەدىسلەردىن دۇئادا قول كۆتۈرۈش چىقىدۇ.

106 (صحيح) كان إذا ذبح الشاة يقول: أرسلوا بها إلى أصدقاء خديجة (م) عن

**عائشة**

106. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوي ئۆلتۈرسە، بۇ قوينىڭ گۆشىدىن خەدىچەنىڭ يېقىن دوستلىرىغا ئەۋەتكىلار دەيتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ئۇنى خۇشال قىلىش، رازى قىلىش، ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈندۇر.

## 107 (صحيح) كان إذا ذكر أحدا فدعا له بدأ بنفسه (3 حب ك) عن أبي

107. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنى تىلغا ئېلىپ، ئۇ كىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قالسا، ئالدى بىلەن ئۆزىدىن باشلاپ دۇئا قىلاتتى. ھاكىم، ئىبنى ھەببان، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 108 (صحيح) كان إذا ذهب المذهب أبعد (4 ك) عن المغيرة

108. مۇغەيرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرىشقا تېگىشلىك جايغا يەنى ھاجەتخانىغا بارسا، ھاجەتكە بارسا، كىشىلەر كۆرمىگىدەك يىراققا باراتتى، (بىر قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ئۆتەككە مەسىھ قىلغان). نەسەئى 17 ھەدىس، تىرمىزى 20 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 109 (صحيح) كان إذا رأى المطر قال: اللهم صيبا نافعا (خ) عن عائشة

109. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يامغۇرنى كۆرسە، ئاللاھۇممە سەييىبەن ناپىئەن يەنى ئى ئاللاھ بۇ يامغۇرنى مەنپەئەتلىك مول يامغۇر قىلىپ بەرسىلە دەيتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا رأى الهلال قال: اللهم أهله علينا باليمن و الإيمان و السلامة و الإسلام ربي و ربك الله (حم ت ك) عن طلحة

110. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېڭى ئاينى كۆرسە، ئى ئاللاھ، بۇ ئاينى بىزگە بەرىكەت بىلەن ئىمان بىلەن ئىسلام بىلەن سالامەتلىك بىلەن چىقىرىپ بەرسىلە، ئى ئاي! مېنىڭ رەببىم سېنىڭ رەببىڭ بىر ئاللاھدۇر دەيتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.





## 111 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4410

## كان إذا رأى ما يحب قال: الحمد لله الذي بنعمته تتم الصالحات و إذا رأى ما يكره قال: الحمد لله على كل حال (رب أعوذ بك من حال أهل النار) (ه) عن عائشة

111. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى كۆرىدىغان نەرسىنى كۆرسە، بارلىق ھەمدۇسانا ئۆز نېئمەتلىرى بىلەن بارلىق ياخشىلىقلار كامىل تامام بولىدىغان، ئاللاھقا خاستۇر دەيتتى، ياقتۇرمايدىغان نەرسىنى كۆرسە ھەر قانداق ھالەتتە ھەمدە، ئاللاھقا خاس، ئاللاھقا شۇكرى ئى رەببىم، سىلىگە سېغىنىپ دوۋزاخ ئەھلىنىڭ ھالىدىن پاناھ تىلەيمەن دەيتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 112 (صحيح) كان إذا راعه شيء قال: الله الله ربي لا شريك له (ن) عن ثوبان

112. سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرەر نەرسە چۆچۈتسە، ئەنسىرەتسە، ئاللاھ! ئاللاھ مېنىڭ رەببىم، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق دەيتتى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا رفأ الإنسان إذا تزوج قال: بارك الله لك و بارك عليك و جمع بينكما في خير (حم 4 ك) عن أبي هريرة

113. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توي قىلغان بىرەر ئىنسانغا مۇبارەكلەپ دۇئا قىلسا: «**بارەكەاللە لەكە ۋەبارەكە ئەلەيكە ۋە جەمەئە بەينەكۇما فى خەيرىن**» يەنى، ئاللاھتائالا، سەن ئۈچۈن ساڭا بەرىكەت بەرسۇن، ئاراڭلارنى ياخشىلىقتا بىرلەشتۈرسۇن دەپ دۇئا قىلاتتى، (بۇ توي دۇئاسى). ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا رفع رأسه من الركوع في صلاة الصبح في آخر ركعة قنت (محمد بن نصر) عن أبي هريرة

114. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنىڭ ئاخىرقى رەكئىتىدىكى رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، دۇئايى قۇنۇد ئوقۇيتتى. مۇھەممەد ئىبنى نەسر توپلىغان، سەھىھ.

## 115 (صحيح) كان إذا رفعت مائدته قال: الحمد لله حمدا كثيرا طيبا مباركا فيه

## الحمد لله الذي كفانا و آوانا غير مكفي و لا مكفور و لا مودع و لا مستغنى عنه ربنا (حم خ د ت ه) عن أبي أمامة

115. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دوسقىنى كۆتۈرۈلگەندە، مۇنداق دەيتتى: «بارلىق ھەمدۇسانالار، نۇرغۇن پاك، بەرىكەتلىك، بەكمۇ كۆپ، ھەمدۇسانا ئاللاھقا خاستۇر، بارلىق ھەمدۇسانا بىزگە كۇپايە بولغان، بىزگە جاي بېرىپ ئورۇنلاشتۇرغان ئاللاھقا خاستۇر.(«غەير مەكپىيىن» يەنى ئاللاھنىڭ ئىنئامى ئۆزىگە قايتۇرۇلمايدۇ، بۇ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولالمايمىز ياكى بۇ، ئاللاھ ھېچ كىشىگە مۇھتاج ئەمەس دېگەن بولىدۇ. ياكى ئاللاھنىڭ پەزلى، نېئمىتىدىن بىھاجەت بولالمايمەن ياكى بۇ نېئمەت رەت قىلىنمايدۇ، يۆتكىۋېتىلمەيدۇ دېگەن بولىدۇ.) ئاللاھنىڭ نېئمەت پەزلى بىزدىن يۆتكىۋېتىلمەستىن رەت قىلىنماستىن ئۇ نېئمەتكە كۇپرىلىق قىلىنماستىن، بۇ ھەمدۇسانالار قەتئىي تەرىك ئېتىلمەستىن، ئاللاھقا خاستۇر. ئى رەببىمىز، بۇنېئمەتتىن بىھاجەت قىلىنغان كىشى يوق، شۇنداقلا ھەمدۇ ئېيتىشتىننمۇ بىھاجەت ئەمەس». ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ. تائامدىن كېيىن، ھەمدە ئېيتىش بەلگىلەنگەن، تۈرى كۆپ بولۇپ، سەھىھ بولغىنىنى ئېيتتۇق.

## كان إذا ركع سوى ظهره حتى لو صب عليه الماء لاستقر(ه عن وابصة (طب عن ابن عباس وأبي برزة وأبي مسعود

116. ۋابسەت، ئىبنى ئاببااس، ئەبۇ بەرزەت، ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا ئۇچىسىنى شۇنداق تۈز قىلاتتىكى، ئەگەر ئۇستىگە سۇ تۆكۈلسە، سۇ ئەلۋەتتە قارار ئېلىپ تۇراتتى، يەنى ئۇچىسنى ئۇستىدە سۇ تۇرغىدەك تۈز قىلاتتى. ئىبنى ماجە، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 117 (صحيح) كان إذا ركع فرج أصابعه و إذا سجد ضم أصابعه (ك هـق) عـن وائل بن حجر

117. ۋائىل ئىبنى ھەجەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى كاۋاك قوياتتى، سەجدە قىلغاندا بولسا، بارماقلىرىنى يىم، زىچ تۇتاتتى. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. يەنى رۇكۇدا بارماقلىرىنىڭ ئارىسى كاۋاك بولسا، تىزىنى قاماللاپ تۇتۇپ تۇرسا، سەجدە قىلغاندا بولسا، يىم، زىچ قىلىپ بارماق ئۇچلىرىنى قىبلىگە قارىتىدۇ.





## 118 (صحيح) كان إذا ركع قال: سبحان ربي العظيم و بحمده - ثلاثا - و إذا سجد قال: سبحان ربي الأعلى و بحمده - ثلاثا - (د) عن عقبة بن عامر

118. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغاندا، «سۇبھانە رەببىيەلئەزىيىم ۋەبىھەمدىھى»نى ئۈچ قېتىم، سەجدە قىلغاندا. «سۇبھانە رەببىيەلئەئلا ۋەبىھەمدىھى»نى ئۈچ قېتىم دەيتتى، مەنىسى: ئۇلۇغ رەببىم پاكتۇر، ھەممىدىن ئۈستۈن، رەببىم پاكتۇر، ئۇنىڭغا ھەمدە ئېيتىمەن. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 119 (صحيح) كان إذا رمى الجمار مشى إليه ذاهبا و راجعا (ت) عن ابن عمر

119. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا جەمر تېشىنى ئاتقاندا، ئالدىغا مېڭىپ ئاتاتتى، ئاندىن يەنە قايتىپ كېلىپ، يەنە مېڭىپ ئاتاتتى، ئالدىغا مېڭىپ كەينىگە يېنىپ تۇرۇپ ئاتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 120 (صحيح) كان إذا رمى جمرة العقبة مضى و لم يقف (ه) عن ابن عباس

120. ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەمرۇلئەقبە دېگەن تاشنى شەيتانغا ئېتىپ بولسا، ئۇ جايدا تۇرماستىن، ۋوقۇف قىلماستىن يۈرۈپ كېتەتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 121 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 4417

## كان إذا سأل الله جعل باطن كفيه إليه (و إذا استعاذ جعل ظاهرهما إليه) (حم) عـن السائب بن خلاد

121. سائىب ئىبنى خەللاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھتائالادىن سوراپ دۇئا قىلغاندا، ئالقىنىنىڭ ئىچىنى ئۆزى تەرەپكە يەنى يۇزىگە قىلاتتى، «پاناھ تىلىگەندە بولسا، دۈمبىسىنى قىلاتتى» ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى بۇ ھەدىس سەھىھ، لېكىن دۈمبىسىنى قىلاتتى دېگىنى

زەئىپ دېگەن.

## 122 (صحيح) كان إذا سجد جافى حتى يرى بياض إبطيه (د) عن جابر

**122**. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەجدە قىلسا، قولتۇقىنىڭ ئاقلىقى كۆرۈنگەنگە قەدەر كاۋاك، بوشلۇق قوياتتى، يەنى ئىككى جەينىكىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ سەجدە قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 123 (صحيح) كان إذا سر استنار وجهه كأنه قطعة قمر(ق) عن كعب بن مالك

**123**. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇرسەن بولۇپ، خۇشال بولغاندا، يۈزى خۇددى ئاينىڭ پارچىسىدەك نۇرلىنىپ كېتەتتى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 124 (صحيح) كان إذا سلم لم يقعد إلا بمقدار ما يقول: اللهم أنت السلام و منك السلام تباركت يا ذا الجلال و الإكرام (م 4) عن عائشة

**124**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن سالام بەرگەندە، پەقەت مۇنداق دېگەننىڭ (بارابىرىدە) مىقدارىدا ئولتۇراتتى: «ئاللاھۇممە ئەنتەسسالام ۋە مىنكەسسالام تەبارەكتە يازەلجەلالى ۋەلئىكرام». مۇسلىم ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن زۆرۈر، جىددى پەيتلەردە تەسبىھ تەكبىرلەرنى، دۇرۇت، سالاملارنى ئۆيگە قايتىۋېتىپ، ئىپتسا بولىدۇ، ئەمەلىيەتتە تەسبىھ، تەكبىر، دۇرۇتلارغا ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىگە نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر ئۆتتى، تۇرى كۆپتۇر، ئىختىلاپ، زىددىيەت يوقتۇر.

## 125 (صحيح) كان إذا سمع المؤذن قال مثل ما يقول حتى إذا بلغ: حي على الصلاة حي على الفلاح قال: لا حول و لا قوة إلا بالله (حم) عن أبي رافع

**125**. ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئەززىننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا، مۇئەززىن دېگەننىڭ ئوخشىشىنى دەيتتى، مۇئەززىن: ھەييە ئەلەسسالاھ، ھەييە ئەلەلپەلاھ دېگەن سۆزگە يەتكەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم لاھەۋلە ۋەلا قۇۋۋەتە ئىللا بىللاھى دەيتتى. يەنى ئاللاھنىڭ ياردىمىسىز ھېچ بىر كۈچ ــ قۇۋۋەت يوقتۇر. ئەھمەد





توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدا بىزنىڭمۇ شۇنداق دېيىشىمىز ئۆتتى.

## 126 (صحيح) كان إذا سمع المؤذن يتشهد قال: و أنا و أنا (د ك) عن عائشة

**126**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇئەززىننىڭ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىۋاتقىنىنى ئاڭلىسا، مەنمۇ، مەنمۇ گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيتتى، (بۇ يۇقىرىقىسىغا ئوخشاشتۇر). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا سمع بالاسم القبيح حوله إلى ما هو أحسن منه (ابن سعد) عن عروة مرسلا

**127**. ئۇرۋەت رەھمەھۇللادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر قەبىھ، سەت ئىسىمنى ئاڭلىسا، ئۇ ئىسىمنى ئۇنىڭدىن ياخشىراق، گۈزەلرەك ئىسىمغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى، باشقا ئىسىم قوياتتى. ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن، يۇقىرىدا مۇشۇ مەزمۇندا سەھىھ ھەدىس ئۆتتى، بۇنىڭدىن ئىسلام دىنىغا خىلاپ، سەت، قەبىھ مەنىسى دۇرۇس بولمايدىغان ئىسىملارنى دەرھال گۈزەل، ياخشى ئىسىمغا ئۆزگەرتىش زۆرۈردۇر. مەسىلەن: ئابدۇررۇسۇل، ئابدۇ نەبىي، بۇ ئىسىمنىڭ مەنىسى، پەيغەمبەرنىڭ بەندىسى دېگەن بولۇپ، پەيغەمبەرنى ئىلاھلاشتۇرۇش بولىدۇ، قەتئىي دۇرۇس ئەمەس، ئۇنىڭ ئورنىدا، ئابدۇشەكۇر، ئابدۇسالام دېگەندەك ئاللاھنىڭ ئىسمىغا ئابدۇنى قوشۇپ قويۇڭلار.غەيرى مىللەتلەرنىڭ غەيرى دىنىكىلەرنىڭ ھەرخىل ھەر ياڭزا ئىسىملىرىدىن ھەزەر قىلىڭلار، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەردىن تاللاپ، پەيغەمبەرلەر ئىسمىنى ياكى مەنىسى ياخشى، گۈزەل ئىسىملارنى قويۇڭلار.

## 128 (صحيح) كان إذا شرب تنفس ثلاثا و يقول: هو أهنأ و أمرأ و أبرأ (حـم ق 4) عن أنس

**128**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىملىك ياكى سۇ ئىچسە، (قاچىنىڭ تېشىغا) ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچەتتى، ۋە شۇنداق ئىچىش بەك سىڭىشلىك، مەنپەئەتلىك، سىلىق ئۆتىدۇ، بەك ياخشى، سالامەتلىككە پايدىلىق دەيتتى. ئەھمەد 12456 ــ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3239 ــ ھەدىس، بەيھەقى ۋە تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 129 (صحيح) كان إذا صعد المنبر سلم (ه) عن جابر

129. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە ئۆرلەپ، مۇنبەر ئۈستىگە چىققاندا، كىشىلەرگە سالام قىلاتتى. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا صلى الغداة جاءه أهل المدينة بآنيتهم فيها الماء فما يؤتى بإناء إلا غمس يده فيه (حم م) عن أنس

130. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، مەدىنە ئەھلى، قاچىلىرىدا سۇ ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ كېلەتتى، ھەر قانداق سۇ بار قاچا كەلتۈرۈلسە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سۇ بار قاچىغا قولىنى چىلاپ، سېلىپ بېرەتتى، (ئاندىن ئۇلار ئۇ سۇ بىلەن بەرىكەت تىلەيتتى)، مۇسلىم، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئۇلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا ئېلىپ كەلگەن، كېيىن ئۇنداق قىلمىغان، دىنىي ساھابىلار، تابىئىنلاردەك چۈشىنىڭ، كارامىتى بار ئەۋلىيا بولسا، بەرىكەت تىلەتكۈزسە، دۇئا قىلىپ قويۇشنى سورىسا دۇرۇس بولىدۇ.

## كان إذا صلى الغداة جلس في مصلاه حتى تطلع الشمس (حم م 3) عن جابر بن سمرة

131. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولسا، كۈن چىققانغا قەدەر ناماز ئوقۇغان جايىدا ئولتۇراتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسىدىن بامداتتىن كېيىن، شەرىئەت يولغا قويغان، قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىل بولغان، زىكرى تەسبىھ، تەكبىر، قىرائەت، تىلاۋەت، دۇرۇت، سالاملار بىلەن ئىلىم ئېلىش، ئىلىم بېرىش، ئىبادەت بىلەن كۈن چىققىچە مەسجىددە ئولتۇرسا، بەك ياخشى، لېكىن، ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن جىھاد ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا تىجارەت قىلىش ئۈچۈن تەسبىھدىن كېيىن ياكى بۇرۇن چىقىپ كەتسە، يولدا ئېيتىۋالسا بۇمۇ دۇرۇس، بۇ ئىشلار مۇستەھەپتۇر.

## 132 (صحيح) كان إذا صلى الغداة في سفر مشى عن راحلته قليلا(حل هق) عن أنس

132. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم





سەپەردە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ قالسا، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، يەنى تۆگىسىگە مىنمەي ئازىراق ماڭاتتى، يەنى ئازىراق پىيادە مېڭىۋېتىپ، ئاندىن مىنەتتى. ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس، ئەتىگەندە ئازىراق چېنىقىپ قويۇشقا، ھەرىكەت قىلىپ قويۇشقا، تەن ھەرىكەتكە ئىشارەتتۇر.

## 133 (صحيح) كان إذا صلى ركعتي الفجر اضطجع على شقه الأيمن (خ) عن عائشة

133. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئازىراق ئوڭ يېنىچە يېتىۋالاتتى، (ئاندىن نامازغا چىقاتتى). بۇخارىيلار توپلىغان، سەھىھ.

## 134 (صحيح) كان إذا صلى صلاة أثبتها (م) عن عائشة

134. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نامازنى ئوقۇپ قالسا، ئۇ نامازنى ئوقۇشتا چىڭ تۇراتتى، مۇقىم تۇراتتى، يەنى دائىم ئوقۇيتتى. مۇسلىم 1378 ـ ھەدىس، سەھىھ. نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئاخىرىغىچە مۇقىم تۇرۇش لازىم، گەرچە ئاز بولسىمۇ، دائىم بولسۇن.

## 135 (صحيح) كان إذا طاف بالبيت استلم الحجر و الركن في كل طواف (ك) عن ابن عمر

135. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيتۇللاھنى يەنى كەئبىنى تاۋاپ قىلسا، ھەر قېتىم تاۋاپ قىلغاندا، ھەجەر ئەسۋەت تاشنى رۇكنى دېگەن تاشنى يەنى كەئبىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئۇل تاشنى سۆيەتتى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 136 (صحيح) كان إذا عرس و عليه ليل توسد يمينه و إذا عرس قبل الصبح وضع رأسه على كفه اليمنى و أقام ساعده (حم حب ك) عن أبي قتادة

136. ئەبۇ قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلىش جەريانىدا كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە ئارام ئېلىشقا چۈشسە، تېخى كېچە ئۇزۇن بولسا، بېشىغا ياستۇق قويۇپ، ئوڭ يېنىنى بېسىپ ياتاتتى، سۈبھىدىن، بامدات نامىزىدىن بۇرۇنلا ئارامغا چۈشسە، بېشىنى ئوڭ ئالقىنىغا قويۇپ، بېلىكىنى تىكلەپ، ئازىراق ئارام ئېلىۋالاتتى، يەنى ياتمايتتى. ئەھمەد،

ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**137 (صحيح) كان إذا عصفت الريح قال: اللهم إني أسألك خيرها و خير ما فيها و خير ما أرسلت به و أعوذ بك من شرها و شر ما فيها و شر ما أرسلت به (حم م ت) عن عائشة**

137. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شامال قاتتىق چىققاندا، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سەندىن بۇ شامالنىڭ ياخشىلىقىنى، بۇ شامالنىڭ ئىچىدىكى نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سىنى شامال بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، سىلىگە سېغىنىپ، ئۇ شامالنىڭ يامانلىقىدىن، شامالدىكى نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن، سىنى شامال بىلەن ئەۋەتكەن نەرسىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن». ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**كان إذا عطس حمد الله فيقال: له: يرحمك الله فيقول: يهديكم الله و يصـلح بـالكم (حم طب) عن عبدالله بن ج**

138. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشكۈرۈپ، ئاللاھقا ھەمدە ئېيتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: ئاللاھ سىلىگە رەھمەت قىلسۇن دېيىلەتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ئاللاھ سىلەرنى ھىدايەت قىلسۇن، ھالىڭلارنى مۇقىم ئىشىڭلارنى ئاللاھ ئىسلاھ قىلىپ ئوڭشاپ بەرسۇن دەيتتى. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**139 (صحيح) كان إذا عطس وضع يده أو ثوبه على فيه و خفض بها صوته (د ت ك) عن أبي هريرة**

139. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشكۈرسە، قولىنى ياكى كىيىمىنى ئاغزىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ توساتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاۋازىنى پەس قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**140 (صحيح) كان إذا عمل عملا أثبته (م د) عن عائشة**





140. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر ئەمەلنى قىلسا، ئۇ ئەمەلدە مۇقىم تۇراتتى، يەنى دائىم قىلاتتى، (كېچىسى ئوقۇيدىغان نامىزىدىن، ئۇخلاپ قالسا، ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى كۈندۈزى ئوقۇيتتى). مۇسلىم 1235 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

بۇ، يۇقىرقى نامازدا مۇقىم تۇرغانغا ئوخشاش.

**كان إذا غزا قال: اللهم أنت عضدي و أنت نصيري بك أحول و بك أصول و بك أقاتل (حم د ت ه حب الضياء) عن أنس**

141. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازات قىلسا، ئۇرۇش قىلسا، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، سىلى مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم، مەدەتكارىم، سىلى مېنىڭ ياردەمچىم، مەن سىلى بىلەن دۈشمەنىنىڭ ھىيلە ـ مىكرىنى قايتۇرىمەن، يامانلىقىدىن مۇداپىئە قىلىمەن، سىلىنىڭ ياردەملىرى بىلەن ئۇلارغا قەھرى قىلىمەن، تۈپتىن يوقىتىمەن، مەن سىلى بىلەن ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىمەن. ئەبۇ داۋۇد 2262 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3508 ـ ھەدىس، ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ئىبنى ھەببان، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

**142 (صحيح) كان إذا غضب احمرت وجنتاه (طب) عن ابن مسعود وعن أم سلمة**

142. ئىبنى مەسئۇد، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غەزەپلەنسە، ئاچچىقى كەلسە، ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كېتەتتى، (لېكىن، ئاچچىقنى يىغەتتى). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**143 (حسن)(كان إذا فاته الأربع قبل الظهر صلاها (بعد الركعتين بعد الظهـر) (ه) عن عائشة**

143. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن پېشىننىڭ تۆت رەكئەت سۈننىتى ئۆتۈپ كەتسە، يەنى سۈننىتىنى ئوقىيالماي، پېشىننى ئوقۇپ قالسا، ئۇ سۈننەتنى يەنە ئوقۇۋالاتتى، يەنى كېيىن ئوقۇۋالاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى بۇنى سەھىھ دەپ، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن تۆت رەكەت سۈننەتنى پېشىننىڭ ئىككى رەكئەت سۈننەت نامىزىدىن كېيىن ئوقۇۋالاتتى دېگەننى زەئىپ دېگەن،

**144 (صحيح) كان إذا فرغ من دفن الميت وقف عليه فقال: استغفروا الله لأخيكم**

### و سلوا له التثبيت فإنه الآن يسأل (د) عن عثمان

**144**. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى دەپنە قىلىپ، پارىغ بولغاندا، ئۇ جايدا تۇرۇپ مۇنداق دېدى: قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت سوراڭلار، ئۇنىڭ ئۈچۈن سۇباتلىقنى يەنى لا ئىلاھە ئىللەللاھ دەپ مۇقىم تۇرۇپ، توغرا جاۋاب بېرىشنى سوراڭلار، ھەقىقەتەن ئۇ ھازىر سوراققا تارتىلىۋاتىدۇ، يەنى رەببىڭ كىم؟ دىنىڭ نېمە دەپ سورىلىۋاتىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلغاننى ۋە دېگەننىلا قىلايلى!

### 145 (صحيح) كان إذا قام إلى الصلاة رفع يديه مدا (ت) عن أبي هريرة

**145**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازغا تۇرسا، ئىككى قولىنى سوزۇپ ئېگىز كۆتۈرەتتى، يەنى قولىنى كۆتۈرۈپ، تەكبىر ئېيتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### 146 (صحيح) كان إذا قام على المنبر استقبله أصحابه بوجوههم (ه) عن ثابت

**146**. سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە تۇرغاندا، ساھابىلىرى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۈزلىرى بىلەن ئالدىنى قىلىپ، خۇتبە تىڭشايتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 147 (صحيح) كان إذا قام من الليل ليصلي افتتح صلاته بركعتين خفيفتين (م) عن عائشة

**147**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، نامىزىنى يەڭگىل ئىككى رەكئەت بىلەن باشلايتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

### 148 (صحيح) كان إذا قام من الليل يشوص فاه بالسواك (حـم ق د ن ه) عـن حذيفة

**148**. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئوقۇش ئۈچۈن تۇرسا، ئاغزىنى مىسۋاك سالاتتى. ئەھمەد،





بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 149 (صحيح) كان إذا قدم من سفر تلقي بصبيان أهل بيته (حم م د) عن عـبدالله بن جعفر

**149**. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلسە، ئەھلى بەيتلىرىنىڭ سەبىي، كىچىك باللىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنى كۆتىرىۋالاتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### كان إذا قرأ: (سبح اسم ربك الأعلى قال: سبحان ربي الأعلى) (حم د ك) عن ابـن عباس

**150**. ئىبنى ئاببас رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «سەببىھىسمى رەببىكەلئەئلا» يەنى سۈرە ئەئلانى ئوقۇسا، سۇبھانە راببىيەلئەئلا دەيتتى. (چۈنكى، ھەممىدىن ئۈستۈن پەرۋەردىگارىڭنى پاك دەپ ئېتقاد قىلغىن دەپ شۇنداق دېيىشكە بۇ ئايەتتە بۇيرۇق بار ئىدى، ئەمەل قىلاتتى). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 151 (حسن) كان إذا قرأ من الليل رفع طورا و خفض طورا (ابن نصر) عـن أبي هريرة

**151**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى قىرائەت قىلسا، بەزىدە ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرسە، بەزىدە پەس قىلىپ ئوقۇيتتى. ئىبنى نەسىر توپلىغان، ھەسەن.

### 152 (صحيح) كان إذا قرب إليه طعام قال: بسم الله فإذا فرغ قال: اللـهم إنـك أطعمت و سقيت و أغنيت و أقنيت و هديت و اجتبيت اللهم فلك الحمـد عـلى مـا أعطيت (حم) عن رجل

**152**. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تائام كەلتۈرۈلسە، بىسمىللاھى دەپ يەيتتى، تاماقتىن پارىغ بولغاندا، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن سىلى تاماق بەردىلە، سۇغاردىلا، بىھاجەت باي قىلدىلا، رازى قىلدىلا، ھىدايەت قىلدىلا، تاللاپ ئىختىيار قىلدىلا،

سىلىنىڭ بارلىق بەرگەنلىرىگە، ئاتا قىلغانلىرىغا بارلىق ھەمدۇسانالار سىلىگە خاستۇر. ئەھمەد 18202 ــ ھەدىس، 22100 ــ ھەدىس، سەھىھ.دۇئا تۈرى كۆپ بولسىمۇ، ئىختىلاپ، زىددىيەت يوقتۇر، سىز دۇئالارنىڭ بىرىنى قىلسىڭىز بولىدۇ.

## كان إذا قفل من غزو أو حج أو عمرة يكبر على كل شرف مـن الأرض - ثـلاث تكبيرات - ثم يقول: لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك و له الحمد و هو على كل شيء قدير آيبون تائبون عابدون ساجدون لربنا حامدون صدق الله وعده و نصر عبده و هزم الأحزاب وحده (مالك حم ق د ت) عن ابن عمر

153. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غازاتتىن ياكى ھەجدىن يا ئۆمرە ھەجدىن قايتقاندا، زىمىننىڭ ھەربىر ئېگىز جايلىرىدا ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىپ، مۇنداق دەيتتى: يەككە ــ يېگانە بىر ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، ئاللاھنىڭ شېرىكى يوق، پادىشاھلىق ۋە بارلىق ھەمدۇسانا، ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھتائالا ھەممە نەرسىگە قادىردۇر، بىز قايتقۇچى، تۆۋبە قىلغۇچى، رەببىمىزگە سەجدە قىلغۇچىمىز، ھەمدۇسانا ئېيتقۇچىلارمىز، ئاللاھ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، ئەمەلىيەتتە راستقا چىقاردى، بەندىسىگە ئۆزىلا ياردەم بەردى، پۈتۈن قوشۇننى ئۆزىلا مەغلۇپ قىلىپ يەڭدى، (چۈنكى ئۇ، ئاللاھ خالىقتۇر). مالىك، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا كان الرطب لم يفطر إلا على الرطب و إذ لم يكن الرطب لم يفطر إلا عـلى التمر(عبد بن حميد) عن جابر

154. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆل خورما غورىسى بولسا، شۇنىڭدىلا ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر ئۇ بولمىسا، پەقەت قۇرۇق خورمىدىلا ئىپتار قىلاتتى، (ئۇمۇ بولمىسا، سۇ بىلەن قىلاتتى). ئابدۇ ئىبنى ھۇمەيد توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا كان راكعا أو ساجدا قال: سبحانك و بحمدك أسـتغفرك و أتـوب إليك (طب) عن ابن مسعود

155. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇكۇ قىلغان ياكى سەجدە قىلغان ھالەتتە مۇنداق دەيتتى: « سۇبھانەكە





ۋەبىھەمدىكە ئەستەغفىرۇكە ۋەئەتۇبۇ ئىلەيكە » يەنى ئى ئاللاھ، سىلى پاك، سىلىگە ھەمدە ئېيتىش بىلەن بىرگە سىلىنى پاك دەپ ئېتىقاد قىلىمەن، بارلىق گۇناھلىرىمغا مەغپىرەت، كەچۈرۈم سورايمەن، مەن سىلىگىلا تۆۋبە قىلىمەن، ھەم قىلدىم. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

## 156 (صحيح) كان إذا كان صائما أمر رجلا فأوفى على شيء فإذا قـال غـابت الشمس أفطر (ك) عن سهل بن سعد (طب) عن أبي الدرداء

156. سەھلى ئىبنى سەئد، ئەبۇددەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتقان بولسا، بىر كىشىنى بۇيرۇيتتى، ئۇ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، كۈن كىرىپتۇ دېسە، ئىپتار قىلاتتى. ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىر ھەدىستە تاغ ئۈستىگە چىقىرىپ قويغان كىشى تېخى كۈن كىرمىدى دېسىمۇ «چۈش تالقان چال دەپ»پەستىكى كىشىلەرگە كۈن كىرىپ بولغاچقا ئىپتار قىلىشۇرگەن، سەھىھ.

## كان إذا كان في وتر من صلاته لم ينهض حتى يستوي قاعدا (د ت) عن مـالك بـن الحويرث

157. مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامىزىنىڭ تاق بىر رەكئەتتە، يەنى بىر رەكئەت ئوقۇپلا قوپىدىغان چاغدا، راۋۇرۇس مەزمۇت تۈز ئولتۇرمىغىچە ئورنىدىن تۇرمايتتى، يەنى ئولتۇرۇۋېتىپ، ئاندىن ئىككىنچى رەكئەتكە تۇراتتى. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا كان قبل التروية بيوم خطب الناس فأخبرهم بمناسكهم (ك هق) عن ابن عمر

158. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرۋىيە كۈنىدىن بىر كۈن بۇرۇن، يەنى ھەج ئېيىنىڭ يەتتىنچى كۈنى كىشىلەرگە خۇتبە ئوقۇپ، ئۇلارغا ھەج پائالىيەتلىرىنى، ھەج ئىبادەتلىرىنى خەۋەر قىلىپ دەپ بېرەتتى. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، ئەتىسى تەرۋىيەت كۈنى، يەنى زەمزەم سۈيىگە قاندىغان سەككىزىنچى كۈن بولىدۇ، ئۇنىڭ ئەتىسى، ئاراپات كۈنى، توققۇزىنچى كۈن، ئاندىن ئونىنچى كۈنى ھېيت كۈن ھەج ئاخىرلىشىدۇ.

## 159 (صحيح) كان إذا كان مقيما اعتكف العشر الأواخر من رمضان و إذا سافر اعتكف من العام المقبل عشرين (حم) عن أنس

159. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇرتىدا مۇقىم تۇرۇپ قالسا، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە، ئېتىكاپ قىلاتتى، سەپەر قىلىپ قالسا، كېلەر يىلى 20 كۈن ئېتىكاپ قىلاتتى. (يەنى سەپەردە ئېتىكاپ قىلغىلى بولمايتتى) ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 160 (صحيح) كان إذا كان يوم عيد خالف الطريق (خ) عن جابر

160. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنى بولسا، بارغان يولنىڭ خىلاپىدا ئەكسى بويىنچە قايتاتتى، يەنى بىر يول بىلەن بارسا، قايتقاندا باشقا يول بىلەن قايتاتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

## 161 (حسن) كان إذا كربه أمر قال: يا حي يا قيوم برحمتك أستغيث (ت) عن أنس

161. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر ئىش ئېغىر مۇشەققەت كەلسە، مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «يا ھەييۇن يا قەييۇم بىرەھمەتىكە ئەستەغىيسۇ» يەنى ئى كامىل ھاياتلىق ئىگىسى ئاللاھ! ئى ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرغۇچى ئاللاھ! مەن رەھمەتلىرى بىلەنلا سىلىگە پەرياد چېكىمەن، ئىلتىجا قىلىمەن. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

## 162 (صحيح) كان إذا كره شيئا رؤي ذلك في وجهه (طس) عن أنس

162. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر نەرسىنى ياقتۇرمىسا، ئاشۇ ياقتۇرماسلىق، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزىدە كۆرىلەتتى، يەنى بىلىنەتتى. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

## 163 (صحيح) كان إذا لبس قميصا بدأ بميامنه(ت) عن أبي هريرة

163. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆڭلەك كىيسە (ياكى كىيىم كىيسە) ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپى بىلەن باشلايتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا لقيه أحد من أصحابه فقام معه قام معه فلم ينصرف حتى يكون الرجل هو الذي ينصرف عنه و إذا لقيه أحد من أصحابه فتناول يده ناوله إياها فلم ينزع يده منه حتى يكون الرجل هو الذي ينزع يده منه و إذا لقي أحدا من أصحابه فتناول أذنه ناوله إياها ثم لم ينزعها حتى يكون الرجل هو الذي ينزعها عنه (ابن سعد) عن أنس





164. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى ئۇچرىشىپ بىللە تۇرسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ بىللە تۇراتتى، ئاشۇ كىشى قايتىپ كەتمىگىچە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ كىشىدىن يۈز ئۆرۈپ قايتىپ كەتمەيتتى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى ئۇچرىشىپ قولىنى تۇتسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ قولىنى تۇتۇپ بېرەتتى، ھەم ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇراتتى، ئاشۇ كىشى قولىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تارتىۋالمىغىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئۇ كىشىدىن تارتىۋالمايتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەرسى ئۇچرىشىپ قۇلىقىغا سۆز قىلماقچى بولسا، قۇلىقىنى ئۇ كىشىگە تۇتۇپ بېرەتتى، ئاندىن ئاشۇ كىشى تارتىۋالمىغىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تارتىۋالمايتتى، يەنى ھەممىسىنىڭ ھاجىتىنى قاندۇراتتى. ئىبنى سەئىد توپلىغان، ھەسەن.

## 165 (صحيح) كان إذا لقيه الرجل من أصحابه مسحه و دعا له (ن) عن حذيفة

165. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ساھابىلىرىدىن بىرەر كىشى ئۇچراپ قالسا، ئۇنى سىلاپ قوياتتى، ۋە دۇئا قىلاتتى، يەنى بەرىكەت تىلەيتتى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا مر بآية خوف تعوذ و إذا مر بآية رحمة سأل و إذا مر بآية فيها تنزيه الله سبح (حم م 4) عن حذيفة

166. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان تىلاۋەت، قىرائەت قىلىپ قورقىتىدىغان، ئاگاھلاندۇرىدىغان ئايەتتىن ئۆتكەندە دەرھال ئۇنىڭدىن پاناھ تىلەيتتى، رەھمەت ئايىتىنىڭ ئوتتۇرىدىن ئۆتسە، سورىۋالاتتى، لېكىن پاكلاش ئايىتىنىڭ بارابىرىدىن ئۆتسە، تەسبىھ ئېيتىپ، ئاللاھنى پاك دەيتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. مەسىلەن: جەننەت تىلىغا ئېلىنسا، سورايتتى، دوۋزاخدىن بولسا

پاناھ تىلەيتتى، تەسبىھ ئايىتى چىقسا، تەسبىھ، تەكبىر ئايىتى چىقسا تەكبىر ئېيتاتتى، خۇددى بىز جۈمە خۇتبىسىدە« سەللۇۋ ئەلەيھىنى » دۇرۇت، سالام يوللىغاندەك.

## 167 (صحيح) كان إذا مرض أحد من أهل بيته نفث عليه بالمعوذات (م) عن عائشة

**167**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىدىكى ئەھلىدىن بىرەرسى كېسەل بولۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا پاناھ تىلەش ئايىتى بىلەن يەنى سۈرە فەلەق، ناسلار بىلەن سۈف دەيتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 168 (صحيح) كان إذا مشى أقلع (طب) عن أبي عتبة

**168**. ئەبۇ ئۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭسا، خۇددى ھەر ئىككى پۇتىنى تەڭ كۆتۈرگەندەك، كۈچلۈك ماڭاتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھگە كۆتۈرۈلىدۇ، ئەلۋەتتە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، لۆم – لۆم، مىس – مىسلىقنى ياقتۇرمايتتى، چاققان، چېچەن ئىدى.

## 169 (صحيح) كان إذا مشى كأنه يتوكأ (د ك) عن أنس

**169**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا، تەكەببۇرلۇق قىلماستىن، مايىل بولماستىن، ئېغىناقلىماي ماڭاتتى، يەنى كەمتەرلىك بىلەن. ئەبۇ داۋۇد 4221 – ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 170 (صحيح) كان إذا مشى لم يلتفت (ك) عن جابر

**170**. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا، ئۇياققا، بۇياققا قارىماي ماڭاتتى، (بولۇپمۇ، ئوغۇرلىقچە، مەخپى قارىمايتتى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 171 (صحيح) كان إذا مشى مشى أصحابه أمامه و تركوا ظهره للملائكـة (ه ك) عن جابر

**171**. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم





يولدا ماڭسا، ساھابىلىرى ئالدىدا ماڭاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىنى بولسا، پەرىشتىلەرگە قالدۇراتتى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 172 (صحيح) كان إذا نام من الليل أو مرض صلى من النهار اثنتي عشرة ركعة(م د) عن عائشة

**172**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ناماز ئوقۇشتىن ئۇخلاپ قالسا، ياكى كېسەل بولۇپ قالسا، كۈندۈزى 12 رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇسا، بىرەر ئەمەلنى قىلسا، چىڭ، مۇقىم تۇراتتى، دائىم قىلاتتى دېگەن ھەدىسنىڭ ئاخىرىدۇر. بۇ ھەدىستە تەھەججۇد 12 رەكئەت بولۇپ، دائىم قىلغانلىقتىن، قازاسىنى قىلغاندەك كۈندۈزى ئوقۇغان، كۈندۈزىمۇ دۇرۇس، لېكىن كېچىسى ئەۋزەلدۇر.

## 173 (صحيح) كان إذا نام نفخ (حم ق) عن ابن عباس

**173**. ئىبنى ئاببا‌س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىسا، پۇۋلەپ كېتەتتى، يەنى ئاغزىدا پۇۋدەيتتى. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 174 (صحيح) كان إذا نام وضع يده اليمنى تحت خده و قال: اللهم قني عذابـك يوم تبعث عبادك (حم ت ن) عن البراء (حم ت) عن حذيفة (حم ه) عن ابن مسعود

**174**. بەرائى، ھۇزەيفە، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىسا، ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ ئۇخلايتتى ۋە ئۇخلاشنىڭ ئالدىدا مۇنداق دەيتتى، ئى ئاللاھ، مېنى بارلىق بەندىلىرىڭنى توپلاپ، يىغىپ تىرىلدۈرىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئازابىدىن ساقلىغىن! ئامىن!. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 175 (حسن) كان إذا نزل به هم أو غم قال: يا حي يا قيوم برحمتك أسـتغيث (ك) عن ابن مسعود

**175**. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر خاپىلىق، بالا، غەم – ئەندىشە چۈشسە، مۇنداق دەيتتى:

«ياھەييۇن يا قەييۇم بىرەھمەتىكە ئەستەغىيسۇ». ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا نزل عليه الوحي ثقل لذلك و تحدر جبينه عرقا كأنه جمان و إن كان في البرد (طب) عن زيد بن ثابت

176. زەيىد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي نازىل بولغاندا، ۋەھيىنىڭ جەھتىدىن قاتتىق قىينىلىپ كېتەتتى، ئېغىر كېلەتتى، گەرچە قىش سوغۇق كۈنلەر بولسىمۇ، پېشانىسى خۇددى گۆھەر مارجانىدەك سۈزۈك تەر ئاقتۇراتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 177 (صحيح) كان إذا نزل منزلا لم يرتحل حتى يصلي الظهر (حم د ن) عن أنس

177. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر مەنزىلگە چۈشۈپ قالسا، پېشىننى ئوقۇمىغىچە ئۇ جايدىن يۆتكىلىپ ماڭمايتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 178 (صحيح) كان إذا واقع بعض أهله فكسل أن يقوم ضرب يده على الحائط فتيمم (طس) عن عائشة

178. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ بەزىسى بىلەن جىنسى مۇناسىۋەتتە بولۇپ، مەخسەتكە يەتمەي تۇرۇپ، سولىشىپ قالسا، ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى تامغا ئۇرۇپ، تەيەممۇم قىلاتتى، (يەنى مەنىي چۈشمىسە، غۇسلى تاھارەت ئالمايتتى). تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇ ھەدىسدىكى ئىشلار ئىسلامنىڭ تۇنجى مەزگىللىرىدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، كېيىن ئەمەلدىن قالغان كۆچكە ئىگە ئەمەس، كۆچكە ئىگە ھەدىس بولسا، يۇقىرىدا ئۆتكەن، ئىككى خەتنە قېلىنىدىغان جاي بىر ـ بىرىگە ئۇچراشسا، مەنىي سۈيى چۈشسۇن، چۈشمىسۇن غۇسلى تاھارەت ئالىدۇ دېگەن سەھىھ ھەدىستۇر.

## 179 (صحيح) كان إذا ودع رجلا أخذ بيده فلا يدعها حتى يكون الرجل هو الذي يدع يده و يقول: أستودع الله دينك و أمانتك و خواتيم عملك (حم ت ن ه ك) عن ابن عمر





179. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشى بىلەن خوشلاشسا، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خوشلىشاتتى، ئۇ كىشى قولىنى تارتىۋالمىغىچە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى تارتىۋالمايتتى، مۇنداق دەپ خوشلىشاتتى، دىنىڭنى، ئامانىتىڭنى، ئەمىلىڭنىڭ ئاخىرقى خاتىمىسىنىڭ ياخشىسىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئاللاھقا ئامانەت. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## كان إذا وضع الميت في لحده قال: بسم الله و بالله و في سبيل الله و على ملة رسـول الله (د ت ه حق) عن ابن عمر

180. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېيىتنى لەھەتكە، قەبرىگە قويسا، مۇنداق دەپ قوياتتى، «بىسمىللاھى ۋە بىللاھى ۋە فى سەبىيلىللاھى ۋە ئەلا مىللەتى رەسۇلۇللاھ» ياكى سۈننەتى رەسۇلۇللاھ. تەرجىمىسى: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قويىمەن، ئاللاھنىڭ ياردىمى، رەھمىتى بىلەن ئاللاھ يولىدا ئاللاھنىڭ ئەلچىسىنىڭ مىللىتى، سۈننىتى ئۈستىدە قويىمەن. تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 181 (صحيح) كان أرحم الناس بالصبيان و العيال (ابن عساكر) عن أنس

181. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەبىي، كىچىك باللارغا ئەھلى ئاياللىرىغا كىشىلەرنىڭ ئەڭ مېھرىبان، رەھمەدىلرەكى ئىدى. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

## 182 (صحيح) كان أزهر اللون كأن عرقه اللؤلؤ إذا مشى تكفأ (م) عن أنس

182. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ رەڭگى نۇرلۇق، ئاق ئىدى، تەرلىرى خۇددى گۆھەر، ئۈنچە ـ مارجاندەك ئىدى، يولدا ماڭسا، ئۆتتۈرىھال، نورمال ماڭاتتى، ھەم كۆچلۈك تېز ماڭاتتى، ئالقىنى يىپەك رەختتىنمۇ سىلىق، پۇرىقى مىسكە ـ ئەنبەردىنمۇ خۇشپۇراق ئىدى. مۇسلىم 4299 ـ ھەدىس، ئەھمەد 12594 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 183 (صحيح) كان أشد حياء من العذراء في خدرها (حم ق ه) عن أبي سعيد

183. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ چېدىرىدىكى قىزچاقدىنمۇ بەكرەك ھايالىقراق ئىدى. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 184 (صحيح) كان أكثر أيمانه: لا و مصرف القلوب (ه) عن ابن عمر

**184**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەسەملىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق دېيىش ئىدى. «لاۋە مۇسەررىپەلقۇلۇب» يەنى «قەلب دىللارنى چۆرۈپ، يۆتكەپ تۇرغۇچى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى». ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 185 (صحيح) كان أكثر دعائه: يا مقلب القلوب ثبت قلبي على دينك فقيل له في ذلك ؟ قال: إنه ليس آدمي إلا و قلبه بين إصبعين من أصابع الله فمن شاء أقام و من شاء أزاغ (ت) عن أم سلمة

**185**. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دۇئالىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇنداق ئىدى: «يامۇقەللىبەلقۇلۇب سەببىت قەلبى ئەلادىينىكە»، (ئى قەلبلەرنى يۆتكەپ تۇرغۇچى ئاللاھ، قەلبىمنى دىنىڭنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن). رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇ توغرىلىق سوز قىلغاندا، مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئادەم بالىسى بولىدىكەن، ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى بارماقلىرىدىن ئىككى بارمىقى ئارىسىدا، ئاللاھ خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى مۇقىم، مۇستەھكەم قىلىدۇ، خالىغان كىشىنىڭ قەلبىنى (ئۇ كىشىنىڭ پاسىقلىقى، كاپىرلىقى سەۋەبىدىن) ھەقتىن بۇرىۋېتىدۇ. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### كان أكثر دعوة يدعو با: (ربنا آتنا في الدنيا حسنة و في الآخرة حسنة و قنا عذاب النار) (حم ق د) عن أنس

**186**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن ۋەفىلئاخىرەتى ھەسەنەتەن ۋەقىنا ئازابەننار». تەرجىمىسى: ئى رەببىمىز، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» ئامىن!. ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ. مانا بۇ دۇئانىڭ ئەڭ ياخشىسىدۇر.





### كان أكثر صومه السبت و الأحد و يقول: هما يوما عيد المشركين فأحب أن أخالفهم (حم طب ك هق) عن أم سلمة

**186**. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ كۆپىنچىسى شەنبە، يەكشەنبە ئىدى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇ ئىككى كۈن بولسا، يەھۇدى ـ ناسارا، مۇشرىكلەرنىڭ ھېيت كۈنىدۇر، يەپ ـ ئىچىدىغان كۈنىدۇر، مەن ئۇلارنىڭ خىلاپىدا ئەكسىچە قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. ئەھمەد، تەبرانى، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

### 187 (صحيح) كان أكثر ما يصوم الاثنين و الخميس فقيل له ؟ فقال: الأعمال تعرض كل اثنين و خميس فيغفر لكل مسلم إلا المتهاجرين فيقول: أخروهما (حم) عن أبي هريرة

**187**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۇتقان روزىسىنىڭ كۆپىنچىسى دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى ئىدى، بۇ توغرىلىق سورالغاندا مۇنداق دېگەن: ئەمەللەر ھەر دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى تەقدىم قىلىنىدۇ، ئاداۋەتلەشكەنلەردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ، ئۇلارغا بولسا، مەغپىرەتسىز كېچىكتۈرۈپ تۇرۇڭلار دەيدۇ. (يەنە بىر خاتىرىدە ئۇلار يارىشىپ، ئەپلىشىۋالغىچە كېچىكتۈرۈڭلار دېيىلىدۇ ۋە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن شۇ كۈنلەردە روزا تۇتقان ھالەتتە ئەمەللىرىمنىڭ ئۆرلىشىنى ياخشى كۆرىمەن دېگەن). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

### 188 (صحيح) كان بابه يقرع بالأظافير (الحاكم في الكنى) عن أنس

**188**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشىكى (گۇم! گۇم ئۇرۇلماستىن) تىرناقلار بىلەن يەنى بارماقلار ئۇچى بىلەن چېكىلەتتى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 189 (صحيح) كان تنام عيناه و لا ينام قلبه (ك) عن أنس

**189**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى كۆزى ئۇخلايتتى، قەلبى ئۇخلىمايتتى، (بۇ سۆزنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى دەپ بەرگەن). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 190 (صحيح) كان خاتم النبوة في ظهره بضعة ناشزة (ت في الشـمائل) عـن أبي سعيد

190. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈچىسىدىكى خاتەمۇننەبۇۋۋەت يەنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرنىڭ بەلگىسى ئۈستىگە ئۇچۇق ـ ئاشكارا بولۇپ قالغان، كىچىككىنە بىر پارچە گۆش ئىدى، يەنى كەپتەر تۇخۇمىدەك. تىرمىزى شامائىلدا، ئەھمەد 11229 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 191 (صحيح) كان خاتمه غدة حمراء مثل بيضة الحمامة (ت) عن جابر بن سمرة

191. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىقى ئارىسىدىكى پەيغەمبەرلىك بەلگىسى، كەپتەر تۇخۇمىدەك ئۆرلەپ قالغان قىزىلراق كىچىككىنە بىر پارا گۆش ئىدى. تىرمىزى 3577 ـ ھەدىس، مانا بۇ مۆجىزىلىك دەلىل ـ ئىسپات ئىدى. سەھىھ.

## 192 (صحيح) كان خاتمه من فضة فصه منه (خ) عن أنس

192. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى كۈمۈشىدىن، ئۈزۈكنىڭ كۆزىمۇ كۈمۈشتىن ئىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

## 193 (صحيح) كان خاتمه من ورق و كان فصه حبشيا (م) عن أنس

193. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈزۈكى كۈمۈشتىن ئىدى، ئۈزۈكنىڭ كۆزى بولسا ، ھەبەشىستانغا مەنسۇپ تاش ئىدى، ياكى قارىراق ياكى ياسىلىشى ھەبەشكە مەنسۇپ ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. ئالتۇن ئۈزۈك ھارام، كۈمۈش، تۆمۈر بولسا مەيلى، بەزىلەر كۈمۈشتە، تۆمۈردە ئۈزۈك سېلىش سۈننەت دېدى.

## 194 (صحيح) كان خلقه القرآن (حم م د) عن عائشة

194. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مەنىسى، قۇرئانغا ئەمەل قىلىش، قۇرئاننىڭ بەلگىلىمىلىرىدە چەك ـ چېگرالىرىدا تۇرۇش، قۇرئان ئەدەپلىرى بىلەن ئەدەپلىنىش، مىساللىرىدىن،





قىسسىلىرىدىن ئىبرەت ئېلىش، تىلاۋىتىنى ياخشى قىلىش، ۋە يەتكۈزۈشتۇر. مۇسلىم شەرھىسىدىن ئېلىندى.

## 195 (حسن) كان رايته سوداء و لواؤه أبيض (ه ك) عن ابن عباس

195. ئىبنى ئاببس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چوڭ قوشۇنىنىڭ ئەلەم بايرىقى قارا، كىچىك قوشۇنلارنىڭ بايرىقى بولسا ئاق ئىدى. ئىبنى ماجە 2808 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1604 ـ ھەدىس، ھەسەن. بۇ ئىككى بايراق پەرقى تىرمىزىدا كۆرستىلىدۇ.

## 196 (صحيح) كان ربعة من القوم ليس بالطويل البائن و لا بالقصير أزهر اللـون ليس بالأبيض الأمهق و لا بالآدم و ليس بالجعد القطط و لا بالسبط (ق ت) عن أنس

196. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جىسمى ئوتتۇرىھال، نورمال ئىدى، بەكمۇ ئېگىز ئەمەس، بەكمۇ پاكار ئەمەس، ئوتتىھال ئىدى، رەڭگى نۇرلۇق، ئاق ئىدى، بەكمۇ ئاپئاق ئەمەس، بەكمۇ بۇغداي ئۆڭلۈك ئەمەس، ئاق نۇرلۇق بۇغداي ئۆڭلۈك ئىدى، چېچى بەك قىسقا بۇدرە ئەمەس بەك ئۈزۈنمۇ ئەمەس نورمال ئىدى. بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 197 (صحيح) كان رحيما بالعيال (الطيالسي) عن أنس

197. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى ئاياللىرىغا بالىلىرىغا مېھرىبان، كۆيۈمچان، رەھىمدىل ئىدى. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

## 198 (حسن) كان رحيما و كان لا يأتيه أحد إلا وعده و أنجز له إن كـان عـنده (خد) عن أنس

198. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەھىمدىل، باغرى يۇمشاق ئىدى، بىرەر كىشى نەرسە سوراپ كەلسە، ۋەدە بېرىپ يولغا سالاتتى، ئەگەر ئالدىدا، قول ئىلكىدە بولۇپ قالسا ۋەدىسىنى ئىجرا قىلىپ، ۋەدىسىدە تۇراتتى. بۇخارى تارىخدا توپلىغان، ھەسەن.

## كان شبح الذراعين بعيد ما بين المنكبين أهدب أشفار العينين (البيهقي) عن أبي هريرة

199. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى بىلىكى توم، ئۇزۇن ئىدى، ئىككى مۇرىسىنىڭ ئارىلىقى كەڭ، گەۋدىلىك ئىدى، ئىككى كۆزى قاپقارا، قويۇق كىرپىكلىك ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

## 200 (صحيح) كان شعره دون الجمة و فوق الوفرة (ت في الشمائل ه) عن عائشة

200. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى مۈرىسىدىن سەل ئۇستۇنرەك، قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىدىن سەل پەسرەك ئىدى. ئەبۇ داۋۇد 3655 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1677 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3625 ـ ھەدىس، سەھىھ. جۈممە مۈرىسىگە چۈشكەن چاچ، ۋەفرە قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىغىچە يەتكەن چاچ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېچى مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىدى.

## 201 (صحيح) كان شيبه نحو عشرين شعرة (ت في الشمائل ه) عن ابن عمر

201. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاق چاچ، ئاق ساقاللىرى 20 تال ئەتراپىدا ئىدى. تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 202 (صحيح) كان ضخم الرأس و اليدين و القدمين (خ) عن أنس

202. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باش سۆڭىكى چوڭ، كۆچلۈك ئىدى، ئىككى قول، ئىككى پۇتى توم ئىدى، يەنى گۆشلۈك ئىدى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

## 203 (حسن) كان ضخم الهامة عظيم اللحية (البيهقي)عن علي

203. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بېشى گۆشلۈك ئىدى، باش سۆڭىكى چوڭ ئىدى، ساقىلى قويۇق ئىدى. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

## 204 (صحيح) كان ضليع الفم أشكل العينين منهوس العقب (م ت) عن جابر بن سمرة

204. جابىر ئىبنى سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ





ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاغزى كەڭ، ئىككى كۆزىنىڭ ئېقىدا قىزىللىق بار ياكى كۆزىنىڭ چانقى ئۇزۇن، تاپىنىنىڭ گۆشى ئاز ئىدى. مۇسلىم 4314 ـ ھەدىس، تىرمىزى 3580 ـ ھەدىس، ئەھمەد 20080 ـ ھەدىس، دارىمىۋ توپلىغان، سەھىھ.

## 205 (حسن) كان طويل الصمت قليل الضحك (حم) عن جابر بن سمرة

205. جابىر ئىبنى سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز قىلماستىن سۈكۈتتە ئۇزۇن تۇراتتى، ناھايىتى ئاز كۈلەتتى. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

## 206 (حسن) كان في كلامه ترتيل أو ترسيل (د) عن جابر

206. جابىرئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزنى ئالدىرىماي ئاستا ـ ئاستا، دانىمۇ ـ دانە قىلاتتى، مۆھلەت بېرىپ قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد 4198 ـ ھەدىس، ھەسەن.

## 207 (صحيح) كان كثير العرق (م) عن أنس

207. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپ تەرلەيتتى، (تەرلىرى ئۈنچە مارجاندەك سۈزۈك ئىدى). مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 208 (صحيح) كان كثير شعر اللحية (م) عن جابر بن سمرة

208. جابىر ئىبنى سەمۇرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساقىلى قويۇق، كۆپ ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 209 (حسن) كان كلامه كلاما فصلا يفهمه كل من سمعه (د) عن عائشة

209. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى تەپسىلىي، ئوچۇق، رۇشەن، ئېنىق ئىدى، ئاڭلىغانلىكى كىشى ئېنىق چۈشىنەلەيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

## 210 (صحيح) كان لنعله قبالان (ت) عن أنس

210. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايىغى ئۈچۈن ئىككى تال، پۇتىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدا تۇرىدىغان بوغۇچ، شوينا بار ئىدى، (ئۇنى ئىلدۇرۇۋالاتتى). تىرمىزى 1695 ـ ھەدىس،

نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 211 (صحيح) كان له جفنة لها أربع حلق (طب) عن عبدالله بن بسر

211. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆت ھالقىسى بار ئۇن كىشى تويغىدەك تائام پاتىدىغان چوڭ داس قاچىسى بار ئىدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 212 (صحيح) كان له حمار اسمه عفير (حم) عن علي (طب) عن ابن مسعود

212. ئەلى ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇپەير ئىسىملىك بىر ئېشىكى بار ئىدى. ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 213 (حسن) كان له خرقة يتنشف بها بعد الوضوء (ت ك) عن عائشة

213. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇن بىر پارچە لاتا، رەخت يەنى قول ياغلىق بار بولۇپ، تاھارەتتىن كېيىن شۇ لۆڭگە بىلەن سۈرتەتتى، يەنى تاھارەت سۈيىنى ئېيتاتتى. تىرمىزى 48 ـ ھەدىس، ئۇ زەئىپ دېگەن بولسىمۇ ئەلبانى، ھاكىمۇ توپلىغان ھەدىس بىلەن ھەسەن دېگەن، يەنى ھەسەنگە كۆتۈرۈلىدۇ.

## 214 (صحيح) كان له سكة يتطيب منها (د) عن أنس

214. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆككەت ئىسىملىك قىممەت باھالىق ناھايىتى ياخشى خۇشپۇراق ئەتىرىسى بار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ ئەتىردىن ئىشلىتەتتى. ئەبۇ داۋۇد 3631 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## كان له قدح من عيدان تحت سريره يبول فيه بالليل (د ن ك) عن أميمة بنت رقيقة

215. ئۇمەيمەت بىنتى رەقىيقە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ياغاچتىن تەرەت قاچىسى بار ئىدى، بۇ قاچا كارىۋىتىنىڭ ئاستىدا بولۇپ، كېچىسى (ياكى كېسەل بولۇپ قالسا) شۇ قاچىغا كىچىك تاھارەت قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 216 (صحيح) كان له قصعة يقال لها الغراء يحملها أربعة رجال (د) عن عبدالله بن





## بسر

216. ئابدۇللاھ ئىبنى بۇسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ غەررائ ئىسىملىك چوڭ بىر داس قاچىسى بار ئىدى، ئۇنى تۆت كىشى كۆتۈرۈپ يۆتكەيتتى، قۇربانلىق قىلسا، شورپىنى، گۆشلىرى بىلەن شۇ قاچىغا تۆكۈپ، ساھابىلىرى بىلەن بىرگە چۆرىسىدىن، ئەتراپىدىن يەيتتى، چۈنكى، بەرىكەت ئوتتۇرىغا چۈشىدۇ. ئەبۇ داۋۇدنىڭ 3281 ـ ھەدىسى، ئىبنى ماجە 3254 ـ ھەدىس. سەھىھ.

## 217 (صحيح) كان له مؤذنان: بلال و ابن أم مكتوم الأعمى (م) عن ابن عمر

217. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى مۇئەززىنى بار ئىدى، بىرى بىلال، يەنە بىرى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇممە مەكتۇم، بۇئەما كىشى ئىدى. ئىمام مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## كان له ملحفة مصبوغة بالورس و الزعفران يدور بها على نسائه فإذا كانت ليلة هذه رشتها بالماء و إذا كانت ليلة هذه رشتها بالماء و إذا كانت ليلة هذه رشتها بالماء (خـط) عن أنس

218. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەرەس دېگەن خۇشپۇراق گۈل ۋە زەپىران بىلەن بويالغان يېپىنچىسى بار ئىدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يېپىنچا بىلەن ئاياللىرنى ئايلىنىپ چىقاتتى، ماۋۇ ئايالنىڭ كېچىسى بولغاندا، ئۇنىڭغا يەنى يېپىنچىسىغا سۇ سېپىپ قوياتتى، ئانىڭغىمۇ شۇنداق، يەنە بىر ئايالنىڭ كېچىسى يەنى نۆۋىتى كەلسە، ئۇ پۇركەنجە، يېپىنچىسىغا سۇ سېپىپ قوياتتى. (مەخسەت، خۇشپۇراق پۇراش ئىدى) خەتىيب توپلىغان، سەھىھ. ئى مۇسۇلمانلار! ئاياللىرىڭلار بىلەن بىللە بولغاندا، تازىلىقتا، خۇشپۇراقتا دىققەت قىلىڭلار، ئاياللارمۇ شۇنداق قىلىڭلار.

## 219 (صحيح) كان مما يقول للخادم: ألك حاجة ؟ (حم) عن رجل

219. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خىزمەتكار خادىمغا دەيدىغان سۆزى، ھاجىتىڭ بارمۇ؟ بىرەر نەرسە لازىممۇ؟ دېيىش ئىدى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 220 (صحيح) كان وجهه مثل الشمس و القمر و كان مستديرا (م) عن جابر بن سمرة

220. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۈزى خۇددى قۇياشقا، ئايغا ئوخشاش نۇرلۇق ئىدى، يۇملاق گۈزەل ئىدى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## 221 (صحيح) كان وسادته التي ينام عليها بالليل من أدم حشوها ليف (حم د ت ه) عن عائشة

221. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ كېچىسى بېشىنى قويۇپ ئۇخلايدىغان ياستۇقى تېرىدىن ئىدى، ئۇنىڭ ئىچىگە سالغان سېلىنچا، خورما قوۋزىقى ئىدى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 223 (صحيح) كان لا يؤذن له في العيدين (م د ت) عن جابر بن سمرة

223. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن ئىككى ھېيت نامىزىدا ئەزان توۋلانمايتتى، يەنى ھېيت نامىزىنى ئەزان تەكبىرسىز ئوقۇيتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 224 (صحيح) كان لا يأكل متكئا و لا يطأ عقبه رجلان (حم) عن ابن عمرو

224. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېمەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئارقىسىدا كىشىلەر ماڭمايتتى، (يەنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمتەرلىك قىلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا ماڭماي ئارقىسىدا ماڭاتتى، شۇنداقلا ئارقىسىنى پەرىشتىلەرگە قالدۇراتتى). ئەبۇ داۋۇد 3278 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 240 ـ ھەدىس، ئەھمەد 6262 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 225 (صحيح) كان لا يتطير و لكن يتفاءل (الحكيم البغوي) عن بريدة

225. بۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇم پال ئالمايتتى، ياخشى پال ئالاتتى. ھەكىيم، بەغۋى توپلىغان، سەھىھ.





## 226 (حسن) كان لا يتعار من الليل إلا أجرى السواك على فيه (ابن نصر) عن ابن عمر

226. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئۇيقىسىدىن ئويغۇنۇپلا قالسا، ئاغزىغا مىسۋاك سالاتتى. ئىبنى نەسىر توپلىغان، سەھىھ. (شۇنىڭ ئۈچۈن رەببى رازى بولۇپ، ئاغزى پاك بولۇپ، چىشى ئاغرىمايتتى).

## 227 (حسن) كان لا يتوضأ بعد الغسل (حم ت ن ه ك) عن عائشة

227. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غۇسلى تاھارەت ئالغاندىن كېيىن، يەنە كىچىك تاھارەت ئالمايتتى، (يەنى يۇيۇنۇپلا ناماز ئوقۇيتتى، قايتا كىچىك تاھارەت ئالمايتتى، چۈنكى، غۇسلىدە ئالغان ئىدى). ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

## 228 (صحيح) كان لا يجد من الدقل ما يملأ بطنه (طب) (وغيره م ت حـم)عـن النعمان بن بشير

228. نۇئمان ئىبنى بۇشەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قورسىقى تويغىدەك قۇرۇق خورمىمۇ تاپالمىغان ئىدى، (يەنى سىلەر ھازىر ئۈزۈۋېلار خالىغان تائام، شاراپلار ئىچىدە لەززەت پەيزىنى سۈرىۋاتىسىلەر، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىمۇ باشتىن كەچۈرگەن). مۇسلىم 5288 ـ ھەدىس، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ئەھمەد، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## كان لا يخرج يوم الفطر حتى يطعم و لا يطعم يوم النحر حتى يذبح (حم ت ه ك) عن بريدة

229. بۇرەيدەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت نامىزىغا تاماق يېمىگىچە چىقمايتتى، قۇربان ھېيت كۈنى بولسا، قۇربانلىقنى بوغۇزلىمىغىچە تاماق يېمەيتتى، (جىگەردىن ناشتا قىلاتتى). ئەھمەد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ھەدىس ئەنە شۇنداق ئاددى چۈشەنچە بېرىدۇ، ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش يوق، قۇربان ھېيت كۈنى روزا

تۇتۇپ، زوھۇرلۇق يەپ نامازدىن كېيىن ئېپتار قىلسا مۇنداق ـ مۇنداق ساۋاب بولىدۇ، بىر كۈنلۈك روزىنىڭ ساۋابى بولىدۇ دېگەن سۆزلەر يالغانچى، كاززاپنىڭ سۆزىدۇر. ئىككى ھېيت كۈنى روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

## 230 (صحيح) كان لا يدخر شيئا لغد (ت) عن أنس

230. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەرگىز ئەتە ئۈچۈن نەرسە ئېلىپ يوشۇرۇپ قويمايتتى. (يەنى شۇنداق سېخى مەرت ئىدى). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 231 (صحيح) كان لا يدع أربعا قبل الظهر و ركعتين قبل الغـداة (خ د ن) عـن عائشة

231. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىننىڭ ئالدىدىكى تۆت رەكئەت سۈننەتنى بامداتنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەكئەت سۈننەتنى ھەرگىز تەرك ئەتمىگەن. (يەنى بۇ نامازلار كۈچلۈك سۈننەتتۇر). بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئىلار توپلىغان، سەھىھ.

## 232 (صحيح) كان لا يدع صوم أيام البيض في سفر و لا حضر (طب) عـن ابـن عباس

232. ئىبنى ئابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردە بولسۇن، يۇرتىدا مۇقىم ھازىر بولسۇن، ئاق كۈنلەردە، يەنى ئاينىڭ 13 ـ ،14 ـ ، 15 ـ كۈنلىرى روزا تۇتۇشنى ھەرگىز تەرك ئەتمەيتتى، (سەپەر قىلسىمۇ مۇقىم تۇرسىمۇ تۇتاتتى). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 233 (صحيح) كان لا يدع قيام الليل و كان إذا مرض أو كسل صلى قاعدا (د ك) عن عائشة

233. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى ھەرگىز تەرك ئەتمەيتتى، ئاغرىپ قالسا، كېسەل بولۇپ قالسا، نامازنى ئولتۇرۇپ ئوقۇيتتى، (ئۇخلاپ قالسا، كېسەل بولسا، كۈندۈزى 12 رەكئەت ئوقۇيتتى، چۈنكى، ئەمەلدە نامازدا مۇقىم تۇراتتى). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى

## 234 (صحيح) كان لا يدفع عنه الناس و لا يضربوا عنه (طب) عن ابن عباس

234. ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى قوغداتمايتتى، قوغداپ مۇداپىئە قىلىپ ماڭىدىغان كىشى يوق ئىدى، كىشىلەرمۇ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوغداپ مۇداپىئە قىلىپ ئۇرۇشۇپ كەتمەيتتى،(كىشىلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەتمەيتتى ۋەيۈزئۆرۈۋالمايتتى) (چۈنكى، ئاللاھ ئۆزى قوغداپ كەتكەن، پەرىشتىلەر ھەمراھ ئىدى، جەڭدە مۇداپىئە قىلىشلار بار ئىدى، لېكىن، ناھايىتى ئازدۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 235 (صحيح) كان لا يراجع بعد ثلاث (ابن قانع) عن زياد بن سعد

235. زەيياد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم ئىزنى رۇخسەت سورىغاندىن كېيىن قايتا مۇراجىئەت قىلمايتتى، يەنى رۇخسەت سوراۋەرمەي قايتىپ كېتەتتى. ئىبنى قانىئ توپلىغان، سەھىھ.

## 236 (صحيح) كان لا يرد الطيب (حم خ ت ن) عن أنس

236. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خۇشپۇراق ئەتىر ھەدىي، سوۋغا قىلىنسا، ئۇنى رەت قىلمايتتى، قايتۇرمايتتى. ئەھمەد، بۇخارى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 237 (حسن) كان لا يرقد من ليل فيستيقظ إلا تسوك (ش د) عن عائشة

237. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئۇخلاپ ئويغۇنۇپلا قالسا، مىسۋاك سالاتتى. ئەبۇ شەيبە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 238 (صحيح) كان لا يسأل شيئا إلا أعطاه أو سكت (ك) عن أنس

238. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بىرەر نەرسە سورىلىپلا قالسا، بېرەتتى، ياكى ئالدىدا نەرسە بولمىسا جىم، سۈكۈتتە تۇراتتى، (ياكى ۋەدە بېرىپ كېيىن بېرەتتى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 239 (صحيح) كان لا يستلم إلا الحجر و الركن اليماني (ن) عن ابن عمر

239. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت ھەجەر ئەسۋەتنى رۇكنى يامانى دېگەن ئىككى تاشنىلا سۆيەتتى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. ھازىرمۇ ھاجىلار سۆيىدۇ.

## 240 (حسن) كان لا يصافح النساء في البيعة (حم) عن ابن عمرو

240. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيئەت قىلغاندىمۇ ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمىگەن. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن. چۈنكى، يۇقىرىدا مەن، ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيمەن دېگەن سەھىھ ھەدىس ئۆتتى. ھازىر تور بەتلىرىدە ئالىملار بۇ توغرىسىدا مۆجىزە ئىلان قىلدى، ئۇ بولسىمۇ، ئەر – ئاياللارنىڭ قوللىرىدا يەنى سىلاش سىزىمىدا، ئاڭلاش، كۆرۈش، پۇراش، تېتىش سىزىملىرىدا مەلۇم مىقداردا جىنسى ھېسسىياتنى، شەھۋەت، ھەۋەسنى قوزغايدىغان ھۆجەيرە بار ئىكەن، ھازىر مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ھېسسىياتنى قوزغاش دورىلىرى ئىشلەنمەكتە، ھەزەر قىلىڭلار.

## كان لا يصلي الركعتين بعد الجمعة و لا الركعتين بعد المغرب إلا في أهله (الطيالسي) عن ابن عمر

241. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمەدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت ناماز بىلەن شامدىن كېيىنكى ئىككى رەكئەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

## 242 (صحيح) كان لا يصلي المغرب حتى يفطر و لو على شربة من الماء (ك هـب) عن أنس

242. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گەرچە سۇ ئوتلاپمۇ بولسا ئېپتار قىلمىغىچە شام نامىزىنى ئوقۇمايتتى، ئېپتار قىلىپ ئاندىن شام نامىزىنى ئوقۇيتتى. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 243 (حسن) كان لا يصلي قبل العيد شيئا فإذا رجع إلى منزله صلى ركعتين (ه) عن أبي سعي





243. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن ناماز ئوقۇمايتتى، ئۆيگە قايتقاندا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

## 244 (حسن) كان لا يصيبه قرحة و لا شوكة إلا وضع عليها الحناء (ه) عن سلمة

244. سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىرەر جاراھەت ياكى شوخا ـ تىكەن كىرىپ مۇسىبەت يەتكۈزسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېنىنى قويۇپ تاڭاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

## 245 (صحيح) كان لا يضحك إلا تبسما(حم ت ك) عن جابر بن سمرة

345. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت تەبەسسۇم قىلىپلا كۈلەتتى، يەنى كۈلسە، تەبەسسۇم قىلاتتى خالاس. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 246 (صحيح) كان لا يطرق أهله ليلا (حم ق ن) عن أنس

246. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلسە، ئەھلىگە تۇيۇقسىز كېچىسى كىرمەيتتى، مۆھلەت بېرىپ كىرەتتى، (ھەم كېچىسى يالغۇز يول يۈرۈشتىن توسقان). ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 247 (صحيح) كان لا يطيل الموعظة يوم الجمعة (د ك) عن جابر بن سمرة

247. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى ۋەز – نەسىھەتنى بەك ئۇزۇن قىلمايتتى، (ئاز قىلىپ، ساز قىلاتتى). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## كان لا يعرف فصل السورة حتى ينزل عليه (بسم الله الرحمن الرحيم) (د) عن ابـن عباس

248. ئىبنى ئاببا س رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، «بىسمىللاھىررەھمانىررەھىيم» نازىل بولمىغىچە سۈرىنىڭ پەسلىنى، پاسىلىنى تونۇيالمايتتى، (كېيىن بۇ، سۈرىنىڭ پاسىلىنى ئايرىپ كۆپ كەلگەچكە، ئۇششاق سۈرىلەر مۇفەسسەل دەپ ئاتالغان). ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 249 (صحيح) كان لا يغدو يوم الفطر حتى يأكل (سبع تمرات) (طب) عن جابر بن سمرة

249. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەتتە تال خورما يېمىگىچە روزا ھېيت كۈنى نامازغا ئەتىگەندە بارمايتتى. تەبرانى تويلىغان، ئەلبانى نەرسە يېمىگۈچە روزا ھېيت نامىزىغا بارمايتتى دىگىنى سەھىھ، يەتتە خورما دىگىنى زەئىپ دېگەن. يۇقىرىدىمۇ ئاۋۋال ناشتا قىلىپ، تاماق يەپ بارغانلىقى ئۆتتى.

## 250 (صحيح) كان لا يقرأ القرآن في أقل من ثلاث (ابن سعد) عن عائشة

250. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا تامام ئوقۇپ تۈگەتمەيتتى، ئۈچ كۈندىن يۇقىرى كۈندە تۈگىتىپ ئوقۇيتتى. ئىبنى سەئىد تويلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدىمۇ قۇرئاننى ئۈچ كۈندىن ئاز ۋاقىتتا ئوقۇپ تۈگەتكەن كىشى فىقھى قىلىپ چۈشىنەلمەيدۇ دېگەن ھەدىس ئۆتتى، لېكىن، ئۇ چۈشەنمىسىمۇ يەنىلا ئەجىر ساۋابنى ئېلىۋېرىدۇ، مەخسەت چۈشىنىپ ئوقۇش.

## كان لا يقوم من مجلس إلا قال: سبحانك اللهم ربي و بحمدك لا إله إلا أنت أستغفرك و أتوب إليك و قال: لا يقولهن أحد حيث يقوم من مجلسه إلا غفر له ما كان منه في ذلك اللس (ك) عن عائشة

251. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر مەجلىسدىن قوپۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپلا قالسا، مۇنداق دەيتتى: ئى ئاللاھ، سىلى پاك، سىلى مېنىڭ رەببىم، مەن سىلىگە ھەمدۇسانا ئېيتىمەن، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، مەن سىلىدىن گۇناھىمنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى سورايمەن، سىلىگە تۆۋبە قىلىمەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق كىشى بىرەر مەجلىسدىن تۇرۇپ قالسا، ئاندىن بۇ سۆزلەرنى دېسە، شۇ مەجلىسدە ئۆتىنىڭدىن سادىر بولغان گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ھاكىم تويلىغان، سەھىھ.

## 252 (صحيح) كان لا يكاد يسأل شيئا إلا فعله (طب) عن طلحة

252. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى





ۋەسەللەمدىن بىرەر ئىشنى قىلىپ بېرىش سورىلىپلا قالسا، ئۇ ئىشنى قىلىپ بېرەتتى. تەبرانى تويلىغان، سەھىھ.

## 253 (صحيح) كان لا يكاد يقول لشيء لا فإذا هو سئل فأراد أن يفعل قال: نعم و إذا لم يرد أن يفعل سكت (ابن سعد) عن محمد ابن الحنفية مرسلا

253. مۇھەممەد ئىبنى ھەنىيفىييە رەھمەھۇللادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سورالغان نەرسىگە ياق، يوق دىمەيتتى، قىلىشنى ئىرادە قىلغان ئىشدىن سورالسا، ھەئە، ماقۇل دەيتتى، قىلىشنى ئىرادە، مەخسەت قىلمىغان ئىشدىن سورالسا، سۈكۈتتە جىم تۇراتتى، (بۇنىڭ ئۆزى رەت قىلىش ئىدى، بولسا بېرەتتى، بولمىسا ۋەدە بېرىپ كېيىن ئىجرا قىلاتتى). ئىبنى سەئىد تويلىغان، سەھىھ.

## 254 (صحيح)كان لا يلتفت وراءه إذا مشى (و كان ربما تعلق رداؤه بالشجرة فلا يلتفت حتى يرفعوه عليه (ابن سعد الحكيم ابن عساكر) عن جابر

254. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا، ئارقىسىغا قارىمايتتى. ئىبنى سەئىد، ھەكىيم، ئىبنى ئەساكىر تويلىغان، سەھىھ. ئەلبانى، بۇ سەھىھ، لېكىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا ماڭسا رىدا، تونلىرى دەرەخ شاخلىرىغا ئىلىنىشىپ قالسىمۇ ئارقىسىغا قارىمايتتى، ساھابىلار ئېلىپ بېرەتتى دېگەن بۇ سۆزلەر مۇبالىغە، زەئىپ دېگەن.

## 255 (صحيح) كان لا يمنع شيئا يسأله (حم) عن أبي أسيد الساعدي

255. ئۇبۇئوسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، باشقىلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىغانلا نەرسىنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەتتى، چەكلەپ توسمايتتى. ئەھمەد تويلىغان، سەھىھ.

## كان لا ينام إلا و السواك عند رأسه فإذا استيقظ بدأ بالسواك (حم محمد بن نصر) عن ابن عمر

256. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇخلىسا، مىسۋاك بېشىدا تۇراتتى، ئويغانسىلا مىسۋاك سىپلىش بىلەن باشلايتتى. ئەھمەد، مۇھەممەد، ئىبنى نەسر تويلىغان، ھەسەن.

## كان لا ينام حتى يقرأ (الم تنزيل السجدة و (تبارك الذي بيده الملك)) (حم ت ن ك) عن جابر

257. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «ئەلىف لام، مىم، تەنزىيل سەجدىنى» تەبارەكەللەزىي بىيەدىھىلمۇلكۇنى يەنى سۈرە سەجدە بىلەن سۈرە مۈلكنى ئوقۇپ بولمىغىچە ئۇخلىمايتتى. بۇ سۈرىلەرنى ئوقۇۋېتىپ ئۇخلايتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 258 (صحيح) كان لا ينام حتى يقرأ بني إسرائيل و الزمر (حم ت ك) عن عائشة

258. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە ئىسرائىنى يەنى بەنى ئىسرائىل تىلغا ئېلىنغان سۈرە بىلەن سۈرە زۇمەرنى ئوقۇپ بولمىغىچە ئۇخلىمايتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 259 (صحيح) كان يؤتى بالتمر فيه دود فيفتشه يخرج السوس منه (د) عن أنس

259. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قۇرۇتى بار خورما كەلتۈرۈلسە، ئۇنى تەكشۈرۈپ، قۇرتىنى چىقىرۋېتىپ يەيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ئۇنى بىلمەي يىسە بولىدۇ، ھالال.

## 260 (صحيح) كان يؤتى بالصبيان فيبرك عليهم و يحنكهم و يدعو لهم (ق د) عـن عائشة

260. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەبىي، كىچىك باللار كەلتۈرۈلسە، ئۇلارغا بەرىكەت تىلەيتتى، ئۇلارنى ئېغىزلاندۇراتتى، ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## كان يأتي ضعفاء المسلمين و يزورهم و يعود مرضاهم و يشهد جنائزهم (ع طب ك) عن سهل بن حنيف

261. سەھلى ئىبنى ھەنىيف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلارنىڭ زەئىپ، ئاجىز كىشىلىرىنىڭ قېشىغا كېلەتتى، ئۇلارنى زىيارەت قىلاتتى، كېسەللىرىنى يوقلايتتى، ئاجىز، پېقىر، مىسكىن





كىشىلەرنىڭمۇ جىنازىسىغا ھازىر بولۇپ نامازغا قاتنىشاتتى. ئەبۇ يەئلا، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## كان يأكل البطيخ بالرطب (ه) عن سهل بن سعد (ت) عن عائشة (طب) عن عبدالله بن جعفر

262. سەھلى ئىبنى سەئىد، ئائىشە، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، قوغۇن-تاۋۇزنى خورما بىلەن يەيتتى. ئىبنى ماجە، تىرمىزى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## كان يأكل البطيخ بالرطب و يقول: يكسر حر هذا ببرد هذا و برد هذا بحر هـذا (د هق) عن عائشة

263. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوغۇننى خورما بىلەن يەيتتى، ۋە مۇنداق دەيتتى: بۇنىڭ ھارارىتى، ئىسسىقلىقى يەنى خورمىنىڭ ئىسسىقلىقى، ماۋۇنىڭ يەنى قوغۇننىڭ سوغۇقلىقى بىلەن سۇندۇرۇلىدۇ، بۇ قوغۇننىڭ سوغۇقلىقى بولسا، خورمىنىڭ ئىسسىقلىقىنىڭ باراۋىرىدە بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 264 (صحيح) كان يأكل القثاء بالرطب (حم ق 4) عن عبدالله بن جعفر

264. ئابدۇللاھ ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرخەمەكنى خورما بىلەن يەيتتى. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، ھەتتا بۇخارى 5020 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3806 ـ ھەدىسدە بار بولۇپ، سەھىھ. بۇ تەرخەمەك، قوغۇننىڭ ئۇزۇنچاق كىچىكى بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا خوڭگەي دېيىلىدۇ، بەزى خاتىرىدە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىككىسىنى ئىككى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ يېگەن دېيىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئىككى خىل نەرسىنى ئىككى قولدا يىسە دۇرۇس بولىدۇ، مەسىلەن: قوغۇن ـ تاۋۇز بىلەن ناننى يېگەندەك.

## كان يأكل الهدية و لا يأكل الصدقة (حم طب) عن سلمان (ابن سعد) عن عائشـة وعن أبي هريرة

265. سەلمان، ئائىشە، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىي، ئېھساننى يەيتتى، سەدىقە، ئۆشرە ـ زاكاتنى

يەمەيتتى. ئەھمەد، تەبرانى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

## 266 (صحيح) كان يأكل بثلاث أصابع و يلعق يده قبل أن يمسحها (حم م د) عـن كعب بن مالك

266. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ بارمىقى بىلەن يەيتتى، قولىنى سۈرتىشتىن لۆڭگىگە ئېيتىشتىن بۇرۇن يالىۋېتەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 267 (صحيح) كان يأكل مما مست النار ثم يصلي و لا يتوضأ (طب) عن ابن عباس

267. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوت تەگكەن نەرسىدىن يەنى گۆش، كاۋاپىدىن يەيتتى، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇۋېرەتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇنى يۇقىرىدا سۆزلىگەن بولۇپ، تۆگە گۆشى يىسە ياكى گۆش كاۋاب يىسە تاھارىتى سۇنمايدۇ. تاھارەت ئالمىسىمۇ بولىدۇ دېگەن.

## 268 (صحيح) كان يأمر أن نسترقي من العين(م) عن عائشة

268. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى كۆز تېگىشتىن ئايىتى شىپا ئوقۇشنى، ئوقۇتۇشىمىزنى بۇيرىيتتى. مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، كېسەل ئىككى قىسىم بولىدۇ، بۇ كېسەل كىتابەتتىن داۋالىنىدۇ، يەنە بىرى بولسا، تىبابەتتىن داۋالىنىدۇ. سېھرى سۈي ـ قەستت، جىن ـ ئاۋاستىلاردىن، كۆز تېگىشتىن، ھەسەددىن، روھى، مەنىۋى كېسەللەر كىتابەتتىن يەنى قۇرئان ئايىتى، سەھىھ ھەدىسدىكى دۇئالار، ئايىتى شىپالار بىلەن داۋالىنىدۇ، كۆرسەتمىدىن قىلچىلىك چەتنەشكە بولمايدۇ، بىدئەت، خۇراپات، شېرىك قەتئىي بولماسلىق شەرت، قىلىچ، نەيزە، ئوقيا بىلەن جاراھەتلەنگەندەك تىبابەتتىن بولغان ئىسسىق ـ سوغۇقدىن بولغان كېسەللەر، تىبابەت تەرىپىدىن داۋالىنىدۇ، كېسەل بولسىلا شىپاسى، داۋاسى باردۇر، داۋالىنىڭلار، لېكىن، شېرىكدىن، بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭلار، كىتابەتتىن، تىبابەتتىن داۋا، شىپا تېپىلمىسا، ساقايمىسا، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ ئىمان ئۈستىدە ياخشى ئەمەل ئۈستىدە ئۆلۈمنى، ئۆلۈم پەرىشتىسىنى كۈتۈڭلار، بەربىر ئۆلىمىز، تۆۋبە قىلىپ ھەق ئۈستىدە ئۆلۈڭلار، ھەرخىل ئىشلار، سېھرىگەر، كاھىنلار سەۋەبىدىن شېرىك ئىشلارنى قىلىپ، ئىماندىن قۇرۇق قالماڭلار!



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى

## 269 (صحيح) كان يأمر بإخراج الزكاة قبل الغدو للصلاة يوم الفطر (ت) عن ابن عمر

269. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەدىقە، پىتىر، زاكىتىنى روزا ھېيت كۈنى ھېيت نامىزىغا چىقىشتىن بۇرۇن ئادا قىلىپ بېرىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى، (چۈنكى، نامازدىن كېيىن بەرسە دۇرۇس ئەمەس). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 270 (صحيح) كان يأمر بالعتاقة في صلاة الكسوف (د ك) عن أسماء

270. ئەسمائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن، ئاي تۇتۇلغاندا، كۇسۇف نامىزىدا يەنى كۈن تۇتۇلغاندا ناماز ئوقۇش جەريانىدا قۇل ئازاد قىلىشقا بۇيرۇيتتى، سەدىقىگە بۇيرۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 271 (حسن) كان يأمر بتغيير الشعر مخالفة للأعاجم (طب) عن عتبة

271. ئۇتبەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاق چاچلارنى، ئەجەملەرگە، ئەجنەبىيلەرگە يەنى يەھۇدىي، ناسارا، مۇشرىك، دىنسىزلارغا خىلاق ھالدا ئۇلارغا ئوخشىۋالماي، بوياپ ئۆزگەرتىشكە بۇيرۇيتتى. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن، كىيىم ـ كېچەك، چاچ پوسۇنلاردىمۇ دىنسىزلارنىڭ ئەكسىچە، تەتۈرىچە مۇسۇلمانچە قىلىشىمىز لازىم.

## 272 (صحيح) كان يأمر بناته و نساءه أن يخرجن في العيدين(حم) عن ابن عباس

272. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزلىرىنى، ئاياللىرىنى ئىككى ھېيت نامىزىغا چىقىشقا، ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاشقا بۇيرۇيتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. ھەدىستە ئاياللار ھېيت نامىزىغا چىقىپ، يەنى ھىجاپ بىلەن چىقىپ ۋەز ـ نەسىھەت ئاڭلاش خاتىرلەنگەن، ئاياللار مەسجىدى ئايرىم بولسا، ياكى ئەرلەر مەسجىدىنىڭ يېنىدا ئاياللار مەسجىدى بولسا، چىقىپ نەسىھەت ئاڭلاپ، ناماز ئوقۇسا، جۈمە كۈنىمۇ شۇنداق قىلسا دۇرۇس بولىدۇ، شەرتى پىتنە ـ پاساد بولماسلىق، بولۇپمۇ ئاياللار ھىجاپلىنىشى لازىم، بۇ مەسىلىنى بەزىلەر پەرز، ۋاجىپ دېسە، بەزىلەر پىتنە ـ پاساد بولسا ۋاجىپ بولمىسا ھارام ئەمەس، ھىجاپ بولمىسىمۇ بولىدۇ دەپ باقتى، مەدىنە ئالىملىرى خۇسۇسەن بىنباز، ئۇسەيمىن، شىنقتىي، ئابدۇرەھمان سەئدى،

پەۋزان قاتارلىقلار ۋاجىپ دېگەن، ھەم بۇ توغرىسىدا مەخسۇس كىتابلار يازغان. مەسىلەن: ئۇسەيمىنىنىڭ ھىجاپ نامىلىق كىتابى بار، بۇ كىتابدا يۈزىنى ئاچسا بولىدۇ دەپ كۆرسىتىلگەن بەش دەلىلگە قارشى يۈزنى يۆگەش، ھىجاپ ۋاجىپ يەنى پەرىز دەپ يەتتە دەلىل كەلتۈرۈلگەن. قارشى تەرەپنىڭ يۈزىنى ئېچىۋەتسە بولىدۇ دېگەن دەلىللىرىگە قارشى قانائەتلىنەرلىك جاۋابلارنى بەرگەن. مەسىلەن: ماۋۇنىڭ بىلەن ماۋۇنى يەنى يۈزى بىلەن ئالقىنىنى ئوچۇق قويسا بولىدۇ دېگەن ھەدىسنى زەئىپ دېگەن، يەنى ھۆججەت بولالمايدۇ. ئەبۇداۋۇد رەھ بۇھەدىسنى مۇرسەل دېگەن.خۇلاسە سۆز شۇكى، دىنىنى، قۇرئاننى، ھەدىسلەرنى، ساھابىلەر بىلەن تابىئىنلار توغرا چۈشىنىدۇ، ئۇلاردىنمۇ ئاللاھ ۋە ئەلچىسى رازى بولغان، ماختاپ مەدھىيىلىگەن، ئۇلارنىڭ توغرا ھەق بولىدۇ، ئۇلار سەلەف، سالىھ، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائە ئەڭ ياخشى ئەڭ تەقۋا كىشىلەر، توغرا دىن، توغرا چۈشەنچە، توغرا كۆز قاراش، ھەق، توغرا تەپسىر ئۇستىدە ئىدى، ئۇنداق بولسا بۇ مەسىلىگە ساھابىلارغا ۋاكالىتەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئايالLAR پۈتۈن بەدەنلىرىنى يۆگەيدۇ، ھېچ يېرىنى ئوچۇق قويمايدۇ، يۈزى ئالقاندىن تارتىپ زىنىنەتلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ، پەقەت بىر كۆزىنى، كۆرۈش ئۈچۈن ئوچۇق قويىدۇ، پەقەت بىر كۆزىنى دېگەن، تابىئىنلارغا ۋاكالىتەن ھەسەن بەسرى، ئايالLAR پۈتۈن يېرىنى يۆگەپ، ئىككى كۆزىنىلا ئوچۇق قويسا بولىدۇ دېگەن، مانا بۇ ساھابە، مانا بۇ تابىئىن بۇلارنىڭ بۇ سۆزلىرى، تەپسىرلىرى، تەپسىر ئىبنى كەسىرنىڭ سۇرە نۇر، سۇرە ئەھزاپلاردا چىقىدۇ، ھەق چۈشىنىڭ، سىز ئالىممۇ؟ ساھابىلار، تابىئىنلارمۇ؟، پالانى دوكتۇر، ماگىستىر، پەيلاسوفلار ئالىممۇ؟ ئەڭ توغرىسى ساھابىلار، تابىئىنلارنىڭ ئۇلار قۇرئانغا، سەھىھ ھەدىسكە ئەقىيدە، ئىبادەت جەھەتتىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئالىمراقى، تەقۋاراقى، ياخشىراقىدۇر، شۇلارنىڭ توغرا، ھەق راستتۇر، بىزگە ئۇلاردىن باشقا پەتىۋا لازىم ئەمەس.(ئەڭ ياخشىسى تەفسىر تەبرىينى كۆرۈڭ 310 ـ يىللىرى ھ).

## 273 (صحيح)كان يأمر من أسلم أن يختتن (و لو كان ابن ثمانين سنة) (طب) عـن قتادة الرهاوي

273. قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمان بولغان كىشىنى خەتنە قىلدۇرۇشقا بۇيرۇيتتى. تەبرانى توپلىغان، ئەلبانى بۇ سەھىھ، لېكىن، گەرچە 80 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ دېگەن لەۋزى سەھىھ ئەمەس، زەئىپ دېگەن. لېكىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام 80 ياشتا ئۆزىنى خەتنە قىلغىنى سەھىھ. چوڭ، قېرى كىشىلەرمۇ مۇسۇلمان بولسا ئۆزىنى خەتنە





قىلدۇرۇشى لازىم، بۇ سۈننەت. مەخسەت يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلار خەتنە قىلىنىدۇ.

## 274 (صحيح)كان يأمر نساءه إذا أرادت إحداهن أن تنام أن تحمد ثلاثا و ثلاثين و تسبح ثلاثا و ثلاثين و تكبر ثلاثا و ثلاثين (ابن مندة) عن حابس

274. ھابىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ بىرەرسى ئۇخلاشنى ئىرادە قىلسا، 33 ھەمدۇ 33 تەسبىھ، 33 تەكبىر ئېيتىشقا بۇيرۇيتتى. ئىبنى مۇندىھ توپلىغان، سەھىھ.

## 275 (صحيح) كان يباشر نساءه فوق الإزار و هن حيض (م د) عن ميمونة

275. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھەيزدار بولۇپ قالغان ئاياللىرى بىلەن ئىشتاننىڭ ئۈستىدىن يەنى ئىشتاننى كىيدۈرۈپ قويۇپ بىللە ياتاتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، توپلىغان، سەھىھ. ھەيزدار ئاياللدىن ئېرى جىنسى مۇناسىۋەتتىن باشقا ئىشلاردا لەززەت ئالسابۇلىدۇ.

## 276 (صحيح) كان يبدأ إذا أفطر بالتمر (ن) عن أنس

276. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىپتار قىلسا، خورما يېيىش بىلەن باشلايتتى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 277 (صحيح) كان يبدو إلى التلاع (د حب) عن عائشة

277. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سۇ يىغىلىپ قالىدىغان يېزا ـ قىشلاق، سەھرالارغا، يايلارقلارغا چىقاتتى،يەنى ساپ ھاۋا يەپ، مېڭىسىنى ئارام ئالدۇراتتى، جەڭ تەدبىرلىرىنى قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد 2119 ـ ھەدىس، مۇسلىم، ئەھمەد 23664 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

## كان يبعث إلى المطاهر فيؤتى بالماء فيشربه يرجو بركة أيدي المسلمين (طس حل) عن ابن عمر

278. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ تاھارەت ئالىدىغان جايغا كىشى ئەۋەتەتتى، ئاندىن ئۇ

جايدىن پاك ــ پاكىز سۇ كەلتۈرۈلەتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سۇدىن، مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىنىڭ بەرىكىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئىچەتتى. تەبرانى، ئەۋسەتتە، ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، ھەسەن.

## كان يبيت الليالي المتابعة طاويا و أهله لا يجدون عشاء و كان أكثر خبـزهم خبـز الشعير (حم ت ه) عن ابن عباس

279. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېيىنى ــ كېيىندىن نەچچە كېچىلەپ ئاچ قورساق يېتىپ قالاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھلى، خوتۇن باللىرى كەچلىك غىزا، تاماق تاپالمايتتى، ئۇلارنىڭ نىنىنىڭ كۆپىنچىسى ئارپا نېنى ئىدى. تىرمىزى 2283 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3338 ــ ھەدىس، ئەھمەد 3364 ــ ھەدىس. سەھىھ.

## 280 (صحيح) كان يبيع نخل بني النضير و يحبس لأهله قوت سنتهم (خ) عن عمر

280. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەني نەزىيرنىڭ خورمىزارلىقىنى، خورمىلىرىنى سېتىپ، ئەھلىگە، ئائىلىسىدىكىلەرگە بىر يىللىق قوۋۋەتنى يەنى بىر يىل يەتكىدەك ئاش، ئوزۇقنى تەييارلاپ بېرەتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. مەككىدە، ھىجرەتنىڭ باشتىكى مەزگىللىرىدە قاتتىق قىينالغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرقىدەك ھەدىسلەرمۇ كۆپ سۆزلىنىدۇ، كېيىن غەلىبە قىلغاندا، بولسا، بىر يىللىق قۇۋۋەتنى راستلاپ، تەييارلىۋالاتتى، بۇمۇ دۇرۇس، باش بولغۇچى كىشى ھەمراھلىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ئىسسىق ــ سوغۇقنى، قەھەتچىلىك، مولچىلىقىنى، ئاسانلىق، قىيىنچىلىقنى، غەلىبە، مەغلۇبىيەتنى بىرگە بىللە ئۆتكۈزىدۇ.

## 281 (صحيح) كان يتحرى صيام الاثنين و الخميس (ت ن) عن عائشة

281. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنىنىڭ روزىسىغا ئىنتىزار بولۇپ ساقلايتتى، ھەم شۇ كۈنى روزا تۇتۇشنى تەلەپ قىلىپ ئىزدەيتتى. نەسەئى 2320 ــ ھەدىس، بۇخارى، مۇسلىم، تىرمىزى 676 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

## 282 (صحيح) كان يتختم بالفضة (طب) عن عبدالله بن جعفر





282. ئابدۇللاھ ئىبنى جەپئەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈمۈش ئۈزۈك سالاتتى. تەبرانى توپلىغان. (ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشدىن ئەرلەرنى توسقان) سەھىھ.

## 283 (صحيح) كان يتختم في يساره (م) عن أنس (د) عن ابن عمر

283. ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى سول قولىغا سالاتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## كان يتختم في يمينه (خ ت) عن ابن عمر (م ن) عن أنس (حم ت ه) عن عبدالله بن جعفر

284. ئىبنى ئۆمەر، ئەنەس، ئابدۇللاھ، ئىبنى جەئپەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈكنى ئوڭ قولىغا سالاتتى. بۇخارى، نەسەئى، تىرمىزى، مۇسلىم، ئەھمەد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. ھەر ئىككى ھەدىس سەھىھ بولۇپ، ئالىملار مۇنداق دېدى، ئوڭ قولىغا ياكى سول قولىغا سالسا دۇرۇس بولىدۇ، ئىختىيار قايسىغا سالسا، مەكرۇھ ئەمەس، سەلەف، سالىھلارنىڭ كۆپىنچىسى ئوڭ قولىغا، كۆپىنچىسى سول قولىغا سالغان، ئىمام مالىك، سول قولىغا سالىدۇ دېدى، باشقىلار ئوڭ قولىغا سېلىش ئەۋزەل دېدى، ئاياللارمۇ ھەر ئىككى قولىغا سالسا بولىدۇ، ئۈزۈكنى چىمچىلاقنىڭ يېنىدىكى بارماققا سالىدۇ، يەنى چىمچىلاق بىلەن ئوتتۇر بارماق ئارىسىدىكى بارماققا، بۇ سۈننەت، قىلسا ساۋاب بار، قىلالمىسا ئازاب يوقتۇر. مۇسلىم شەرھىسىدىن.

## 285 (صحيح) كان يتخلف في المسير فيزجي الضعيف و يردف و يدعو لهم (د ك) عن جابر

285. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇننىڭ ئارقىدىراق ماڭاتتى، ئاجىزلارنى يۆلەپ، ياردەملىشىپ، مىندۈرۈۋېلىپ، بىللە ھەيدەپ ماڭاتتى، ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 286 (صحيح) كان يتعوذ من الجان و عين الإنسان حتى نزلت المعوذتان فلما نزلتـا أخذ بما و ترك ما سواهما (ت ن ه الضياء) عن أبي سعيد

286. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرە فەلەق بىلەن سۈرە ناس چۈشكەنگە قەدەر جىنلارنىڭ يامانلىقىدىن، ئىنسانلارنىڭ كۆزى تېگىشىدىن پاناھ تىلەيتتى، ئۇ ئىككى سۈرە چۈشۈۋىدى، شۇ ئىككى سۈرىنىلا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن باشقىلارنى تەرك ئەتتى. تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

### كان يتعوذ من جهد البلاء و درك الشقاء و سوء القضاء و شماتة الأعداء (ق ن) عن أبي هريرة

287. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق سىناقتىن، ئېغىر بالالەردىن، شەقىيلىقنىڭ، جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ تېپىۋېلىشىدىن، قازايى قەدەرنىڭ يامان ئاقىۋىتىدىن، دۈشمەننىڭ خۇرسەنلىكىدىن پاناھ تىلەيتتى. بەيھەقى، مۇسلىم،نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### 288 (صحيح) كان يتفاءل و لا يتطير و كان يحب الاسم الحسن (حم) عن ابن عباس

288. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياخشى پال ئالاتتى، شۇم پال ئالمايتتى، ياخشى، گۈزەل ئىسمنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

### كان يتمثل بالشعر: ; و يأتيك بالأخبار من لم تزود (طب) عن ابن عباس (ت) عن عائشة

289. ئىبنى ئابباس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەۋەرنىڭ راستلىقىنى تەكىتلىمەكچى بولسا، مۇشۇ بېيىتنىڭ بىر تەرىپىنى، دېكلىماتسىيە قىلاتتى، ساڭا خەۋەرلەرنى ئوزۇقنى تولۇق ئالمىغان كىشى ئېلىپ كەپتۇ، يەنى ئالدىراپ تېزلا ئەكىلىپتۇ. تەبرانى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### 290 (صحيح) كان يتوضأ ثم يقبل و يصلي و لا يتوضأ (حم) عن عائشة

290. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئېلىپ، تاھارىتى بار ھالەتتە ئاياللىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن ئاياللىنى سۆيگەن بولسىمۇ تاھارەت ئالماستىن، ناماز ئوقۇۋېرەتتى، (يەنى ئاياللىنى سۆيسە





تاھارەت سۇنمايدۇ،مەزىي چىقسا سۇنىدۇ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

### 291 (صحيح) كان يتوضأ عند كل صلاة (حم خ 4)عن أنس

291. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر نامازغا تاھارەت ئالاتتى. ئەھمەد، بۇخارى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ، لېكىن، مەككىنى پەتھى قىلغان كۈنى بەش نامازنى بىر تاھارەت بىلەنلا ئوقۇغان، بۇ كېيىنكى ئىشتۇر، لېكىن، ھەر نامازغا تاھارەت ئېلىپ ئوقىسا ياخشى، لېكىن، كۈچلۈك بۇيرۇلمايدۇ، تاھارىتى سۇنۇپ كەتمىسە، بەش نامازنى بىر تاھارەتتە ئوقۇسا دۇرۇستۇر، تاھارىتى قىستىغاندا ناماز ياخشى بولمايدۇ.

### 292 (صحيح) كان يتوضأ مما مست النار(طب)عن أم سلمة

292. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوت تەگكەن نەرسىدىن يەنى گۆش، كاۋاب يېسە تاھارەت ئالاتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇ ھەدىس مەنسۇخ، كۆچكە ئىگە ئەمەس، بىر بۇنى يۇقىرىدا سۆزلەپ بولغان.

### كان يتوضأ واحدة واحدة و اثنتين اثنتين و ثلاثا ثلاثا كل ذلك يفعل (طب) عن معاذ

293. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىمدىن بىر قېتىمدىن ئىككى قېتىمدىن ئىككى قېتىمدىن ئۈچ قېتىمدىن ئۈچ قېتىمدىن يۇيۇپ تاھارەت ئالغان، شۇنىڭ ھەممىسىنى قىلغان ئىدى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بىر قېتىم كامىل يۇيۇش پەرىز، ئۈچ قېتىم يۇيۇش سۈننەت، سۇ ئاز بولسا، ئىككى قېتىم يۇيسىمۇ بولىدۇ.

### 294 (صحيح) كان يجتهد في العشر الأواخر ما لا يجتهد في غيرها (حم م ت) عن عائشة

294. ئائىشە رەزىيەلاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئۇ كۈنلەردىن باشقا چاغدا كۆرسەتمىگەن، قىلىپ باقمىغان ئاجايىپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتەتتى، قاتتىق چىڭ تۇراتتى، (كېچىلىرى تۈنەيتتى، ئەھلىنى ئويغۇتاتتى). ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) كان يجعل فصه مما يلي كفه (ه) عن أنس وابن عمر

295. ئەنەس، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇزۇكىنىڭ كۆزىنى ئالقىنى تەرەپكە قىلىۋالاتتى، يەنى ئالقىنىنىڭ ئىچىگە. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## كان يجعل يمينه لأكله و شربه و وضوئه و ثيابه و أخذه و عطائه و شماله لما سوى ذلك (حم) عن حفصة

296. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوڭ قولىنى يېيىشكە، ئىچىشكە، تاھارەت، كىيىم كىيىش، ئېلىش، بېرىشكە قىلاتتى، يەنى ئوڭ قولى بىلەن باشلاپ قىلاتتى، ئالاتتى، بېرەتتى، سول قولىنى بولسا، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار ئۈچۈن قىلاتتى، مەسىلەن: ئىستىنجادەك. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) كان يجلس إذا صعد المنبر حتى يفرغ المؤذن ثم يقوم فيخطب ثم يجلس فلا يتكلم ثم يقوم فيخطب (د) عن ابن عمر

297. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنى مۇنبەر ئۈستىگە چىققاندا، مۇئەززىن ئەزاندىن پارىغ بولغىچە ئولتۇرۇپ تۇراتتى، ئاندىن كېيىن ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى، ئاندىن بىر قېتىم ئولتۇرۇۋېتىپ، گەپ ـ سۆز قىلماستىن، يەنە ئۆرە تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئىككى خۇتبە ئارىسىدا ئولتۇرۇۋېتىدۇ خالاس، باشقا ھېچ ئىش قىلمايدۇ، سىز بىدئەتتىن ھەزەر قىلىڭ.

## (حسن) كان يجلس القرفصاء (طب) عن إياس بن ثعلبة

298. ئىياس ئىبنى سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرسا ئىككى يوتىسىنى قورسىقىغا چاپلاپ، ئىككى پاچىقىنى ئىككى قولى بىلەن ھالقا قىلىپ، يۆگەپ تۇتۇپ، كاسىسىدا ئولتۇراتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. بۇ يۈقىردىمۇ ئۆتتى.

## (صحيح) كان يجلس على الأرض و يأكل على الأرض و يعتقل الشاة و يجيب دعوة المملوك على خبز الشعير (طب) عن ابن عباس

299. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەر ئۈستىدىلا ئولتۇراتتى، يەر ئۈستىدىلا يەۋېرەتتى، قوينى چاترىقىغا





ئېلىپ ساغاتتى، قۇل، خادىملار ئارپا نېنىغا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىرسا، ئېرىنمەي باراتتى. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ، مەخسەت، كىبىرسى يوق، كەمتەر ئىدى.

## 300 (صحيح) كان يجمع بين الخربز و الرطب (حم ت في الشمائل ن) عن أنس

300. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورما بىلەن تەرخەمەكنى يەنى كىچىك قوغۇننى بىرلەشتۈرۈپ يەيتتى. ئەھمەد 12005 ـ ھەدىس، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ، خىربىز بەتتىيخ دېگەنلەر تەرخەمەك ۋە ئۇنىڭ تۈرىدۇر.

## 301 (صحيح) كان يجمع بين الظهر و العصر و المغرب و العشاء في السفر (حم خ) عن أنس

301. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر قىلغاندا پېشىن بىلەن ئەسىرنىڭ، شام بىلەن خۇپتەننىڭ ئارىسىنى جۈپلەپ ئوقۇيتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

## كان يحب التيامن ما استطاع في طهوره و تنعله و ترجله و في شأنه كله (حم ق 4) عن عائشة

302. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالغاندا، ئاياغ كىيگەندە، چېچىنى تارىغاندا بارلىق ئىشلىرىدا قادىر بولۇشىچە ئوڭ تەرەپتىن باشلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) كان يحب الحلواء و العسل (ق 4) عن عائشة

303. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھالۋا بىلەن ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى. بەيھەقى تۆ ت كىتاب، يەنى نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. چۈنكى، بۇلاردا شىپا، داۋا باردۇر.

## (صحيح) كان يحب الدباء (حم ت في الشمائل ن ه) عن أنس

304. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

كاۋنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ، كاۋنىڭ مۆجىزىسى ئىنتېرنېت تور بېتىدە سۈرىتى بىلەن باردۇر.

### (صحيح) كان يحب الزبد و التمر (د ه) عن ابني بسر السلميين

305. بۇسىر سەلمەيىننىڭ ئىككى ئوغلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قايماق بىلەن خورمىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 306 (صحيح) كان يحب العراجين و لا يزال في يده منها (حم د) عن أبي سعيد

306. ئەبۇ سەئىدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرۇق خورمىنىڭ ياغىچىدىن بولغان تاياقنى، ھاسىسىنى ياخشى كۆرەتتى، قولىدا دائىم شۇ تاياق ھاسا تۇراتتى، دائىم ئىشلىۋالاتتى. ئەبۇ داۋۇد 406 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10642 ـ ھەدىس، سەھىھ.

### 307 (صحيح) كان يحب أن يخرج إذا غزا يوم الخميس (حم خ) عن كعب بن مالك

307. كەئبى ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيشەنبە كۈنى غازاتقا، ئۇرۇشقا چىقىشنى، ھۇجۇم قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

### كان يحب أن يليه المهاجرون و الأنصار في الصلاة ليحفظوا عنه (حـم ن ه ك) عـن أنس

308. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا، ناماز سەپلىرىدە ئۆزىگە مۇھاجىرلارنىڭ، ئەنسارىلارنىڭ يېقىن تۇرۇشىنى ياخشى كۆرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن نامازنى، قۇرئاننى ئوبدان يادا ئېلىۋېلىشى ئۈچۈن ئىدى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 309 (صحيح) كان يحتجم (ق) عن أنس

309. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ئالدۇراتتى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

### 310 (صحيح) كان يحتجم على هامته و بين كتفيه و يقول: من أهراق مـن هـذه





### الدماء فلا يضره أن لا يتداوى بشيء لشيء (د ه) عن أبي كبشة

310. ئەبۇ كەبشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ئىككى تاغىقى ئارىسىدىن قان ئالدۇراتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: كىم مۇشۇ ئۇسۇلدا قان ئالدۇرسا، مۇشۇبۇزۇق قاندىن تۆكسە، بىرەر كېسەل ئۈچۈن بىرەر نەرسە بىلەن داۋالانمىسىمۇ ئۇنىڭغا زەرەر يەتمەيدۇ، يەنى مۇشۇ قان ئالدۇرۇش شىپا، داۋادۇر. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 311 (حسن) كان يحتجم في الأخدعين و الكاهل و كان يحتجم لسبع عشرة و تسع عشرة و إحدى و عشرين (ت ك) عن أنس (طب ك) عن ابن عباس

312. ئەنەس، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بويىنىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئىككى تومۇردىن ۋە ئىككى تاغىقى ئارىسىدىن قان ئالدۇراتتى، ئاينىڭ 17 ـ، 19 ـ، 21 ـ كۈنلىرى قان ئالدۇراتتى. تىرمىزى، ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

### 313 (حسن) كان يحتجم في رأسه و يسميها أم مغيث (خط) عن ابن عمر

313. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېشىدىن قان ئالدۇراتتى، ۋە ئۇنى ئۇممە مۇغىيس دەپ ئاتايتتى، يەنى ياردەمنىڭ، داۋانىڭ ئاساسى. خەتىبۇلبەغداد توپلىغان، ھەسەن.

### 314 (صحيح) كان يحدث حديثا لو عده العاد لأحصاه (ق د) عن عائشة

314. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق ئوچۇق، تەپسىلى ئالدىرىماي سۆزلەيتتىكى، ئەگەر سۆزلىرىنى سانىغۇچى ساناپ قالسا، ئەلۋەتتە دانىمۇ ـ دانە ھېسابلىيالايتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### 315 (صحيح) كان يحلف: لا و مقلب القلوب (حم خ ت ن) عن ابن عمر

315. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم« لاۋە مۇقەللىبەلقۇلۇب» يەنى قەلبلەرنى خالىغانچە چۆرۈپ، يۆتكەپ تۇرغۇچى زات، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى دەپ قەسەم قىلاتتى، (مۇھەممەدنىڭ جېنى قول ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم دەپ قەسەم قىلاتتى). ئەھمەد، بۇخارى،

تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### 316 (صحيح) كان يحمل ماء زمزم (ت ك) عن عائشة

316. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغاندا زەمزەم سۈيىدىن ئېلىۋالاتتى، (يەنى سەپەرگە چىقسا، ئېلىۋالاتتى، ياكى ھەج قىلغاندا باشقىلارغا ئوخشاش ئېلىۋالاتتى). تىرمىزى 886 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 317 (صحيح) كان يخرج إلى العيد ماشيا و يرجع ماشيا (ه) عن ابن عمر

317. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت نامىزىغا پىيادە ماڭغان ھالدا چىقاتتى، يەنە پىيادە ماڭغان ھالدا قايتاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### كان يخرج إلى العيدين ماشيا و يصلي بغير أذان و لا إقامة ثم يرجع ماشيا في طـريق آخر (ه) عن أبي رافع

318. ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئىككى ھېيت نامىزىغا پىيادە ماڭغان ھالدا چىقاتتى، ھېيت نامىزىنى ئەزانسىز، تەكبىرسىز ئوقۇيتتى، ئاندىن بارغان يولدىن باشقا يول بىلەن پىيادە مېڭىپ قايتاتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 319 (حسن) كان يخرج في العيدين رافعا صوته بالتهليل و التكبير (هب) عن ابـن عمر

319. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئىككى ھېيت نامىزىدا تەھلىل تەكبىر بىلەن ئاۋازنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ چىقاتتى، يەنى روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامىزىغا مۇنداق يۇقىرى ئاۋاز بىلەن باراتتى: «ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر! لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھ ئەكبەر ۋەلىللاھىلھەمدۇ». بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، بۇ ھەدىستىن روزا ھېيتتىمۇ تەھلىل، تەكبىر ئېيتىپ بارسا ياخشى بولىدۇ.

### 320 (صحيح) كان يخطب ب (ق) كل جمعة (د) عن بنت الحارث بن النعمان

320. بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى





ۋەسەللەم ھەر جۈمە كۈنى سۈرە قاف بىلەن خۇتبە ئوقۇيتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### كان يخطب قائما و يجلس بين الخطبتين و يقرأ آيات و يذكر الناس (حم م د ن ه) عن جابر بن سمرة

321. جابىر ئىبنى سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرغان ھالدا خۇتبە سۆزلەيتتى، ئىككى خۇتبە ئارىسىدا بىر قېتىم ئولتۇراتتى، خۇتبىسىدە ئايەتلەرنى ئوقۇيتتى، كىشىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى، ئەسلىتەتتى. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### كان يخيط ثوبه و يخصف نعله و يعمل ما يعمل الرجال في بيوتهم(حم) عن عائشة

322. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياغىنىمۇ ياماق سېلىپ، كىيىمىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى، ئەر كىشىلەر ئۆيلىرىدە قىلىدىغان ئىش، خىزمەت، ئەمەللەرنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئۆيىدە قىلاتتى. ئەھمەد 23756 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2413 ـ ھەدىس، سەھىھ.

### كان يدركه الفجر و هو جنب من أهله ثم يغتسل و يصوم (مالك ق 4) عن عائشـة وأم سلمة

323. ئائىشە، ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەھلىدىن جۇنۇپ ھالەتتە سۈبھى تاپاتتى، يەنى ئايالىدىن جۇنۇپ ھالەتتە سۈبھى، رامىزان كۈنلىرىمۇ يۈرۈپ قالاتتى، ئاندىن غۇسلى قىلىپ، يۇيۇنۇپ، روزا تۇتتۇبەرەتتى. مالىك، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىستىن، جۇنۇپ ھالدا تاڭ ئېتىپ، سۈبھى يورۇپ قالسا، ياكى يۇيۇنۇش بىلەن تاماق يېيىشكە ۋاقىت قىستاپ قالسا، تاماق يېۋېلىپ ئاندىن يۇيۇنۇپ، غۇسلى قىلىپ، روزا تۇتىدۇ، ئەگەر يۇيۇنغاندا سۈبھى يورۇپ قالسا، تاماق يېمەي، زوھۇرلۇقسىز تۇتىدۇ، سۈبھىدىن كېيىن تاماق يېيىش، رامىزاندا ھارام بولىدۇ، يۇيۇنۇش بولسا، دۇرۇستۇر، ئامال بار سۈبھىدىن بۇرۇن تاماق يەپ يۇيۇنۇپ تۇتۇش لازىم، بۇ ئەۋزەل.

### 324 (صحيح) كان يدعى إلى خبز الشعير و الإهالة السنخة (ت في الشمائل) عـن

## أنس

**324.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارپا نېنىغا، رەڭگى، تەمى، پۇرىقى ئۆزگىرىپ كەتكەن، كۆيدۈرۈلگەن، ئېرىتىلگەن ياغلارغا چاقىرىلاتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېرىۋېرەتتى، (يەنى پۇرىقى ئۆزگىرىپ قالغان ياغ سېلىنغان تاماققا ئارپا نانلىرىغا چاقىرسىمۇ باراتتى). تىرمىزى، ئەھمەد **12724** ـ ھەدىس، سەھىھ.

## كان يدعو عند الكرب: لا إله إلا الله العظيم الحليم لا إله إلا الله رب العرش العظيم لا إله إلا الله رب السموات السبع و رب الأرض و رب العرش الكريم (حم ق ت ه) عن ابن عباس (طب) وزاد: إصرف عني شر فلان

**325.** ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاتتىق بالا، مۇسىبەت، قىيىنچىلىق چۈشكەندە مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «لا ئىلاھە ئىللەللاھۇلئەزىيمۇلھەلىيىم لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ رەببۇلئەرشىلئەزىيىم لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ رەببۇسساماۋاتى سسەبئى ۋە رەببۇلئەرزى ۋە رەببۇلئەرشىلكەرىيىم». ئەھمەد، بەيھەقى،مۇسلىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، تەبرانى بۇنىڭ ئاخىرىدا ئى رەببىم، مەندىن پالانى يامانلىقنى ياكى پالانىنىڭ يامانلىقنى يىراق چۆرىۋەتكىن دېگەننى زىيادە قىلغان، ئەلبانى سەھىھ دېگەن. بۇ ھەدىسنىڭ ئۆزى **4571** ـ ھەدىستە ئۆتكەن، ئۇ ھەدىسنى ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، سەھىھ. بۇ دۇئا ئېغىر كۈنلەردە دىنسىزلارنىڭ پىتنە ـ پاسادلىرىغا قارشى قىلىندۇ.

## 326 (صحيح) كان يدور على نسائه في الساعة الواحدة من الليل و النـهار (خ ن) عن أنس

**326.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىدىن ياكى كۈندۈزدىن بىر سائەت ئىچىدە ئاياللىرىنى ئايلىنىپ بىللە بولۇپ چىقاتتى. بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

بۇھەدىسدىن، ئەر كىشى ئايالى بىلەن كۈندۈزىمۇ بىللە بولىدۇ، ياكى كۆپ يەنى ئۈچ ـ تۆت ئايالى بولسا، ھەممىسى بىلەن بىللە بولۇپ، ئايلىنىپ چىقىپ غۇسلى قىلىپ يۇيۇنسا بولىدۇ.





لېكىن بىرلا جايدا ئاياللىرى بىلەن بىرنى، بىرىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ بىللە بولۇش، بىرىنىڭ شەپىسىنى يەنە بىرىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ بىللە بولۇشىدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چەكلىگەن، توسقان، هايا، ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىن، شۇنىڭ ئۈچۈن كىيىم ـ كېچەكتىن، ئۆزىنى تەقسىم قىلىشىدىن سىرت، ھەربىر ئايالغا بىردىن ھۇجرا بولۇشى لازىم.

## 327 (صحيح) كان يذبح أضحيته بيده (حم) عن أنس

**327.** ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلايتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 328 (صحيح) كان يذكر الله تعالى على كل أحيانه (م د ت ه) عن عائشة

**328.** ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە ھەر قانداق چاغدا ئاللاھتائالانى ئەسلەيتتى. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن باشقا، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنى ئەسلىگىنىنى بىز خېلى بىلدۇق، ھەتتا، ھاجەتخانىغا بارسا ـ يانسا ئايالى بىلەن بىللە بولسا، ھەممە ئىشىدا ئاللاھنىلا ئەسلەيتتى، ھەتتا جۇنۇپ ھالەتتىمۇ ئاللاھنى ئەسلەيدۇ، لېكىن، قۇرئان تىلاۋەت قىلالمايدۇ،جۇنۇپنىڭ دىلىدا ئەسلەش ئاللاھنى تىلغا ئېلىشى دۇرۇس، مەسىلەن: ئەر ـ ئايال ئىككىسى جۇنۇپ ھالەتتە بىر ـ بىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، مۇھەببەت پاراڭلىرىنى قىلىپ، تۇيۇقسىز ئاللاھنى تىلغا ئالىدۇ، ئەسلەيدۇ، بۇ دۇرۇس.

## كان يرخي الإزار من بين يديه و يرفعه من ورائه (ابن سعد) عن يزيد بن أبي حبيـب مرسلا

**329.** يەزىيد ئىبنى ئەبۇ ھۇبەيىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشتىنىنىڭ يۆگىنىدىغان يېپىنچىسىنىڭ ئالدىنى سەل ئۇزۇن قويۇپ بېرەتتى، ئارقا تەرىپىدىن سەل كۆتۈرەتتى، ئازىراق كۆتۈرەتتى. ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

## كان يردف خلفه و يضع طعامه على الأرض و يجيب دعوة الملوك و يركب الحمار (ك) عن أنس

330. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلگىنىنىڭ ئارقىسىغا باشقىلارنى مىندۈرۈۋالاتتى، تاماقنى زېمىن يۈزىگىلا قوياتتى، يەنى يەر يۈزىدىلا دوسقان سېلىپ يەيتتى، قۇللار چاقىرسىمۇ باراتتى، ئېشەككە مىنەتتى. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 331 (حسن) كان يركب الحمار و يخصف النعل و يرقع القميص و يلبس الصوف و يقول: من رغب عن سنتي فليس مني (ابن عساكر) عن أبي أيوب

331. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېشەككە مىنەتتى، ئايىغىغا ياماق سېلىپ كىيەتتى، كۆڭلىكىنى ياماپ كىيەتتى، ئۆزى كۆتۈرەتتى، يۇڭ كىيىم كىيەتتى، يەنى جۇۋا كىيەتتى، مۇنداق دەيتتى: كىم مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرىسە، مېنىڭ جۈملەمدىن ئەمەس. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن. سۈننەتتىن يۈز ئۆرۈش، كىبىر قىلىش، مەسخىرە قىلىش، سۈننەت ئورنىغا بىدئەتنى دەسسىتىش ئېغىر گۇناھتۇر.

### 332 (صحيح) كان يزور الأنصار و يسلم على صبيانم و يمسح رءوسهم (ن) عن أنس

332. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەنسارىلارنى زىيارەت قىلاتتى، يوقلايتتى، ئۇلارنىڭ سەبىي، كىچىك بالىلىرىغىمۇ سالام قىلاتتى، بالىلارنىڭ باشلىرىنى سىلايتتى. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### 333 (صحيح) كان يستجمر بألوة غير مطراة و بكافور يطرحه مع الألوة (م) عـن ابن عمر

333. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىگە خۇشپۇراق ئەتىر ئىشلىتىشتە، ئۆيگە خۇشپۇراق نەرسە، شاڭ يېقىشتا ئەلۇۋۋەت دېيىلىدىغان خۇشپۇراق ياغاچنى باشقا ئەتىر ئارىلاشتۇرماي ياقاتتى، ئىستېمال قىلاتتى، كافۇرا ئىسمىلىك ئەتىرنى ئىستېمال قىلسا، ئۇنى ئەلۇۋۋەتكە ئارىلاشتۇرۇپ ئىستېمال قىلاتتى، (مەخسەت، خۇشپۇراق ئەتىر ئىستېمال قىلىشتۇر). مۇسلىم 4148 ـ ھەدىس، نەسەئى 5045 ـ ھەدىس، سەھىھ.

### 334 (صحيح) كان يستحب الجوامع من الدعاء و يدع ما سوى ذلك (د ك) عـن عائشة





334. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۇئالارنىڭ توپلىمىنى ھەممىگە كۆپايە بولىدىغانلىرىنى ئىككى دۇنيالىقنى بىرلەشتۈرىدىغىنىنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى تەرىك ئېتەتتى، (مەسىلەن: رەببەنا ئاتىنانى قىلاتتى). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) كان يستحب أن يسافر يوم الخميس(طب) عن أم سلمة

335. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيشەنبە كۈنى سەپەر قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، (يۇقىرىدا بۇ كۈندە ئۇرۇشقا ئاتلىنىشنى ياخشى كۆرگەن ھەدىس ئۆتتى). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### كان يستعذب له الماء من بيوت السقيا; و في لفظ: يستسقى له الماء العذب من بئـر السقيا (حم د ك) عن عائشة

336. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، سۇغۇرۇش ئۆيلىرىدىن، سۇغۇرۇش قۇدۇقلىرىدىن تاتلىق سۇ كەلتۈرۈلەتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 337 (صحيح) كان يستغفر للصف المقدم ثلاثا و للثاني مرة (حم ه ك) عن عرباض

337. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىكى بىرىنچى سەپكە ئۈچ قېتىم ئىككىنچى سەپكە بىر قېتىم مەغپىرەت سورىغان. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### كان يسلت المني من ثوبه بعرق الإذخر ثم يصلي فيه و يحته من ثوبه يابسا ثم يصـلي فيه (حم) عن عائشة

338. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىيىمدىن مەنىي، ئىسپىرما سۈيىنى ئېزخىر ئىسىملىك خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكنىڭ ياغىچى، قۇلىقى بىلەن سۈرتۈپ يوقىتىۋېتىپ، ئاندىن شۇ كىيىم بىلەنلا ناماز ئۇقۇۋېرەتتى، كىيىمدىن قۇرۇپ قالغان مەنىينى تاتىلاپ چىقىرىۋېتىپ، ئاندىن شۇ كىيىم بىلەنمۇ ناماز ئوقۇيتتى. ئەھمەد 24865 ـ ھەدىس، ھەسەن. ئالىملار مەنىي نىجىس ئەمەس، لېكىن يۇيۇلىدۇ، تاتىلاپ چىقىرىلىدۇ دېگەن.

### 339 (صحيح) كان يسمي الأنثى من الخيل فرسا (د ك) عن أبي هريرة

339. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتنىڭ چىشىسىنى، بايتالنى پەرەس دەپ ئاتايتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) كان يشتد عليه أن يوجد منه الريح (د) عن عائشة

340. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىدىن تەرلەش ئارقىلىق غەيرى پۇراقنىڭ تېپىلىپ قېلىشى قاتتىق ئېغىر كېلەتتى، يەنى ئۆزىدىن غەيرى پۇراقنىڭ مەۋجۇد بولۇشىنى قەتئىي ياقتۇرمايتتى. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مۇسۇلمانلار شۇنىڭ ئۈچۈن قولتۇقلىرىغا ئەتىر ئىشلىتىدۇ.

### كان يشرب ثلاثة أنفاس يسمي الله في أوله و يحمد الله في آخره (ابن السني) عن نوفل بن معاوية

341. نۇۋفەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ نەپەس بىلەن ئىچەتتى، يەنى قاچىنىڭ تېشىغا ئۈچ قېتىم تىنىۋېلىپ ئىچەتتى، ئىچىشنىڭ ئەۋۋىلىدە بىسمىللاھ دەيتتى، ئاخىرىدا ئەلھەمدۇلىللاھ دەپ ھەمدە ئېيتاتتى. ئىبنى سەنا توپلىغان، سەھىھ.

### 342 (صحيح) كان يشير في الصلاة (حم) عن أنس

342. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئىشارەت قىلاتتى، (يەنى ئەتتەھىيياتۇدىكى تەشەھھۇدتا كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلاتتى، شۇنداقلا سالام بەرگەنلەرگە نامازدا تۇرۇپ ئىشارەت قىلاتتى). ئەھمەد 11958 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 806 ـ ھەدىس، سەھىھ.

نامازدىكى چاغدا سالام بەرگەنلەرگە ئىشارەت قىلىشى، مۇسلىم 336 ـ ھەدىس، نەسەئى 1174 ـ ھەدىستە باردۇر، تەشەھھۇددا ئولتۇرغاندا، بىر بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىشى يەنى ئۇڭ قولىنىڭ كۆرسەتكۈچى بارمىقى بىلەن ئىشارەت قىلىشى، ئىككى بارماق بىلەن ئىشارەت قىلىشىدىن چەكلىشى. نەسەئى 1253 ـ ھەدىس، ئىشارەت قىلىپ ھەرىكەتلەندۈرمەيتتى، 1254 ـ ھەدىس، ئۇڭ قولىدىكى بارماقىقا، ئەبۇ داۋۇد 839 ـ ھەدىس، ئىشارەت بار ھەرىكەت يوق، ئىبنى ماجە



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى

901 ـ ھەدىس، ئىشارەت، ئەھمەد 14826 ـ ھەدىس، 14827 ـ ھەدىس، كۆرسەتكۈچ بارماقتا ئىشارەت قىلىش بار، تىرمىزى 3480 ـ ھەدىستە ئىككى بارماقدىن توسۇپ، بىردە ئىشارەت قىلىش، بۇ ئىشارەت تەشەھھۇددا، ئەتتەھىيياتۇ بولىدۇ.

### 343 (صحيح) كان يصغي للهرة الإناء فتشرب ثم يتوضأ بفضلها (طس حل) عـن عائشة

343. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈشۈككە سۇ بار قاچىنى يېنى قىلىپ تۇتۇپ بېرەتتى، مۈشۈك سۇدىن ئىچەتتى، ئاندىن مۈشۈكدىن ئاشقان سۇ بىلەن تاھارەت ئالاتتى. تەبرانى ئەۋسەتتە، ئەبۇ نۇئەيم توپلىغان، سەھىھ. مۈشۈك ئىچىپ ئاشقان سۇ پاك، پاكىزدۇر.

### 344 (صحيح) كان يصلي الضحى أربعا و يزيد ما شاء الله (حم م) عن عائشة

344. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇھا يەنى چاشكا نامىزىنى تۆت رەكئەت ئوقۇيتتى، ئاندىن ئاللاھ خالىغان نامازلارنى زىيادە قىلاتتى، (يەنى تۆتتىن زىيادىمۇ ئوشۇق ئوقۇيتتى. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

### 345 (صحيح) كان يصلي الضحى ست ركعات (ت في الشمائل) عن أنس

345. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشكا نامىزىنى ئالتە رەكئەت ئوقۇيتتى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.يەنە بىر خاتىرىدە سەككىز رەكئەت سۆزلىنىدۇ، ئەڭ تۆۋىنى ئىككى رەكئەت، يۇقىرىسى سەككىز رەكئەت، ئۇنىڭدىنمۇ زىيادە ئوقۇسا دۇرۇس.

### 346 (صحيح) كان يصلي بالليل ركعتين ركعتين ثم ينصرف فيستاك (حـم ن ه ك) عن ابن عباس

346. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى ئىككى رەكئەتتىن ئىككى رەكئەتتىن ناماز ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن نامازدىن قايتىپ بولۇپمۇ يەنە مىسۋاك سالاتتى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 347 (صحيح) كان يصلي بين المغرب و العشاء (طب) عن عبيد مولاه

347. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردە قۇلى، ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزى ئارىلىقىدا يەنە ناماز ئوقۇيتتى، يەنى نەپلە ناماز ئوقۇيتتى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

شام بىلەن خۇپتەن ئارىسىدا، زەئىپ، يالغان ھەدىسكە، بىدئەت، خۇراپاتقا تايانماي، مانا مۇشۇنداق سەھى ھەدىسكە تايىنىپ تۇرۇپ قانچىلىك نەپلە ناماز ئوقۇسادۇرۇس بولىدۇ.

## (صحيح) كان يصلي على الخمرة (خ د ن ه) عن ميمونة

348. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جايناماز، بورا، رەختنىڭ ئۈستىدە ناماز ئوقۇيتتى. بۇخارى 368 ـ ھەدىس، مۇسلىم 897 ـ، 1057 ـ ھەدىس، نەسەئى 730 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 560 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1018 ـ ھەدىس، ئەھمەد 25618 ـ ھەدىس، سەھىھ. بۇ سەھىھ ھەدىس، سەجدە قىلىدىغان جايغا تاش، چالما قويۇپ قويىدىغان ھەتتا مەسجىد ئىچىدىمۇ جايناماز ئۈستىگە تاش ـ چالما قويۇپ قويىدىغان شىيئەلەرگە رەددىيە بېرىشتە كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپاتتۇر.

## 349 (صحيح) كان يصلي على بساط (ه) عن ابن عباس

349. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىسات ئۈستىدە ناماز ئوقۇيتتى، يەنى جايناماز، رەخت ئۈستىدە. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، پاك تۇپراق، زېمىن ئۈستىدىمۇ ناماز دۇرۇس.

## كان يصلي على راحلته حيثما توجهت به فإذا أراد أن يصلي المكتوبة نزل فاستقبل القبلة (حم ق) عن جابر

350. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەپلە ناماز ئوقۇسا، ئۇلىغىنىڭ، تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا ئوقۇيتتى، ئۇلىغى قاياققا قاراپ قالسا ئۇقۇۋېرەتتى، (چۈنكى، ئاللاھ ھەممە جايدا ھەممە تەرەپتە بار، ئاللاھنى ئالتە تەرەپ قورشىمايدۇ، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق) پەرز نامازنى ئوقۇشنى ئىرادە قىلسا، ئۇلىغىدىن چۈشۈپ، قىبلىگە قاراپ ئوقۇيتتى، (چۈنكى،





قادىر بولسىلا پەرز نامازدا قىبلىگە قاراش پەرزدۇر)، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 351 (صحيح) كان يصلي في نعليه (حم ق ت) عن أنس

351. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى ئايىغى بىلەن ناماز ئوقۇيتتى، (ئەگەر پاكىز بولسا). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 352 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجـامع رقـم: 4567كان يصلي قبل الظهر أربعا إذا زالت الشمس (لا يفصل بينهن بتسليم و يقـول: أبواب السماء تفتح إذا زالت الشمس) (ه) عن أبي أيوب

352. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن قايرىلغان ھامان پېشىندىن بۇرۇن تۆت رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، بۇ تۆت رەكئەت نامازنىڭ ئارىسىنى سالام بىلەن ئايرىمايتتى، ۋە كۈن قايرىلغاندا ئاسماننىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ دەيتتى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بىشى سەھىھ، ئەلبانى ئاخىرقى سۆزنى زەئىپ دېگەن.

## كان يصلي قبل الظهر ركعتين و بعدها ركعتين و بعد المغرب ركعتين في بيته و بعـد العشاء ركعتين و كان لا يصلي بعد الجمعة حتى ينصرف فيصلي ركعتين في بيته (مالك ق د ن) عن ابن عمر

353. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىندىن بۇرۇن يەنى پەرزنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ئىككى رەكئەت، پېشىندىن كېيىن ئىككى رەكئەت، شامدىن كېيىن ئىككى رەكئەت، خۇپتەندىن كېيىن ئىككى رەكئەت نامازنى ئۆيدە ئوقۇيتتى، جۈمەدىن كېيىن قايتىپ كەلمىگىچە ناماز ئوقۇمايتتى، قايتىپ كېلىپ ئۆيدە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. مالىك، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 354 (صحيح) كان يصلي من الليل ثلاث عشرة ركعة منها الوتر و ركعتا الفجـر (ق د) عن عائشة

354. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

كېچىسى 13 رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى، ۋىتىر نامىزى بىلەن بامداتنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بار ئىدى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) كان يصوم الاثنين و الخميس (ه) عن أبي هريرة

355. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى روزا تۇتاتتى. ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

## كان يصوم من الشهر السبت و الأحد و الاثنين و من الشـهر الآخـر الثلاثـاء و الأربعاءوالخميس (ت) عن عائشة

356. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايدىن شەنبە، يەكشەنبە، دۈشەنبە روزا تۇتسا، يەنە بىر ئايدىن سەيشەنبە، چارشەنبە، پەيشەنبە روزا تۇتاتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## كان يصوم من غرة كل شهر ثلاثة أيام و فلما كان يفطر يوم الجمعة (ت) عن ابـن مسعود

357. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر ئاينىڭ ئاق كۈنلىرىدىن ئۈچ كۈن روزا تۇتاتتى، كۆپىنچە جۈمە كۈنى روزا تۇتماي يەيتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. ئاق كۈنلەر 13 ـ، 14 ـ، 15 ـ، كۈنلەر، يەنى ئاي تولغان كېچىسىمۇ كۈندۈزىمۇ ئاق كۈن.

## 358 (صحيح) كان يضحي بكبشين أقرنين أملحين و كان يسمي و يكبر (حم ق ن ه) عن أنس

358. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈڭگۈزلۈك، ئالا، ئىككى قوچقارنى قۇربانلىق قىلغان ئىدى، بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر! دەپ بوغۇزلايتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 359 (صحيح) كان يضرب في الخمر بالنعال و الجريد (ه) عن أنس

359. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم





هاراق ئىچكەن كىشىنى، ئاياغ، خورما بادرىلىرى بىلەن ئۇراتتى، (كېيىنچە 40 ـ 80 قامچا ئۇرۇلدى). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 360 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضـعيف الجـامع رقـم: 4573كان يضع اليمنى على اليسرى في الصلاة (و ربما مس لحيته و هو يصلي) (هـق) عن عمرو بن حريث

360. ئەمرۇ ئىبنى ھۇرەيس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئوڭ قولىنى سول قولىنىڭ ئۈستىگە قوياتتى، (كۆپىنچە ناماز ئىچىدە تۈرۈپمۇ ساقىلىنى سىلاپ قوياتتى). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئەلبانى بېشى سەھىھ، تىرناق ئىچى زەئىپ دېگەن، يەنى ساقالنى سىلاش زەئىپ.

## 361 (صحيح) كان يضمر الخيل (حم) عن ابن عمر

361. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئىتتىك يۈرگۈرسۇن ئۈچۈن) ئاتنىڭ ئىچىنى تارتاتتى، ئىگىرنى قاتتىق چىڭ چىگىپ توقۇيتتى. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. بۇ خۇددى كىشى قورسىقىنى، پاچاق لىپىكىنى چىگۋېلىپ، يۈگۈرگەنگە ئوخشاشتۇر.

## 362 (صحيح) كان يطوف على جميع نسائه في ليلة بغسل واحد (حم ق 4) عـن أنس

362. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كېچىدىلا بىر غۇسلى بىلەن ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئايلىنىپ چىقاتتى، يەنى بىر كېچىدە بارلىق ئاياللىرى بىلەن بىللە بولۇپ، غۇسلى تاھارەتنى بىرلا ئالاتتى. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 363 (صحيح) كان يعجبه إذا خرج لحاجته أن يسمع: يا راشد ! يا نجيح ! (ت ك) عن أنس

363. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بىرەر ھاجەت ئۈچۈن سەپەرگە چىققاندا ياراشىد! يا نەجىيھ يەنى ئى توغرا يول تاپقۇچى، نىجات تاپقۇچى دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى ئەجەبلەندۈرۈپ، خۇرسەن قىلاتتى، (چۈنكى، بۇ ياخشى، گۈزەل ئىسىملاردىن ياخشى پال ئالاتتى).

ترمىزى 1541 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 364 (صحيح) كان يعجبه الثفل (حم ت في الشمائل ك) عن أنس

364. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى سۇفلۇ يەنى شورپا ئەجەپلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلاتتى، شورپىنى ياخشى كۆرەتتى. ئەھمەد 12821 ـ ھەدىس، ترمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ، سۇخلۇ تالقان، ئۇن، خورما دېگەنمۇ بولىدۇ.

### (صحيح) كان يعجبه الحلو البارد (ابن عساكر) عن عائشة

365. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مۇزلۇق، سوغۇق، تاتلىق شاراپ ئەجەپلەندۈرۈپ، خۇرسەن قىلاتتى، شۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، سەھىھ.

### 366 (صحيح) كان يعجبه الذراع (د) عن ابن مسعود

366. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قوينىڭ ئالدى قولى خۇرسەن قىلاتتى، (زەھەرمۇ ئاشۇ گۆشكە سېلىنغان، بۇنى يەھۇدىيلار قىلغان). ئەبۇ داۋۇد 3287 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3589 ـ ھەدىس، ترمىزى 1760 ـ ھەدىس، سەھىھ.

### 367 (صحيح) كان يعجبه الرؤيا الحسنة (حم ن) عن أنس

367. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى چۈش ئەجەپلەندۈرۈپ خۇرسەن قىلاتتى. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### 368 (صحيح) كان يعجبه الريح الطيبة (د ك) عن عائشة

368. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى مېزىلىك خۇشپۇراق ئەتىر پۇراقلىرى خۇرسەن قىلاتتى، شۇنىڭدىن ئەجەپلىنەتتى، شۇنى ياخشى كۆرەتتى. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 369 (حسن) كان يعجبه العراجين أن يمسكها بيده(ك) عن أبي سعيد

369. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى خورمىنىڭ قۇرۇق ياغىچىدىن بولغان ھاسىنى ياكى تاياقنى





قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشى خۇرسەن قىلاتتى، شۇنى ياخشى كۆرەتتى. ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

### كان يعجبه الفأل الحسن و يكره الطيرة (ه) عن أبي هريرة (ك) عن عائشة

370. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى پال خۇرسەن قىلاتتى، شۇم پالنى ياخشى كۆرمەي يامان كۆرەتتى. ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 371 (صحيح) كان يعجبه القرع (حم حب) عن أنس

371. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كاۋا خۇرسەن قىلاتتى، (شورپىغا سېلىنغان كاۋىنى ياخشى كۆرەتتى). ئەھمەد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

### 372 (صحيح) كان يعجبه أن يلقى العدو عند زوال الشمس (طب) عن أبي أوفى

372. ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۈن قايرىلغان زاۋالنىڭ نەزلىدە دۈشمەن بىلەن ئۇچرىششى خۇرسەن قىلاتتى، (يەنى شۇ چاغدا دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، چۈنكى ئۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى مۆئمىنلەرگە چۈشىدىغان، ئاسمان ئىشىكى ئېچىلىدىغان ۋاقىتتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 19 قېتىم ئۆزى قۇماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش قىلغان.

### 373 (صحيح) كان يعرف بريح الطيب إذا أقبل (ابن سعد) عن إبراهيم مرسلا

373. ئىبراھىم رەھمەھۇللادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالدىنى قىلىپ كەلسە، ئىشلەتكەن ئەتىر خۇشپۇراقلىرىدىن تونۇلاتتى، ئىبنى سەئىد توپلىغان، سەھىھ.

### 374 (صحيح) كان يعقد التسبيح (ت ن ك) عن ابن عمرو

374. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەسبىھنى بارماقلىرى بىلەن ساناپ، بارماق بەمەللىرىنى ھېسابلاپ چىگىپ ئېيتاتتى. ترمىزى، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. نامازدىن كېيىنكى 33دىن تەسبىھ شۇنداق ئېيتىلىدۇ.

### (صحيح) كان يعيد الكلمة ثلاثا لتعقل عنه (ت ك) عن أنس

**375**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆز، ئۆزىدىن چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، باشقىلار چۈشىنىۋالسۇن ئۈچۈن سۆزىنى ئۈچ قېتىم قايتىلاپ قىلاتتى. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەلۋەتتە چۈشەنگەنگە قايتىلمايتتى.

### (صحيح) كان يغتسل بالصاع و يتوضأ بالمد (ق د) عن أنس

**376**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر سا سۇ بىلەن غۇسلى تاھارەت ئالاتتى، يەنى (ئالتە جىڭدىن سەككىز جىڭغىچە) بىر كىلوگرام سۇ بىلەن كىچىك تاھارەت ئالاتتى. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. مەخسەت، ئىسراپ قىلمايتتى، سۇنى ئاسرايتتى.

### 377 (صحيح) كان يغتسل هو و المرأة من نسائه من إناء واحد (حم خ) عن أنس

**377**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىدىن مەلۇم ئايالى بىلەن بىللە بىر قاچىدىن بىر داسدىن سۇ ئېلىپ يۇيىناتتى. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىرگە يۇيۇنغان، باشقا ئاياللىرى بىلەنمۇ بىللە بىر داستا يۇيىناتتى، بۇ ھەدىسلەردىن ئايالى بىلەن بىللە يۇيۇنۇشدىن سىرت، ئايالىنىڭ ئىشلىتىپ ئېشىپ قالغان سۈيى بىلەن تاھارەت ئالسا بولىدۇ دېگەن چىقىدۇ، ئۇنىڭدىن توسقان ھەدىس زەئىپتۇر يا مەنسۇخ.

### 378 (صحيح) كان يغسل مقعدته ثلاثا (ه) عن عائشة

**378**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارەت ئالسا، ئارقىسىنى ئۈچ قېتىم يۇياتتى، يەنى سۇ بىلەن ئىستىنجا قىلاتتى. ئىبنى ماجە 350 ـ ھەدىس، سەھىھ.

### 379 (صحيح) كان يغير الاسم القبيح (ت) عن عائشة

**379**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبىھ، سەت ئىسىملارنى، گۈزەل ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋېتەتتى. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.





### 380 (حسن) كان يفطر على رطبات قبل أن يصلي فإن لم تكن رطبات فتمرات فإن لم تكن تمرات حسا حسوات من ماء (حم د ت) عن أنس

**380**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شام نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن ھۆل خورمىلارنى يەپ ئىپتار قىلاتتى، ئەگەر تولۇق ھۆل خورمىلار بولمىسا قۇرۇق خورمىلار بىلەن قىلاتتى، ئەگەر قۇرۇق خورمىلارمۇ بولمىسا، بىر نەچچە ئوتلام سۇ ئوتلاپ ئىپتار قىلاتتى. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

### 381 (صحيح) كان يفلي ثوبه و يحلب شاته و يخدم نفسه (حل) عن عائشة

**381**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى ياماپ كىيەتتى، قويىنى ساغاتتى، ئۆزىگە ئۆزى خىزمەت قىلاتتى. ئەبۇ نۇئەيىم توپلىغان، سەھىھ.

### 382 (صحيح) كان يقبل بعض أزواجه ثم يصلي و لا يتوضأ (حم د ن) عن عائشة

**382**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاھارىتى بار ھالەتتە ئاياللىرىنىڭ بەزىسىنى سۆيۈپ قويۇپ، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇيتتى، (يەنى ئايالىنى، ئېرىنى سۆيسە، تاھارەت سۇنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، ھېسسىياتى قوزغۇلۇپ، مەزىي چۈشسە، ئاق خۇن چۈشسە تاھارەت سۇنىدۇ، تاھارەت ئالسۇن.

### 383 (صحيح) كان يقبل و هو صائم(حم ق 4) عن عائشة

**383**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا تۇتقان ھالەتتە روزىدار تۇرۇپمۇ، ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى. ئەھمەد، بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. ئايالىنى سۆيسە روزا بۇزۇلمايدۇ، لېكىن، ياشلار ھەزەر قىلسۇن.

### (صحيح) كان يقبل الهدية و يثيب عليها (حم خ د ت) عن عائشة

**384**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەدىيىنى قوبۇل قىلاتتى، ۋە ئۇنىڭغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ دۇئا قىلاتتى، (جازا كە الله خەير) دەيتتى، ئاللاھ قوبۇل قىلسۇن، رەھمەت قىلسۇن دەيتتى. ئەھمەد، بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## كان يقطع قراءته آية آية: (الحمد لله رب العالمين ثم يقف: (الرحمن الرحيم) ثم يقف (ت ك) عن أم سلمة

485. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىرائەتنى بىر ئايەتتىن بىر ئايەتتىن ئۈزۈپ ـ ئۈزۈپ ئوقۇيتتى، مەسىلەن: «ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىلئالەمىين» ئاندىن تۇراتتى، «ئەررەھمانىررەھىيم» ئاندىن تۇراتتى، (ئەنە شۇنداق دانىمۇ ـ دانە ئوچۇق ئوقۇيتتى). تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 5001 (صحيح) كان يقول لأحدهم عند المعاتبة: ما له ترب جبينه ؟ (حم خ) عـن أنس

386. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە تاپا قىلىپ كايىسا، مۇنداق دەيتتى: ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ ئۇنىڭ پېشانىسى توپا بولسۇن. ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. بۇ سۆز خارلىق سۆزى بولۇپ، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزىدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدە قىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنى تۆۋەن، خار تۇتۇش چىقىپ تۇراتتى.

## 387 (صحيح) كان يقوم إذا سمع الصارخ (حم ق ت ن ه) عن عائشة

387. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورازنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى، (يەنى سەھەر تۇراتتى). ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 388 (صحيح) كان يقوم من الليل حتى تتفطر قدماه (ق ت ن ه) عن المغيرة

388. مۇغىيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ ناماز ئوقۇپ ئىككى قەدىمى ئىككى پۇتى ئىششىپ كېتەتتى، پۇتلىرى ئىششىپ كەتكەنگە قەدەر قىيامدا تۇراتتى. بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. سۈرە مۇززەممىلدا ساھابىلارنىڭمۇ كېچىسى قىيامدا تۇرۇپ، كېسەل بولۇپ قالغىنى سۆزلەنگەن، بۇنى سۆزلەشتىكى مەخسەتنى سىلەر چۈشىنىسىلەرغۇ دەيمەن.

## 389 (صحيح) كان يكبر يوم الفطر من حين يخرج من بيته حتى يأتي المصلى (ك هق)





## عن ابن عمر

389. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت كۈنىمۇ ئۆيدىن چىققاندىن باشلاپ، ناماز ئوقۇيدىغان جايغا كەلگەنگە قەدەر تەكبىر ئېيتىپ ماڭاتتى، (بۇنى بىز يۇقىرىدا تەپسىلىي يازغان). ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستىن قۇربان ھېيتتىلا ئەمەس، روزا ھېيت كۈنىمۇ تەكبىر ئېيتىپ مېڭىش شۇنداقلا يەتتە قېتىملا ئەمەس، بارغىچە تەكبىر ئېيتىپ مېڭىش چىقىدۇ.

## كان يكثر الذكر و يقل اللغو و يطيل الصلاة و يقصر الخطبة و كان لا يـأنف و لا يستكبر أن يمشي مع الأرملة و المسكين و العبد حتى يقضي له حاجته (ن ك) عن ابن أبي أوفى (ك) عن أبي سعيد

390. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبى ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنى ئەسلەشنى زىكرىنى كۆپ قىلاتتى، لەغۇۋ قۇرۇق سۆزنى قىلمايتتى، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇيتتى، خۇتبىنى بولسا قىسقا قىلاتتى، تۇل ئاياللار بىلەن مىسكىنلەر بىلەن قۇللار بىلەن ئۇلارنىڭ ھاجىتى ئادا بولغانغا قەدەر بىللە مېڭىشتىن كىبىر قىلمايتتى، چوڭچىلىق قىلمايتتى، تەكەببۇرلۇق قىلمايتتى. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) كان يكره الشكال من الخيل (حم م 4) عن أبي هريرة

391. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، پۇتلىرىنىڭ بەزىسىدە ئاق رەڭ بار ئاتنى ياخشى كۆرمەيتتى، يامان كۆرەتتى. مۇسلىم 3483 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1620 ـ ھەدىس، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 9515 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 392 (حسن) كان يكره المسائل و يعيبها فإذا سأله أبو رزين أجابه و أعجبه (طب) عن أم سلمة

392. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپ سوئال سوراشنى، كۆپ مەسىلىلەرنى ياقتۇرمايتتى، ئۇنى ئەيىبلەيتتى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەبۇ رەزىين سوئال

سورىسا، جاۋاب بېرەتتى، ھەم ئۇنىڭدىن خۇرسەن بولاتتى، (چۈنكى، سۇئالى، جاۋابى ياخشى). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

### (حسن) كان يكره أن يؤخذ من رأس الطعام (هب) عن سلمى

393. سەلما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائامنىڭ بېشىدىن ئوتتۇرىدىكى ئۇستىدىن ئېلىپ يېيىلىشىنى ياقتۇرمايتتى، (چۈنكى، ئوتتۇرىغا، ئۈستىگە بەرىكەت چۈشىدۇ، ئەتراپىدىن يەيتتى، كېيىن ئوتتۇرىنىمۇ بەرىكەت بىلەن بىللە يەيتتى). بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

### كان يكره أن يطأ أحد عقبه و لكن يمين و شمال.(يطأ أي يمشي) (ك) عن ابن عمرو

394. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارقىسىدا بىرەر كىشىنىڭ مېڭىشىنى ياقتۇرمايتتى، لېكىن، ئوڭ تەرىپىدە ياكى سول تەرىپىدە ماڭاتتى، (يۇقىرىدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمتەرلىكىدىن، ئارقىسىنى پەرىشتىلەرگە قالدۇرۇش ئۈچۈن ساھابىلارنىڭ ئارقىسىدا ماڭغىنى ئۆتتى). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 395 (صحيح) كان يلبس النعال السبتية و يصفر لحيته بالورس و الزعفران (ق د) عن ابن عمر

395. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاشلانغان يەنى پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تېرىدىن تىكىلگەن ئاياغنى كىيەتتى، ساقىلىنى ۋەرەس، زەئپىران بىلەن سېرىقتا بوياتتى، (ۋەرەس دېگەن پۇرىقى خۇشپۇراق، سېرىق رەڭلىك ئۆسۈملۈك، زەئپىران تونۇشلۇق). ئەبۇ داۋۇد 3677 ـ ھەدىس، بەيھەقى ۋە باشقا سەھىھ ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر، سەھىھ.

### 396 (صحيح) كان يلحظ في الصلاة يمينا و شمالا و لا يلوي عنقه خلف ظهره (ت) عن ابن عباس

396. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئىچىدە تۇرۇپ ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قارايتتى، لېكىن، بويىنىنى ئارقىسىغا تولغىمايتتى، چۆرمەيتتى، يەنى بويىنى، بېشى جىم تۇراتتى. تىرمىزى 536 ـ ھەدىس، نەسەئى 1186 ـ ھەدىس، ئەھمەد 2355 ـ ھەدىس، سەھىھ.





### 397 (حسن) كان يلزق صدره و وجهه بالملتزم (هق) عن ابن عمرو

397. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆكسىنى ۋە يۈزىنى كەئبىنىڭ ئىشىكى بىلەن ھەجەر ئەسۋەدنىڭ ئارىسىدىكى ئۇل تاشلارغا چاپلاپ، يېقىپ تۇراتتى، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ھەجەر ئەسۋەد، رۇكنى تاش بىلەن كەئبىنىڭ ئىشىكى ئارىلىقى مۇلتەزىم دېگەن، بۇ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىنى، كۆكسىنى چاپلاپ تۇرغان جاي شۇ دېگەن، يەنى ھەجدە.

### 398 (صحيح) كان يمد صوته بالقرآن مدا (حم ن ه ك) عن أنس

398. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاۋازىنى قۇرئانغا يۇقىرى كۆتۈرۈپ، سوزۇپ ئوقۇيتتى، يەنى ئوچۇق، مۇڭلۇق ئوقۇيتتى. ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) كان يمر بالصبيان فيسلم عليهم (خ) عن أنس

399. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەبىي، كىچىك باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارغىمۇ سالام قىلاتتى. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) كان يمر بنساء فيسلم عليهن (حم) عن جرير

400. جەرىير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئۇلارغا سالام قىلغان. ئەھمەد قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ. ئاياللار جامائىتى يېنىدىن ئۆتسە سالام قىلسا بولىدۇ، ئايالى، ئاچا ـ سىڭلىسى، ئانىسى، ھاممىسى بولسا، يالغۇز بولسىمۇ سالام قىلسا بولىدۇ، نامەھرەم، ئەجنەبىي ئايال يالغۇز بولسا، سالام قىلىش مەكرۇھ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئايالى بىلەن بىللە تۇرۇپمۇ چۈشەنچە بېرىپ قويغان، خالى جايغا ئەر ـ ئايالنىڭ چىقىشىنى، بىللە تۇرۇشىنى توسقان، سالامۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ. يېنىدا ھايا قىلغىدەك كىشى بولسا، سالام قىلسا بولا.

### 401 (حسن) كان يمشي مشيا يعرف فيه أنه ليس بعاجز و لا كسلان (ابن عساكر) عن ابن عباس

401. ئىبنى ئاببـاس رەزىيـەللاھۇ ئـەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سـەللەللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللەم پىيادە ماڭاتتى، مېڭىشىدىنلا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاجىز ئەمەسلىكى، ھورۇن ئەمەسلىكى، مىجىق، مىس ـ مىس ئەمەسلىكى بىلىنەتتى، بىلىنىپ تۇراتتى. ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

## (صحيح) كان ينام أول الليل و يحيي آخره (ه) عن عائشة

402. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە بۇرۇن ئۇخلايتتى، كېچىنىڭ ئاخىرىدا سەھەردىلا تۇرۇپ، ئويغۇنۇپ كېتەتتى، يەنى بالدۇر يېتىپ، سەھەر تۇراتتى. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 403 (صحيح) كان ينام حتى ينفخ ثم يقوم فيصلي و لا يتوضأ (حم) عن عائشة

403. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پۈۋدەپ كەتكەنگە قەدەر (ئولتۇرۇپ) مۈگدەپ قالاتتى، ئاندىن تاھارەت ئالمايلا ناماز ئوقۇيتتى، (چۈنكى، قەلبى ئويغاق ئىدى،ھەم ئولتۇرۇغلۇق ئىدى). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. سىز بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇخلاشتىن بۇرۇنلا قەلبىمىز ئۇخلايدۇ.

## 404 (صحيح) كان ينام و هو جنب و لا يمس ماء (حم ت ن ه) عن عائشة

404. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈنۈپ ھالەتتە سۇ ئىشلەتمەستىن ئۇخلايتتى، سۈنى تۇتماستىن ئۇخلاۋېرەتتى. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇ جۈنۈپ ھالەتتە سۇ ئىستېمال قىلماي ئۇخلاشقا دۇرۇسلىقىنى كۆرسەتسىمۇ لېكىن، بەزى ھەدىسلەردە كىچىك تاھارەت ئېلىۋېتىپ يېتىش كۆرسىتىلگەن، ياكى ئەۋرەتنى يۇيۇپ ياتسا ئىككىنجىسىگە قۇلايلىق بولۇشلار بار.

## (صحيح) كان ينحر أضحيته بالمصلى (خ د ن ه) عن ابن عمر

405. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقنى ھېيت نامىزى ئوقۇغان جايدا بوغۇزلايتتى. بۇخارى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيى شۇ جايدا مەسجىددە ئىدى، نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەردە ئۆيدىلا بوغۇزلىغان كىشىگە گەپ ـ سۆز قىلمىغان، ھەم ئۆيدە قۇربانلىق قىلىشقا





ساقلاپ، يېيىشكە رۇخسەت قىلغان، سەدىقىمۇ بار ئەلۋەتتە.

## (صحيح) كان ينصرف من الصلاة عن يمينه (ع) عن أنس

406. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدىن پارىغ بولغاندا نامازدىن ئوڭ تەرىپىدىن قايتاتتى، يەنى ئوڭ تەرىپىدىن بۇرۇلاتتى. ئەبۇ يەئلا توپلىغان، سەھىھ.

## 407 (صحيح) كان ينفث في الرقية (ه) عن عائشة

407. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئايەتنى شىپا ئوقۇغاندا، سۈف دەيتتى، (ھەم سىلاپ قويغان ھەدىسلەر ئۆتتى). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 408 (صحيح) كان يوتر على البعير (ق) عن ابن عمر

408. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىنىڭ ئۈستىدىلا ۋىتىر نامىزى ئوقۇيتتى. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسدىن مۇساپىر كىشى سەپەردە ۋىتىر نامىزنى ئوقۇيدۇ، ھەم ۋىتىر ۋاجىپتۇر.

## 409 (صحيح) كان يوتر من أول الليل و أوسطه و آخره(حم) عن أبي مسعود

409. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىنىڭ ئەۋۋىلىدە، باش تەرىپىدە، ئوتتۇرىدا، ئاخىرىدا، بامداتتىن، سۈبھىدىن بۇرۇن ۋىتىر ئوقۇيتتى، (يەنى بۇ كەڭچىلىك). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ. سەھەر ئوقۇغان ئەۋزەلدۇر.

## كان يلاعب زينب بنت أم سلمة و يقول: يا زوينب ! يا زوينب ! مرارا (الضياء) عن أنس

410. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممە سەلەمەت دېگەن ئايالنىڭ قىزى زەينەپ بىلەن يەنى ئۆزىگە ئۆگەي كىچىك قىزى زەينەپ بىلەن ئوينىشاتتى، يازۇۋەينەپ ئى زىنەپچاق، ئى زەينەپچاق! دەپ بىر نەچچە قېتىم دەيتتى. زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

بۇ،زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئۇممە سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ، ئەبۇ

سەلمەتتىن بولغان قىزى ئىدى، لېكىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆگەي قىزى بولدى.

يۇقىرىدا ئۆتكەن سەھىھ ھەدىسلەر رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈپەتلىرى ۋە ئەخلاقلىرى بولۇپ، بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە باردۇر، ئەلۋەتتە، ئەخلاقى قۇرئان ئىدى، ئەمدى بىزنىڭ ئەخلاقىمىز قۇرئان بىلەن بۇ سەھىھ ھەدىسلەر بولسۇن، يەنى يۇزدە ــ يۈز ئەمەل قىلايلى! ئاللاھ بىزنى ئىككى ئالەم بەختلىك قىلسۇن ئامىن!

﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَن كَانَ يَرْجُو اللهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللهَ كَثِيرًا﴾

﴿سىلەرگە ــ اللهنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللهنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر.﴾ سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت

﴿ما أَفَاءَ اللهُ عَلَى رَسُولِهِ مِنْ أَهْلِ الْقُرَى فَلِلَّهِ وَلِلرَّسُولِ وَلِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَابْنِ السَّبِيلِ كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْأَغْنِيَاءِ مِنكُمْ وَمَا آتَاكُمُ الرَّسُولُ فَخُذُوهُ وَمَا نَهَاكُمْ عَنْهُ فَانتَهُوا وَاتَّقُوا اللهَ إِنَّ اللهَ شَدِيدُ الْعِقَابِ﴾

﴿الله پەيغەمبىرىگە غەنىيمەت قىلىپ بەرگەن ئەھلى قۇرا (يەنى قۇرەيزە، نەزىر، پەدەك ۋە خەيبەر كۇففارلىرى)نىڭ ماللىرىنى، ئېچىغلاردىكى بايلارنىڭ ئارىسىدا قولدىن قولغا ئۆتۈپ يۈرمەسلىكى ئۈچۈن، اللهغا، پەيغەمبەرگە، پەيغەمبەرنىڭ خىش ـ ئەقرىبالىرىغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە خاس قىلدى، پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن چەكلىنىڭلار، اللهدىن قورقۇڭلار، ھەقىقەتەن اللهنىڭ ئازابى قاتتىقتۇر.﴾ سۈرە ھەشر 7 ـ ئايەت

ئى مۇسۇلمانلار! ئۇنداقتا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توسقاندىن دەرھال يېنىڭلار،چەكلىگەندىن چەكلىنىڭلار.

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چەكلەپ، توسقان نەرسىلەر





## توغرىسىدىكى سەھىھ ھەدىسلەر

### 411 (حسن) نهى رسول الله صلى الله عليه وسلم أن تتبع جنازة معها رانة (ه) عـن ابن عمر

411. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىغا ئاۋاز قىلىپ يىغلىغۇچى ئايال كىشىنىڭ ئەگىشىشىدىن توسقان، (ئاياللار ئەگەشمەيدۇ). ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

### 412 (حسن) نهى أن تستتر الجدر (هق) عن علي بن الحسين مرسلا

412. ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تامغا پەردە تارتىشتىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن. بۇ ھەدىس، مەن تاش، چالمىغا يەنى تامغا كىيىم كىيدۈرۈشكە بۇيرۇلمىدىم دېگەن ھەدىسكە ئوخشاشتۇر.

### (صحيح) نهى أن تصبر البهائم (ق د ن ه) عن أنس

413. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنى قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىپ، سولاپ قويۇپ مەجبۇرى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. بەيھەقى، نەسائى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 414 (صحيح) نهى أن تكلم النساء إلا بإذن أزواجهن (طب) عن عمرو

414. ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ سۆز قىلىشىدىن (يەنى مەجلىسدە، جامائەت سورۇندا سۆز قىلىشىدىن) توسقان، لېكىن ئېرى بولسا، ئېرىنىڭ ئىزنى، رۇخستى بىلەن سۆز قىلسا، سۆئال سورىسا، توسمىغان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### 415 / 1 [ الصحيحة (2723) نهى أن يبال بأبواب المساجد (د في مراسيله عن مكحول مرسلا)

415. مەكھۇل رەھمەھۇللادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەسجىدلەرنىڭ ئىشىكلىرىگە يەنى ئىشىك ئەتراپىغا كىچىك تەرەت قىلىشتىن

توسقان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) نهى أن يبال في الماء الراكد (م ن ه) عن جابر

416. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم توختاق سوغا تەرەت قىلىشدىن توسقان. مۇسلىم، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 417 (صحيح) نهى أن يبول الرجل في مستحمه(ت) عن عبدالله بن مغفل

417. ئابدۇللاھ مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ يۇيۇنىدىغان مۇنچىسىغا كىچىك تەرەت قىلىشدىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) نهى أن يتباهى الناس في المساجد (حب) عن أنس

418. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ مەسجىدلىرى توغرىسىدا پەخىرلىنىشدىن، ئۆزئارا باھالاپ كېتىشدىن توسقان. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

### 419 (صحيح) نهى أن يتخذ شيء فيه الروح غرضا (حم ت ن) عن ابن عباس

419. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانلىق نەرسىنى يەنى ھايۋانلارنى ئوق ئېتىش، قارغا ئېتىش نىشانى قىلىشدىن توسقان. ئەھمەد، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) نهى أن يتزعفر الرجل (ق 3) عن أنس

420. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر كىشىنىڭ زەئىپىراننى ئىستېمال قىلىشدىن توسقان، (چۈنكى ئۇنىڭ رەڭگى سېرىق). بەيھەقى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

### 421 (صحيح) نهى أن يتعاطى السيف مسلولا (حم د ت ك) عن جابر

421. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرنىڭ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ يالىڭاچ ھالەتتە بىرسى ـ بىرسىگە سۇنۇپ بېرىشدىن توسقان. (غىلىپىغا سېلىپ تۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىغان). ئەھمەد 14215 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2089 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2221 ـ ھەدىس،





ئىبنى ماجەمۇ توپلىغان، سەھىھ.

### 422 (صحيح) نهى أن يتنفس في الإناء أو ينفخ فيه (حم د ت ه) عن ابن عباس

422. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاچىنىڭ ئىچىگە تىنىشدىن، نەپەسلىنىشدىن ياكى پۈۋلەشدىن توسقان. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 423 (حسن) نهى أن يجلس الرجل بين الرجلين إلا بإذنهما (هق) عن ابن عمرو

423. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئىككى كىشى ئارىسىدا ئولتۇرۇۋېلىشدىن توسقان. لېكىن، شۇ كىشىلەرنىڭ ئىزنى بىلەن ئولتۇرسا بولىدۇ. بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

### نهى أن يجلس الرجل في الصلاة و هو معتمد على يده اليسرى و قال: إنها صلاة اليهود (ك هق) عن ابن عمر

424. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ نامىزى ئىچىدە سول قولغا يۆلەنگەن ھالەتتە ئولتۇرۇشدىن توسقان ۋە ھەققەتەن ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ نامىزى دېگەن. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

### 425 (صحيح) نهى أن يجلس بين الضح و الظل و قال: مجلس الشيطان (حم) عن رجل

425. بىر ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاپتاپ بىلەن سايە ئارىسىدا يېرىمى ئاپتاپ، يېرىمى سايە جايدا ئولتۇرۇشدىن توسقان ۋە ئۇ شەيتاننىڭ ئولتۇرىدىغان جايى دېگەن. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

### 526 (صحيح) نهى أن يجمع أحد بين اسمه و كنيته (ت) عن أبي هريرة

426. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن كىنايە ئىسمىنى،بىرەر كىشىنىڭ بىرلەشتۈرۈپ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىۋېلىشدىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 427 (صحيح) نهى أن يسافر بالقرآن إلى أرض العدو (ق د ه) عن ابن عمر

427. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان بىلەن دۈشمەن زېمىنغا سەپەر قىلىشتىن توسقان، (چۈنكى ئۇلار سۈيىقەست قىلىدۇ، قۇرئان ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە زايا كېتىدۇ). بەيھەقى، ئەبۇ داۋد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 428 (صحيح) نهى أن يستنجي أحد بعظم أو روثة أو حممة (د قط هق) عن ابن مسعود

428. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ سۆڭەك، تېزەك بىلەن ياكى كۆمۈر بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن توسقان، (چۈنكى سۆڭەك مۇسۇلمان جىنلارغا، ھايۋان تېزىكى ئۇلارنىڭ ھايۋانلىرىغا رىزىقتۇر). ئەبۇ داۋۇد 35 ـ ھەدىس، مۇسلىم 682 ـ ھەدىس، تىرمىزى 18 ـ ھەدىس، نەسەئى 39 ـ ھەدىس، دارىقۇتنى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى أن يستنجي ببعرة أو عظم (حم م د) عن جابر

429. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆڭەك بىلەن، تۆگىنىڭ تېزىكى ھايۋان تېزىكى بىلەن ئىستىنجا قىلىشتىن توسقان. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، مۇسلىم 682 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 430 (صحيح) نهى أن يسمى أربعة أسماء: أفلح و يسارا و نافعا و رباحا (د ه) عن سمرة

430. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت خىل ئىسىم بىلەن ئىسىم قويۇشتىن توسقان، ئەپلەھ، يەسسار، ناپىئ، رەباھ دېگەن ئىسىمدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى أن يشرب الرجل قائما (م د ت) عن أنس

431. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئىچىملىك ئىچىشتىن توسقان. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.





## 432 (حسن) نهى أن يصلي الرجل في لحاف لا يتوشح به و نهى أن يصلي الرجل في سراويل و ليس عليه رداء (د ك) عن بريدة

432. بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ يۆگىنىدىغان يوركەنجىسىنىڭ، كىيىمنىڭ ئىككى تەرىپىنى كۆكسىگە چەگمەستىن، پىشىنى قويۇشتۇرماستىن، ناماز ئوقۇشتىن توسقان ۋە يەنە كىشىنىڭ ئۈستىدە رىدا، تون، تەلپەكلىرى يوق ھالەتتە ئىشتان بىلەنلا ئوقۇشتىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد 541 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

## 322 (صحيح) نهى أن يصلي الرجل و رأسه معقوص(طب) عن أم سلمة

433. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ چېچىنى پوملاپ، تۈگۈپ كۆتىكىگە چىگىۋېلىپ تۇرۇپ ناماز ئوقۇشتىن توسقان. ئەھمەد 25931 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1032 ـ ھەدىس، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى أن يصلي الرجل و هو حاقن (ه) عن أبي أمامة

434. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ تاھارىتى قىستىغان ھالەتتە ناماز ئوقۇشتىن توسقان. ئىبنى ماجە 609 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21131 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 435 (حسن) نهى أن يصلي خلف المتحدث و النائم (ه) عن ابن عباس

435. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ ۋە ئۇخلاۋاتقانلارنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇشتىن توسقان،(يەنى ئۇلار قىبلە تەرەپتە بولسا). ئىبنى ماجە 949 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 1595 ـ ھەدىس، ھەسەن.

## 436 (صحيح) نهى أن يصلي على الجنائز بين القبور (طس) عن أنس

436. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىنازىلارنى قەبرىلەرنىڭ ئارىسىغا ئەكىرىپ تۇرۇپ ناماز چۈشۈرۈشتىن توسقان. (يەنى قەبرىستانلىقتا مېيىتكە ناماز چۈشۈرۈلمەيدۇ، يەنى مەخسۇس ئاپىرىپ چۈشۈرمەيدۇ. ئەمما، بەزى چاغلاردا ناماز چۈشۈرۈپ قويۇلۇپ بولغان كىشىگىمۇ جەسەدى چىرىپ، سېسىپ كەتمىسىلا ناماز چۈشۈرگەن ھەدىس بار. بۇ ئىككىسى

ئىككى ئىشتۇر). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### 437 (صحيح) نهى أن يضع الرجل إحدى رجليه على الأخرى و هو مستلق عـلى ظهره (حم) عن أبي سعيد(لكن رسول الله ص فعل ذالك خ455 م3921)

437. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، ئوڭدا يېتىشىدىن توسقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالمىسا، شۇ ھالەتتە ياتسا بولىدۇ، چۈنكى، يەنىلا ئەھمەد 15849 ــ ھەدىستە، بۇخارى 455 ـ ، 5813 ــ ھەدىستە، مۇسلىم 3921 ــ ھەدىستە، تىرمىزى 2689 ــ ھەدىسلەردە دۇرۇسلىقى باردۇر.

### (صحيح) نهى أن يطرق الرجل أهله ليلا (ق) عن جابر

438. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەردىن كەلگەن كىشىنىڭ ئەھلىگە، ئايالىغا كېچىدە تۇيۇقسىز كىرىشىدىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. (چۈنكى، تەييارلىق قىلىۋالىدۇ ۋە باشقا سەۋەبلەر.)

### 439 (صحيح) نهى أن يفرد يوم الجمعة بصوم (حم) عن أبي هريرة

439. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەخسۇس جۈمە كۈنىلا روزا تۇتىۋېلىشىدىن توسقان، (ئالدى ــ كەينىدە بىللە تۇتسا دۇرۇس). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

### 440 (صحيح) نهى أن يقام الرجل من مقعده و يجلس فيه آخر (خ) عن ابن عمر

440. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشى ئورنىدىن قوپۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىدا يەنە بىر كىشىنىڭ ئولتۇرۇۋېلىشىدىن توسقان. (چۈنكى، ئۇ كىشى قايتىپ كەلسە، ئۆز ئورنىغا ئۆزى لايىقتۇر. لېكىن قايتىپ كەلمىسە دۇرۇس). بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

### 441 (صحيح) نهى أن يقتل شيء من الدواب صبرا (حم م ه) عن جابر

441. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋانلارنىڭ مەجبۇرى ھالدا سولاپ قويۇلۇپ ياكى قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىنىپ





ئۆلتۈرۈلىشىدىن توسقان. (ھالال بولسا، ھاجەت چۈشسە ئۆلتۈرۈپ يېگىلى بولمىسا ھايۋانلارغىمۇ زۇلۇم قىلىش ھارام، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇڭا پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەتتۇر). ئەھمەد، مۇسلىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 442 (صحيح) نهى أن يقعد الرجل بين الظل و الشمس (ك) عن أبي هريرة (ه) عن بريد

442. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، كىشىنىڭ سايە بىلەن ئاپتاپ ئارىسىدا، يېرىمى سايە، يېرىمى ئاپتاپ جايدا ئولتۇرۇشىدىن توسقان. ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 443 (صحيح) نهى أن يقعد على القبر و أن يجصص أو يبنى عليه (حـم د ن) عـن جابر

443. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرە ئۈستىدە ئولتۇرۇشىدىن، قەبرىنى سېمونت، بېتۇندا قاتۇرۇپ، پۇختا سېلىشىدىن، قەبرە ئۈستىگە ياكى قەبرىستانلىققا بىنا، قۇرۇلۇش قىلىشىدىن توسقان. (مەسجىد ياكى ئۆي سېلىنمايدۇ). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### 444 (صحيح) نهى أن يقوم الإمام فوق شيء و الناس خلفه (د ك) عن حذيفة

444. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىمامنىڭ ئۆزى يالغۇز بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇشىدىن، كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا، پەستە تۇرۇشىدىن توسقان، (بۇ ناماز ئىچىدە چەكلىنىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

### 445 (صحيح) نهى أن يكتب على القبر شيء (ه ك) عن جابر

445. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرە ئۈستىگە بىرەر نەرسىنىڭ خەت قىلىپ يېزىلىشىدىن توسقان. ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.(قەبرىگە ھېچنەرسە يېزىلمايدۇ، ھەتتا ئىسىم ــ فامىلىسىمۇ، ياخشى ــ يامانلىقىمۇ، تارىخىمۇ يېزىلمايدۇ. بۇ دىنسىزنىڭ ئىشى.)

### 446 (صحيح) نهى أن يمس الرجل ذكره بيمينه و أن يمشي في نعل واحدة و أن يشتمل الصماء و أن يحتبي في ثوب ليس على فرجه منه شيء (ن) عن جابر

446. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئەۋرىتىنى ئوڭ قولى بىلەن تۇتۇشىدىن، ئوڭ قولى بىلەن ئىستىنجا قىلىشىدىن، بىرلا ئاياغدا مېڭىشىدىن، پۈتۈن بەدىنىنى يۆگۈۋېلىشىدىن، پۈتۈنلەي يۆگىنىۋېلىشىدىن، ئەۋرىتىنى ياپماستىن، ئەۋرىتى ئۈستىدە بىرەر نەرسە بولماستىن ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان. نەسەئى 5245 ـ ھەدىس، بۇخارى 5374 ـ ھەدىس، ئەھمەد 10998 ـ ھەدىس، سەھىھ.

### 447 (صحيح) نهى أن يمشي الرجل في نعل واحدة أو خف واحدة (حم) عن أبي سعيد

447. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ بىر ئاياغدا ياكى بىر ئۆتۈك بىلەن مېڭىشىدىن توسقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.(چۈنكى، كىشىلەر ئەيىبلەپ، غەيۋەت قىلىپ، گۇناھكار بولىدۇ، مەسخىرە قىلىدۇ يا پۇتى قايرىلىپ كېتىدۇ.)

### (صحيح) نهى أن يمنع نقع البئر(حم) عن عائشة

448. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇدۇق سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى باشقىلاردىن چەكلەپ توسۇپلىشنى توسقان. (قۇدۇقتا يىغىلىپ قالغان سۇ، قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ ئاشقىنىنى، قۇدۇقتىن باشقىلارنىڭ ئىچىشى، چارۋىسىنى سۇغۇرۇشى چەكلەنمەيدۇ، بۇنىڭدىن چەكلەشنى توسقان.) ئەھمەد 23936 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2470 ـ ھەدىس، مالىك 1233 ـ ھەدىس، سەھىھ.

### 449 (صحيح) نهى أن ينام الرجل على سطح ليس بمحجور عليه (ت) عن جابر

449. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ، ئەتراپى توسۇلمىغان، مۇداپىئەسى بولمىغان ئۆگزىدە ئۇخلىشىدىن توسقان. (چۈنكى، ئۆگزىدە ئۇخلاپ چۈشۈپ كەتكەنلەر ئاز ئەمەس). تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.





### 450 (صحيح) نهى أن ينتعل الرجل و هو قائم (ت الضياء) عن أنس

450. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئۆرە تۇرۇپ ئايىغىنى كىيىشىدىن توسقان. تىرمىزى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

(چۈنكى، مۇشەققەت بار، ئايىغى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، لېكىن، مۇشەققەت بولمىسا ياكى كۆپ جامائەتلەر ئارقىسىدىن كېلىۋاتسا، مەسجىددىن چىقىۋاتسا يەنىلا ئولتۇرۇپ كىيمەن دېسە بولمايدۇ، بولۇپمۇ، ساپما ئاياغقا ئوخشاش كېتىۋېتىپ پۇتىغا سايپقىلى، ئۆرە تۇرۇپلا كىيگىلى بولىدىغان نەرسىنى ئۆرە تۇرۇپلا كەيسە دۇرۇس. ياكى باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ ئولتۇرۇپ كىيسۇن، بۇ مۇستەھەپتۇر.)

### نهى أن ينفخ في الشراب و أن يشرب من ثلمة القدح أو أذنه (طب) عن سهل بـن سعد

451. سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىچىملىكنىڭ ئىچىگە پۈۋلەشىدىن، نەپەسلىنىشىدىن، قەدەھ، قاچىنىڭ پۇچۇق ـ سۇنۇقىدىن ئىچىشىدىن ياكى قۇلىقى بار جايىدىن ئىچىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، ھەسەن. چۈنكى، كىشىگە زىيان باردۇر.

### 452 (حسن) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقـم: 6028(نهى أن ينفخ في الطعام و الشراب (و الثمرة) طب عن ابن عباس

452. ئىبنى ئاباباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماققا، شاراپ، ئىچىملىككە پۈۋلەشىدىن توسقان. (پاكىز مېۋىگىمۇ شۇنداق، لېكىن، تازىلاش ئۈچۈن بولسا مەيلى، پۈۋلەپ يېيىشكە دۇرۇس). تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

### 453 (صحيح) نهى عن اختناث الأسقية (حم ق د ت ه) عن أبي سعيد

453. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشىدىن، سۇنۇق، پۇچۇق يېرىدىن ئىچىشىدىن، سۇندۇرۇپ، شۇ جايىدىن ئىچىشىدىن توسقان. مۇسلىم 3769 ـ ھەدىس، بۇخارى 5194 ـ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن أكل البصل (طب) عن أبي الدرداء

**454**. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خام پىيازنى يېيىشدىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 455 (صحيح) نهى عن أكل البصل و الكراث و الثوم (الطيالسي) عن أبي سعيد

**455**. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خام پىياز، سامساق، چىڭسەي، يۇمغاقسۇت قاتارلىق غەلىتە پۇراقلىق نەرسىلەرنى يېيىشدىن توسقان. تەيالىسى توپلىغان، سەھىھ.

## 456 (صحيح) نهى عن أكل الثوم (خ) عن ابن عمر

**456**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سامساقنى يېيىشدىن توسقان. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ. (يەنى خام يېيىشدىن توسقان، قاتتىق پىششىق ھالەتتە يېيىش ياكى دورا قىلىپ يېسە دۇرۇس بولىدۇ.چەكلەش سەۋەبى يۇقىرىدا مەسجىدىمىزگە يېقىن كەلمىسۇن دېگەن جايدا ئۆتتى.)

## 457 (صحيح) نهى عن أكل الجلالة و ألبانها (د ت ه ك) عن ابن عمر

**457**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىجاسەت يېۋالغان ھايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشدىن، سۈتىنى ئىچىشدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

(شۇنىڭ ئۈچۈن توخىنى ئىككى ۋاخ دان چاچسا، ئاندىن تۇخۇمى ھالال، بولمىسا مەكرۇھ بولىدۇ، قويۇپ بېرىلگەن توخنى ئۈچ كۈن سولاپ، پاكىز دان بېرىپ، ئاندىن ئۆلتۈرۈپ يېيىمىز، كالا تۇغۇپ، ئۆز ھەمرىيىنى يۇۋالسا، ئون كۈندىن 40 كۈنگىچە قويۇپ، ئاندىن ساغىمىز، بۇ ھەددىسىدىن ئىشەكنىڭ سۈتى ھارامدۇر، ھارامدا داۋا، شىپا يوقتۇر ھەدىس. ئىشەكنى، توڭگۇزنى ئىمىپ چوڭ بولغان قوينى، موزاينى، گۆشى پاكىز بولغىچە پاكىز نەرسە بېرىپ باقسا ھالال بولىدۇ، دەلىل، يۇقىرىدا تۆرۈپتۇ، ئويلىنىڭ، نىجاسەت بېرىلگەن ھايۋاننى يېمەڭ، سۈتىنى ئىچمەڭ، نىجاسەت ئارىلاشقان ھەر قانداق نەرسىنى ياكى ھارام ئارىلاشقان نەرسىنى يېيىشكە، ئىچىشكە قەتئىي بولمايدۇ. ھەتتا، توڭگۇز مېيى ئارىلاشقان گىرىم بويۇم، چاچ سوپۇنلىرى نىجىس، مەنئىتتۇر.)





## 458 (حسن) نهى عن أكل الضب (ابن عساكر) عن عائشة (د) عن عبدالرحمن بن شبل

**458**. ئائىشە، ئابدۇرەھمان شىبىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلەنى يېيىشدىن توسقان، ئىبنى ئەساكىر، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن. بىز يۇقىرىدا بۇ كەسلەنچۈك، پاتمىچۇق تۈردىكى ھايۋان توغرىسىدىكى ئىختىلاپنى بايان قىلغان، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## 459 (صحيح) نهى عن أكل المجثمة - و هي التي تصبر بالنبل - (ت) عن أبي الدرداء

**459**. ئەبۇ دەردائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقيا بىلەن قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىنىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يېيىشدىن توسقان. تىرمىزى 1748 ــ ھەدىس، نەسەئى 4362 ــ ھەدىس، ئەھمەد 2053 ــ ھەدىس، سەھىھ.

## 460 (صحيح) نهى عن أكل كل ذي ناب من السباع(ق 4) عن أبي ثعلبة

**460**. ئەبۇ سەئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مەگىنى بار يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنى يېيىشدىن توسقان. بەيھەقى، تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## نهى عن أكل كل ذي ناب من السباع و عن أكل ذي مخلب من الطير (حـم م د ن) عن ابن عباس

**461**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق مەگىنى بار يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋاننى يېيىشدىن، ھەر قانداق ئىلمەك تىرنىقى بار گۆشخور قۇشلارنى يېيىشدىن توسقان. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. (مەسىلەن: شىر، يولۋاس، ئىت، يىلپىز، بۆرە، تۈلكە، مۈشۈك ھارام، ئۆۋچى قۇش، قارىغۇجا،قارچۇغا، بۈركۈت ھارام. ئۇسىيمىن رەھمەھۇللا، پىلمۇ ھارام دېگەن، چۈنكى مەگىنى بار. ۋەللاھۇ ئەئلەم)

## نهى عن أكل لحوم الحمر الأهلية (ق) عن البراء وجابر وعلي وابن عمر وأبي ثعلبة

**462**. بەررائى، جابىر، ئەلى، ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھلى ئىشەكنى يەنى ئىنسانلار ئۆيلىرىدە ئىشلىتىۋاتقان ئىشەكنى يېيىشتىن توسقان. بەيھەقى، بۇخارى، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

ساھابىلار، تابىئىنلار، ئىشەك گۆشى ھارام دېگەنگە ئىجمائقا كەلگەن، سۈتىمۇ ھارامدۇر،چۈنكى سۈت، گوش بىلەن قاندىن كېلىدۇ.

## 463 (صحيح) نى عن الاختصار في الصلاة (حم د ت) عن أبي هريرة

**463**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئىچىدە بېلىنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن توسقان. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نى عن الإخصاء (ابن عساكر) عن ابن عمر

**464**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى پىشتۇرۇۋېتىشتىن،(ئاختا قىلىشتىن) قاتتىق توسقان. (روزا تۇتۇشقا بۇيرىغان). ئىبنى ئەساكىر ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

## 465 (صحيح) نى عن الإقران إلا أن يستأذن الرجل أخاه (حم ق د) عن ابن عمر

**465**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زىياپەتتە، كىشىنىڭ خورمىلارنى جۈپلەپ، ئىككىدىن ـ ئىككىدىن يېۋېلىشىدىن توسقان، لېكىن، قېرىندىشىدىن ئىزنى، رۇخسەت سورىسا، ئىزنى بەرسە شۇنداق يېسە بولىدۇ، (بۇ نەھىيدىن مۇستەسنادۇر.) ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (ھەممە نەرسە شۇنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ.)

## (صحيح) نى عن الإقعاء في الصلاة (ك هق) عن سمرة

**466**. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازدا ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشتىن، ئىككى سەجدە ئارىسىدا كاسىسىنى ئىككى تاپىنى ئۈستىگە قويۇپ ئولتۇرۇشتىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 467 (صحيح) نى عن الإقعاء و التورك في الصلاة (حم هق) عن أنس





**467**.ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم،ناماز ئىچىدە ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشتىن،كاسىسىدا، يۈتىسىدا ئولتۇرۇشتىن توسقان.ئەھمەد،بەيھەقى توپلىغان.سەھىھ.

## 468 (صحيح) نى عن الأكل و الشرب في إناء الذهب و الفضة (ن) عن أنس

**468**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن ـ كۈمۈش قاچىدا نەرسە يېيىشتىن، ئىچىشتىن توسقان. نەسەئى توپلىغان، سەھىھ. باشقا ھەدىسلەردە ئۇچۇق ھارام دېيىلگەن.

## 469 (صحيح) نى عن التبتل (خ م حم ق د) عن سعد (حم ت ن ه) عن سمرة

**469**. سەئىد، سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللاردىن ئايرىلىپ، تۇل ئۆتۈشتىن، تويسىز ئۆتۈشتىن توسقان. بۇخارى، مۇسلىم، ئەھمەد، بەيھەقى، نەسەئى، تىرمىزى، ئىبى ماجە، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. (لېكىن، سۈرە مۇززەممەلنىڭ 8 ـ ئايىتىدە، دۇنيادىن ئاللاھقىلا ئايرىلىش، ئىبادەتكىلا ئايرىلىش كۆرسىتىلگەن، بۇ ئىككى تەبەتتۇل بىر ـ بىرىگە زادى ئوخشاشمايدۇ. ئىسلامنىڭ تۇنجى مەزگىلىدە تۇللۇقدىن، پىشتۇرۇشدىن توسقان. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا زاھىدلىق بولسىمۇ، راھىبلىق يوق، ھارام قىلىۋېلىشدىن توسقان، ھارام قىلىۋېلىش، ھازىرمۇ توسۇلىدۇ. لېكىن، نىكاھ سۈننەت، بۇنى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى سۈننىتىم دېگەن، بۇ ھەم ئۇمۇمى بۇيرۇق، ئۈممەت ھەممىسى توي قىلمىسا، نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بۆھتانغا قالغان سەپۋان دېگەن ساھابىدەك، ئەبۇ زەردەك، ھەسەن بەسرى، رابىئە بەسرى، ئىبراھىم ئەدھەم، ئىبنى تەيمىيىيە، پەيلاسوف پارابى، ئىمام غەززالىيدەك ئاز ساندىكىلەر يەنى ئىسا، يەھيا، مەريەمدەك، ئەسھابۇلكەھبىدەك، جۇرەيجدەك ئاز ساندىكىلەر ھەر زامان، ھەر ماكان دۇئاسى ئىجاۋەت بولغىدەك ئابىد، زاھىد بولسا، بۇ زاھىدلىققا ئىسلام دىنى مەيلى دەپ رۇخسەت بېرىدۇ. ھارام قىلىۋېلىشدىن قاتتىق توسىدۇ. چۈنكى، بۇ ئاللاھنىڭ ھوقۇقىدۇر. بۇ مەسىلىدە ئۆز ۋاختىدىلا، تۆت مەزھەپ ئىماملىرى توختىلىپ بولغان، ئۇلار بۇ مەسىلىنى نەچچە تۈرگە ئايرىپ، ھالال ـ ھارام، ۋاجىپ، مەكرۇھ دەپ بۆلگەن. ئەمما بىردەك، ئىلىم، ئىبادەت، جىھادقا، زاھىدلىققا ئۆزىنى ئاتاپ خۇددى ئىبنى تەيمىيىيەدەك ئۆتسە، دۇرۇس، ئەۋزەل دېگەن. رۇخسەت بەرگەن، لېكىن، بىدئەتكە، خۇراپاتقا، سىرلىق بولۇۋېلىشقا، باشقا دىن، ئەقىدىگە ئۆتۈپ كېتىشكە،

ئۇخشۇبلىشقا قەتئىي رۇخسەت يوق، سۈننەتنى قىلسا، مۇكاپات بار، سەۋەب ئۈززە بىلەن قىلالمىسا گۇناھ يوق، بۇ ئۇسۇل قائىدىسى، بۇ مەسىلىنى بىز يۇقىرىدا سۆزلىگەن. سىز تەپسىلى بىلەي دېسىڭىز، تەپسىرلەرنى ھەدىس كىتابلىرىنىڭ شەرھىيلىرىنى، تۆت مەزھەپ توغرىسىدا يېزىلغان ھەر قايسى فىقھى كىتابلارنى كۆرۈڭ. بىلمىسىڭىز ئالىملاردىن سوراڭ، لېكىن، دانا ئالىمدىن سوراڭ، دەلىلنى ساھابىلاردەك چۈشىنىڭ).

## (حسن) نهى عن التبقر في المال(حم) عن ابن مسعود

470. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماللارنى، (ئەھلى، باللارنى) شەھەرلەرگە كۆپ قىلىپ، تارقاق قىلىۋېلىشتىن (يەنى مەدىنىدە بىر ئەھلى، مەككىدە بىر ئەھلى، كۇفىدە بىرسى، دېگەندەك كۆپ قىلىۋېتىشتىن) توسقان. ئەھمەد 3978 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2250 ــ ھەدىس، ھەسەن.(ئۇنداق قىلغاندا قەلبى بۆلۈنۈپ، زېھنى چېچىلىپ، زور ئاۋارىچىلىق بولىدۇ، ۋاختىنى دىن ئۆچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەلمەيدۇ.)

## 471 (صحيح) نهى عن التختم بالذهب (ت) عن عمران بن حصين

471. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشتىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ. (ئالتۇن، ئەرلەرگە ھارام ئاياللارغا ھالالدۇر.)

## 472 (صحيح) نهى عن الترجل إلا غبا (حم 3) عن عبدالله بن مغفل

472. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دائىم چاچنى تاراۋېرىشتىن توسقان، لېكىن، چاچ ــ توزان بولۇپ كەتسە تاراشقا رۇخسەت قىلغان، ئەھمەد، ئۈچ كىتاب توسقان، سەھىھ.(چاچنى دىسىزلارغا خىلاف يوسۇندا قويسا بولىدۇ.)

## (صحيح) نهى عن التكلف للضيف (ك) عن سلمان

473. سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېھمانغا تەكەللۇپ قىلىشتىن توسقان، (يەنى ئۆيدە يوق نەرسىگە مۇشەققەتكە قېلىشتىن، دىلىدا يوق نەرسىنى تىلىدا دېيىشتىن، خۇشامەت سۆزدىن توسقان). ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى

## 474 (صحيح) نهى عن الجداد بالليل و الحصاد بالليل (هق) عن الحسين

474. ھۆسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنى كېچىدە ئۈزۈۋېلىشتىن، دانلارنىمۇ كېچىسى يىغىشتىن توسقان. (مېۋىمۇ كېچىسى ئۈزۈلمەيدۇ). بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 475 (حسن) نهى عن الجدال في القرآن (السجزي) عن أبي سعيد

475. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇرئان توغرىسىدا قۇرئان ئىچىدىكى ئايەتلەردە جېدەل ــ ماجرا، ئىختىلاپ قىلىشتىن توسقان. سەجزىي توپلىغان ھەسەن. (يۇقىرىدا بۇ جېدەل ــ ماجرا، دە ــ تالاشنى كۆپرىلىق دېدى.)

## نهى عن الجلوس على مائدة يشرب عليها الخمر و أن يأكل الرجل و هو منبطح على بطنه (د ه ك) عن ابن عمر

476. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ھاراق ئىچىلىدىغان دوسقان تۆپىدە ئولتۇرۇشتىن توسقان ۋە كىشىنىڭ قورسىقىچە، يۈزىچە دۈم يېتىپ تۇرۇپ تاماق يېيىشتىن توسقان، (دۈم يېتىپ ئۇخلاشتىنمۇ توسقان). ئەبۇ داۋۇد 3282 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3361 ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

## 477 (صحيح) نهى عن الجلالة أن يركب عليها أو يشرب من ألبانها (د ك) عن ابن عمر

477. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نىجاسەتنى، ھايۋان تېزەكلىرىنى يەيدىغان ھايۋانغا مىنىشتىن، سۈتىنى ئىچىشتىن توسقان. (گۆشىنى يېيىشتىنمۇ توسقان). ئەبۇ داۋۇد 3293 ــ ھەدىس، تىرمىزى 1747 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3180 ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 478 (حسن) نهى عن الحبوة يوم الجمعة و الإمام يخطب (حم د ت ك) عن معاذ بن أنس

478. مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم جۈمە كۈنىسى ئىمام خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا،كىشىنىڭ كاسىسىنى يەرگە قويۇپ، ئىككى پاچاق ـ يۆتىنى تىكلەپ، كۆكسىگە يىغىپ ئىككى قولى بىلەن قۇچاقلاپ زوڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان، (چۈنكى، ئۇ كىشى ئۇخلاپ، غەپلەتتە قالىدۇ). ئەھمەد 15077 ـ ھەدىس، تىرمىزى 472 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 936 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

## 479 (صحيح) نهى عن الخذف و قال: إنا لا تقتل الصيد و لا تنكي العدو و لكنها تفقأ العين و تكسر السن (حم ق د ه) عن عبدالله بن مغفل

479. ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەپپەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سوزماقتا تاش ئېتىشىدىن توسقان ۋە ھەققەتەن ئۇ، ئوۋنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، دۈشمەننى ئېغىر ياربدار قىلالمايدۇ. لېكىن، ئۇ بالىلارنىڭ كۆزىنى قۇيۇپ، چىشىنى سۇندۇرۇۋېتىدۇ دېگەن. (دۈشمەننىڭ كۆزىنى قۇيسا ياخشى بولاتتى). ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن الدواء الخبيث (حم د ت ه ك) عن أبي هريرة

480. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، نىجىس داۋادىن، نىجىس نەرسە بىلەن داۋالىنىشدىن توسقان. (چۈنكى ئۇ، ھارام ھەم نىجىستۇر، ئىبادەت قوبۇل بولمايدۇ). ئەبۇ داۋۇد 3372 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1968 ـ ھەىس، ئىبنى ماجە 3450 ـ ھەدىس، (بۇنى زەھەر دېگەن يەنى زەھەر بىلەن داۋالىنىشدىن توسقان). ئەھمەد 7703 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، سەھىھ

## 481 (صحيح) نهى عن الديباج و الحرير و الإستبرق (ه) عن البراء

481. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك رەختتىن، نېپىز ۋە قېلىن يىپەكتىن توسقان (يەنى ئەرلەرنىڭ كىيىشدىن توسقان). ئىبنى ماجە 3579 ـ ھەدىس، بۇ بارلىق ھەدىس كىتابلىرىدا باردۇر، سەھىھ.

## 482 (صحيح) نهى عن الرقى و التمائم و التولة(ك) عن ابن مسعود

482. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باتىل رۇقىيدىن يەنى شەرئەتتە دۇرۇس بولمىغان ئايىتى شىپالاردىن،





پاناھ تىلەشلەردىن، بويىنغا تۇمار ئېسىۋېلىشدىن، سېھرگە مەنسۇپ بولغان، ئايالنى ئېرىگە، ئېرىنى ئايالىغا ياخشى كۆرسىتىش، ئىسسىتقۇ، سويۈتقۇلاردىن توسقان، (بۇنى شېرىك دېگەن). ئەبۇ داۋۇد 3385 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3521 ـ ھەدىس، ئەھمەد 3433 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 483 (صحيح) نهى عن الركوب على جلود النمار (د ن) عن معاوية

483. مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىلپىز تېرىسىگە مىنىشدىن، كىيىم قىلىپ كىيىشدىن توسقان، (ئۇنىڭ بەدىنىدە سىزىقچىلار بولغاچقا، نەمىر دەپ ئاتالغان). ئەبۇ داۋۇد 3701 ـ ھەدىس، 3600 ـ ھەدىس، ئەھمەد 16241 ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## 484 (صحيح) نهى عن الزور (ن) عن معاوية

484. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باتىل سۆز قىلىشدىن، يالغان سۆزلەشدىن توسقان. نەسەئى 5005 ـ ھەدىس، ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

## نهى عن السدل في الصلاة و أن يغطي الرجل فاه (حم 4 ك) عن أبي هريرة

485. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ناماز ئىچىدە كىيىمىنى سۆرەلتىپ ئۇزۇن قويىۋېتىشىدىن توسقان ۋە ئاغزىنى يۈز ـ كۆزىنى يۆگىۋېلىشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد 548 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7593 ـ ھەدىس، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن.

## 486 (صحيح) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6041(نهى عن السوم (قبل طلوع الشمس) و عن ذبح ذوات الدر (ه ك عن علي(

486. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۈن چىقىشىدىن بۇرۇنلا مۇقىم توختالغان باھانى، مالنىڭ پۇلىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋېلىشدىن، سۈتلۈك ھايۋاننى يەنى قورسىقىدا بار بوغاز ھايۋاننى ھەم بالىسى كىچىك تېخى بالىسى ئېمىۋاتقان ھايۋاننى بوغۇزلاشدىن توسقان. ئىبنى ماجە 2197 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 487 (حسن) نهى عن الشراء و البيع في المسجد و أن تنشد فيه ضالة و أن ينشد فيه

## شعر و نهى عن التحلق قبل الصلاة يوم الجمعة (حم 4) عن ابن عمرو

487. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىد ئىچىدە ئېلىم ــ سېتىم، سودا قىلىشىدىن، يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى تەلەپ قىلىپ، ئىزدەپ ئېلان قىلىشىدىن، مەسجىددە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشىدىن توسقان، جۈمە كۈنى نامازدىن بۇرۇنلا ھالقا ــ ھالقا بولۇپ ئولتۇرۇۋېلىشىدىن توسقان. ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان، ھەسەن. ئەبۇ داۋۇد 911 ــ ھەدىس.

## 488 (صحيح) نهى عن الشرب في آنية الذهب و الفضة و نهى عن لبس الذهب و الحرير و نهى عن جلود النمور أن يركب عليها (طب) عن معاوية

488. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇن قاچا، كۈمۈش قاچىدا ئىچىملىك ئىچىشىدىن، نەرسە يېيىشىدىن توسقان، ئەرلەرنى ئالتۇن سېلىش، يىپەك كىيىم كىيىشىدىن توسقان، يىلپىزنىڭ تېرىسىدىن كىيىم كىيىشىدىن، ئۇ تېرىگە مىنىشىدىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 489 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6043

## نهى عن الشرب قائما (و الأكل قائما) (الضياء) عن أنس

489. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆرە تۇرغان ھالەتتە نەرسە ئىچىشىدىن، يېيىشىدىن توسقان، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ.

## نهى عن الشرب من ثلمة القدح و أن ينفخ في الشراب (حم د ك) عن أبي سعيد

490. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەدەھنىڭ، قاچىنىڭ سۇنۇق، يېرىقىدىن ئىچىشىدىن، ئىچىملىككە پۈۋلەشىدىن توسقان. ئەھمەد، ھاكىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## 491 (صحيح) نهى عن الشرب من في السقاء (د ت ه) عن ابن عباس

491. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى





ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## نهى عن الشرب من في السقاء و عن ركوب الجلالة و المجثمة (حم 3 ك) عن ابن عباس

492. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۇلۇمنىڭ ئاغزىدىن ئىچىشىدىن، نجاسەت يېگەن ھايۋانغا مىنىشىدىن، (گۆشىنى يېيىشىدىن، سۈتىنى ئىچىشىدىن)، ئوقيا بىلەن قارىغا ئېتىش نىشانى قىلىپ مەجبۇرى ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننى يېيىشىدىن توسقان. ئەھمەد، ھاكىم ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن الشغار (حم ق 4) عن ابن عمر

493. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شىغاردىن توستى، يەنى ئۇ بولسا، كىشى قىزىنى ياكى بىرەرسىنى باشقىسىغا بېرىدۇ، ئۇ باشقىسى بۇ كىشىگە قىزىنى بېرىدۇ، ئارىلىقتا تويلۇق مەھرى سېلىشمايدۇ، مانا مۇشۇنىڭدىن توستى. (چۈنكى، ئايالLAR تويلۇق مەھرىدىن مەھرۇم قالىدۇ). بۇخارى 4720 ــ ھەدىس، ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىمدىن كېيىنكى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## نهى عن الصلاة بعد الصبح حتى تطلع الشمس و بعد العصر حتى تغرب (ق ن) عن عمر

494. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بامداتتىن كېيىن كۈن چىقىپ بولمىغىچە، ئەسىردىن كېيىن كۈن كىرىپ بولمىغىچە نەپلە ناماز ئوقۇشدىن توسقان. بەيھەقى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن الصلاة إلى القبور (حب) عن أنس

495. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەبرىلەرگە قاراپ ناماز ئوقۇشىدىن، قەبرىستانلىقتا ناماز ئوقۇشىدىن توسقان. ئىبنى ھەببان توپلىغان، سەھىھ.

## 496 (صحيح) نهى عن الصماء و الاحتباء في ثوب واحد(د) عن جابر

496. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

پۈتۈن بەدىنىنى پۈتۈنلەي يۆگىۋېلىشىدىن، بىرلا كىيىمدە ئەۋرىتى ئۈستىدە نەرسە بولماستىن ئىتقا ئوخشاش زوڭ ئولتۇرۇشىدىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ. ئەۋرەتنى ئوچۇق قويۇش ھارام.

## 497 (صحيح) نهى عن الصورة (ت) عن جابر

497. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈرەتتىن، سۈرەت، رەسىم سىزىشىدىن توسقان. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن الضحك من الضرطة (طس) عن جابر

498. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىنىڭ ئارقىسىدىن يەل چىقىپ كېتىشكە يەنى ئوسۇرۇققا كۈلۈشىدىن توسقان. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

## 499 (صحيح) نهى عن الكي (طب) عن سعد الظفري (ت ك) عن عمران

499. سەئىد زەپىرى، ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوتتا داغلاپ داۋالاشدىن توسقان. تەبرانى، تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن المتعة (حم) عن جابر (خ) عن علي

500. جابىر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇتئى نىكاھدىن يەنى ۋاقىتلىق نىكاھدىن بىر ئىككى ئايلىق خوتۇن ئېلىشىدىن توسقان. (بۇ قىيامەت كۈنىگىچە ھارام). ئەھمەد، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

## 501 (صحيح) نهى عن المثلة (ك) عن عمران (طب) عن ابن عمر والمغيرة

501. ئىمران، ئىبنى ئۆمەر، مۇغەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (گەرچە دىنسىز كاپىرنى ئۆلتۈرۈشتە بولسىمۇ) كۆز – قۇلاقلىرىنى ئاغزى – بۇرۇنلىرىنى، ئەزالىرىنى كېسىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈشىدىن توسقان. ھاكىم، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 502 (صحيح) نهى عن المحاقلة و المخاضرة و الملامسة و المنابذة و المزابنة(خ) عن أنس





502. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشاقچىدىكى شاخدىكى ئاشلىقنى تەييار ئاشلىققا، بۇغدايغا سېتىشىدىن، مىۋە – چىۋە، ئاشلىقلارنى پىشىپ يېتىلىشىدىن بۇرۇن سېتىشىدىن، سودا قىلغۇچى كىشىنىڭ مالنى سىلاپ، تۇتۇپ قويۇشى بىلەنلا بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشىدىن، ئىككى نەرسىنى تەكشۈرۈپ باقماستىنلا بىرسى – بىرىسىگە تاشلاپ بېرىپلا سودا قىلىشىدىن، خورما شېخى ئۈستىدىكى ھۆل، توك خورمىنى پىششىق، قۇرۇق خورمىغا سېتىشىدىن توسقان. بۇخارى 2055 – ھەدىس، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن المخابرة (حم) عن زيد بن ثابت

503. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زېمىنىنى، زېمىندىن چىققان كىرىم، مەھسۇلاتنىڭ يېرىمىغا، يا ئۈچتەن بىرىگە، يا بەزىسىگە يا شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە بېرىپ تېرىشىدىن توسقان. بۇخارى 2207 – ھەدىس، ئەھمەد 2064 – ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2958 – ھەدىس، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن المزابنة (ق ن ه) عن ابن عمر

504. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنىڭ ھۆل مېۋىسىنى قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە يەنى يېمىشكە سېتىشىدىن توسقان. ئەھمەد، بۇخارى، مۇسلىم ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن المزابنة و المحاقلة (ق) عن أبي سعيد

505. بۇ ھەدىس يۇقىرقىغا ئوخشاش مەزمۇنى ئاشلىقنى باشاقچىدا قويۇپ سېتىشىدىن، ھۆل مېۋىنى شۇ مېۋىنىڭ قۇرۇقلىرىغا سېتىشىدىن توسقان.

## 506 (صحيح) نهى عن المزارعة (حم م) عن ثابت بن

506. سابىت، ئىبنى زەھھاك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنىڭ زېمىنىنى، كىرىمىنىڭ بەزىسىنى،ياكى يېرىمىنى يا ئۈچدەن بىرىنى بېرىپ ئىجارىگە تېرىشتىن توسقان. مۇسلىم 2891 – ھەدىس، ئەھمەد 15794 – ھەدىس. لېكىن، بۇخارى مەخسۇس كىتاب، باب قويۇپ، دۇرۇس

بولۇشنى يازغان، لېكىن، بىر قىسىم شەرىتلەر دۇرۇس بولمايدىكەن. تىرمىزى 1304 ـ ھەدىسدا بۇ ئىختىلاپنى يازغان، بەزىسى دۇرۇس دېگەن، دەلىل بولسا يەھۇدىيلار بىلەن شۇنداق زىرائەت تېرىشقان. بەزىسى يۇقىرقى ھەدىسنى دەلىللەپ توسقان، لېكىن، زىمىننى ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇلغا ئىجارە ئېلىپ تېرىسا بولىدۇ دېگەن. مەن دەيمەن، ھەر نەرسە ياخشى ـ يامان دەپ ئايرىلىدۇ، ياخشى تەرىپى دۇرۇس، يامان تەرىپى دۇرۇس ئەمەس، ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

## 507 (صحيح) نهى عن المفدم (ه) عن ابن عمر

507. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېرىق رەڭ بىلەن قېنىق بويالغان كىيىمنى كىيىشدىن توسقان، (يەنى ئەرلەرنى). ئىبنى ماجە 3591 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 508 (صحيح) نهى عن المنابذة و عن الملامسة (حم ق د ن ه) عن أبي سعيد

508. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى كىشىنىڭ ئىككى نەرسىنى تەكشۈرۈپ قاراپ باقماستىنلا بىرسى ـ بىرسىگە تاشلاپ بېرىشى بىلەنلا سودا قىلىشىدىن، ئېلىپ ساتقۇچى ئىككى كىشىنىڭ بىرسى يەنە بىرسىنىڭ مېلىنى سىلاپ تۇتۇپ قويۇشى بىلەنلا بەيئى سودىنى ۋاجىپ قىلىشدىن توسقان. بۇخارى 2002 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9838 ـ ھەدىس، بەيھەقى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 509 (صحيح) نهى عن المياثر الحمر و القسي(خ ت) عن البراء

509. بەررائى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەكتىن ئىشلەنگەن قىزىل كۆرپىدىن يەنى ئېگەر كۆرپىسىدىن، يىپەك رەخت بىلەن زىغزىق تۇتۇلغان سىزىق چىقىرىلغان كىيىمدىن توسقان. بۇخارى 5390 ـ ھەدىس، تىرمىزىيلار توپلىغان، سەھىھ. يىپەك رەخت ئەرلەرگە ھارام، ئاياللارغا ھالال.

## (صحيح) نهى عن الميثرة الأرجوان (ت) عن عمران

510. ئىمران رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزىل رەڭدە بويالغان يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن ئېگەر كۆرپىسىدىن توسقان (يىپەك ھەم قىزىل بولغاچقا ئەرلەر چەكلىنىدۇ). تىرمىزى 2712 ـ ھەدىس، ئەبۇ





داۋۇد 3529 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن النجش (ق ن ه) عن ابن عمر

511. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم باشقىلارنى ئالداپ، مالنىڭ باھاسىنى زىيادە ئۆستۈرۈۋېلىشدىن توسقان. بۇخارى 1998 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2792 ـ ھەدىس، نەسەئى 4421 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن النذر (ق د ن ه) عن ابن عمر

512. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەزىر ۋەدىسىدىن (يەنى مەخسەتكە يېتىشنى شەرت قىلىپ، مۇشۇ مەخسەتكە يەتسەم مۇنداق ـ مۇنداق قىلىمەن دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە ۋەدە قىلىشنى نەزىر دېيىلىدۇ.) ئەنە شۇ نەزىر ۋەدىسىدىن توسقان ۋە يەنە بۇ نەزىرە تەقدىردىن بىرەر نەرسىنى رەت قىلالمايدۇ. لېكىن، شۇ سەۋەبلىك بېخىلدىن سەدىقە ـ ئېھسان چىقىرىلىدۇ دېگەن. نەسەئى 3742 ـ ھەدىس، بۇخارى 6118 ـ ھەس، مۇسلىم 3093 ـ ھەدىس، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. بۇنى بۇزسا، قەسەمگە ئوخشاش كاپارەت بېرىدۇ. ۋەدە قىلسا ۋاپا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ.

## 513 (حسن) نهى عن النعي (حم ت ه) عن حذيفة

513. ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئىلاندا تارقىتىپ بېرىشدىن توسقان. (يەنى ئۆنى ئىلان قىلماي، نامازغا چاقىرسا بولىدۇ. بۇ نەھى قىلىش، باشقىلارغا ئازار بېرىشدىن دۈشمەننى خۇرسەن قىلىشدىن توسقانلىقتۇر). تىرمىزى 907 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 1465 ـ ھەدىس، ئەھمەد 22358 ـ ھەدىس، ھەسەن.

## 514 (صحيح) نهى عن النفخ في الطعام و الشراب (حم) عن ابن عباس

514. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاماق، شاراپ، ئىچىملىك ئىچىگە پۈۋلەشدىن، نەپەسلىنىشدىن توسقان. ئەھمەد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 515 (صحيح) و وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجـامع رقـم:

## 6058

## نهى عن النوح (و الشعر) و التصاوير و جلود السباع و التبرج و الغناء و الذهب و الخز و الحرير (حم) عن معاوية

**515**. مۇئاۋىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىپەك ئارىلاش كىيىمدىن، مىيىتكە ئاۋازلىق يىغلاشتىن، باتىل شېئىردىن، سۈرەت، رەسىم سىزىشتىن، ئورۇنسىز جاھالىيەتلەرچە زىنىەتلىك ياسىنىشتىن، يىرتقۇچى، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ تېرىسىگە مىنىشتىن، ئۈنى كىيىشتىن، ئالتۇن، يىپەكتىن، ناخشا ئېيتىشتىن توسقان، (يەنى ھارام قىلغان). ئەھمەد **16327** ـ ھەدىس، سەھىھ. (لېكىن، بۇلاردىن ئىسلامى شېئىر، جانسىز نەرسىنىڭ سۈرىتى، يىپەك بىلەن ئالتۇننىڭ، ئاياللارغا ھالال بولۇشى مۇستەسنادۇر).

## 516 (صحيح) نهى عن النوم قبل العشاء و عن الحديث بعدها (طب) عن ابن عباس

**516**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇپتەن نامىزىدىن بۇرۇن ئۇخلاشتىن، بۇ نامازدىن كېيىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشتىن توسقان. تەبرانى قاتارلىقلار توپلىغان، سەھىھ.

## 517 (صحيح) نهى عن النياحة (د) عن أم عطية

**517**. ئۇممە ئەتىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىيىتكە ئاۋازلىق يىغلاشتىن، قوشاق قوشۇشتىن توسقان، (يەنى بۇ ھارامدۇر). ئەبۇ داۋۇدلار توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن النهبى و المثلة (حم خ) عن عبدالله بن زيد

**518**. ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوچۇق ـ ئاشكارا، مەجبۇرى بولاپ ئېلىنغان مالدىن يەنى ئۇنى ئىستېمال قىلىشتىن، ھەر قانداق كىشىنىڭ كۆز ـ قۇلاق، ئېغىز ـ بۇرۇن ئەزالىرىنى كېسىپ قىيناشتىن توسقان. بۇخارى **2294** ـ ھەدىس، ئەھمەد **17991** ـ ھەدىس، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن النهبة و الخلسة (حم) عن زيد بن خالد

**519**. زەيد ئىبنى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ





ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇلاڭچىلىقتىن، باشقىلارنىڭ مېلىنى تېز سۈرئەتە مەخپى ئېلىۋېلىشتىن يەنى يانچۇقچىلىقتىن توسقان. (يەنى بۇ دۆلەت، شەھەر ئامانلىقى خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ھەر قانداق كىشىنىڭ نەرسىسىنى ھەتتا دىنسىز كاپىرنىڭ نەرسىسىنمۇ بۇلاشقا، يانچۇقچىلىق قىلىپ ئېلىۋېلىشقا بولمايدۇ). ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 520 (صحيح) نهى عن الوحدة: أن يبيت الرجل وحده (حم) عن ابن عمر

**520**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالغۇزلىقتىن توسقان، (يەنى كىشىنىڭ چۆلدە يالغۇز يېتىشىدىن، يالغۇز سەپەر قىلىشتىن توسقان). ئەھمەد **5392** ـ ھەدىس، بۇخارى، تىرمىزى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

## 521 (صحيح) نهى عن الوسم في الوجه و الضرب في الوجه (حم م ت) عن جابر

**521**. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننىڭ ياكى قۇلنىڭ يۈزىگە كۆيدۈرۈپ بەلگە سېلىشتىن، يۈزىگە ئۇرۇشتىن توسقان. ئەھمەد، مۇسلىم، تىرمىزى توپلىغا، سەھىھ. شۇڭا بوكسىيۇرلۇق قاتتىق چەكلىنىدۇ.

## 522 (صحيح) نهى عن الوشم (حم) عن أبي هريرة

**522**. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەڭ ئويدۇرۇشتىن، مەڭ چەكتۈرۈشتىن توسقان. بۇخارى **5299** ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

(شۇڭا تېرىسىگە خەت، رەسىم، ئۈنى بۇنى چەكتۈرۈشمۇ چەكلىنىدۇ.)

## 523 (صحيح) نهى عن الوصال (ق) عن ابن عمر وأبي هريرة وعائشة

**523**. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۈرەيرە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزىنى، زوھۇرلۇق يېمەستىن ئۇلاپ تۇتۇشتىن توسقان. بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ.

## 524 (صحيح) نهى عن بيع الثمار حتى تنجو من العاهة (طب) عن زيد بن ثابت

**524**. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ

ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت قۇتۇلمىغىچە، پىشىشتىن بۇرۇن سېتىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### 525 (صحيح) نهى عن بيع الثمار حتى يبدو صلاحها و تأمن العاهـة (حـم) عـن عائشة

525. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى سالاھىيىتى ئاشكارا بولمىغىچە، پىشىپ يېتىلمىگىچە، ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئەمىن، تېنچ ئۆتۈپ كەتمىگىچە سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

### 526 (صحيح) نهى عن بيع الثمر بالتمر (ق د) عن سهل بن أبي حثمة

526. سەھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىنى يەنى ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا سېتىشتىن توسقان. بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### نهى عن بيع الثمر بالتمر كيلا و عن بيع العنب بالزبيب كيلا و عن بيع الزرع بالحنطة كيلا (د) عن ابن عمر

527. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۆل مېۋە خورمىسىنى قۇرۇق خورمىغا، ھۆل ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە كەمچەنلەپ، زىرائەتنى تەييار ئاشلىققا، بۇغداي ــ قوناققا كەمچەنلەپ سېتىشتىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) نهى عن بيع الثمر حتى يطيب(حم ق) عن جابر

528. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى تولۇق پىشىپ ــ يېتىلىپ بولمىغىچە سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

### 529 (صحيح) نهى عن بيع الثمرة حتى يبدو صلاحها و عن النخل حتى تـزهو (خ) عن أنس

529. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىنى ئۇنىڭ سالاھىيىتى يەنى پىشىپ ــ يېتىلگەن قىزىللىقى ئاشكارا





بولمىغىچە خورمىنى قىزىرىپ، تولۇق پىشىپ يېتىلمىگىچە سېتىشتىن توسقان. بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

### 530 (صحيح) نهى عن بيع الحصاة و عن بيع الغرر (م 4) عن أبي هريرة

530. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تاش ئېتىش ئارقىلىق سودا قىلىشتىن يەنى ئۇستىگە تاش چۈشكەن نەرسىنى سېتىپ بېرىش سودىسىدىن، ھىيلە ــ مىكىر، ئالداش، ساختىپەزلىك ئارىلاشقان سودىدىن، مۇجمەللىك، نامەلۇملۇق ئارىلاشقان سودىدىن توسقان. مۇسلىم 2783 ــ ھەدىس، ئەھمەد 7104 ــ ھەدىس، زىيائۇلمەقدەسى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

### 531 (صحيح) نهى عن بيع الحيوان بالحيوان نسيئة (حم 4 الضياء) عن سمرة

531. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھايۋاننى ھايۋانغا نىسى سېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، زىيائۇلمەقدەسى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

### 532 (صحيح) نهى عن بيع الذهب بالورق دينا (حم ق ن) عن البراء وزيد بن أرقم

532. بەررائى زەيىد ئىبنى ئەرمەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالتۇننى، كۈمۈشنىڭ بارابىرىگە نىسىگە، قەرزگە سېتىشتىن توسقان. (بۇنى باشقا ھەدىسلەردە جازانە دېگەن). ئەھمەد، نەسەئى، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

### (صحيح) نهى عن بيع السنين (حم م د ن ه) عن جابر

533. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مېۋىلەرنى) بىر يىللىق ياكى ئىككى ئۈچ يىللىق دەپ سېتىشتىن يەنى يىلنى سېتىشتىن توسقان. (چۈنكى، يۇقىرىدا پىشىپ يېتىلىشى ئاپەتتىن ساق ــ سالامەت ئۆتۈپ كېتىشى، قولدا يوق نەرسىنى ساتماسلىق دېگەن ھەدىسلەر ئۆتتى). مۇسلىم 2874 ــ ھەدىس، ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### (حسن) نهى عن بيع الشاة باللحم (ك هق) عن سمرة

534. سۇمرەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

قوينى، قوي گۆشىنىڭ بارابىرىگە سېتىشتىن توسقان. ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، ھەسەن.

ئۇسەيمىين رەھمەھۇللا، مۇشۇ ھەدىسنى دەلىللەپ، بۇغداينى، بۇغداي ئۇنىغا ياكى باشقا ئاشلىقنى شۇ ئاشلىقنىڭ ئۇنىغا ئالماشتۇرۇپ تېگىشىشتىن توسقان، چۈنكى، جىنسى بىر بولۇپ قېلىپ، ئاندىن زىيادە كاملىق يۈز بېرىپ، جازانە، ئۆسۈم يۈز بېرىدۇ. ئۇندىن باشقا كىشىلەرنىڭ ساپ بۇغدىيىغا سۇ قوشۇلغان بۇغداي ئۇنىنى تېگىشسە، بۇ ئادىللىق ئەمەس، ھەر ئىككىلىسى پۇلغا ئالسا، ساتسا دۇرۇس بولىدۇ.

## نهى عن بيع الصبرة من التمر لا يعلم مكيلها بالكيل المسمى من التمر (حم م ن) عن جابر

535. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەمچەن، ۋەزنى مەلۇم بولمىغان بىر دۆۋە خورمىنى، كەمچەن، ۋەزنى مەلۇم بولغان يەنى مۇنچىلىك مىقداردىكى خورمىغا سېتىشتىن توسقان، (يەنى مۇشۇ بىر دۆۋە خورمىنى ياكى مۇنى مانچە كىلوگىرام خورمىغا ياكى مۇنىگە ئالغىن دەپ سېتىشتىن توسقان).مۇسلىم 2820 ـ ھەدىس، ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

سەۋەبى، ئىللىتى، بىرەر تەرەپكە زىيان بولۇپ قالىدۇ، ئەڭ ياخشى ئىللەت، ھىكمەت، ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىشتۇر.

## نهى عن بيع الطعام حتى يجري فيه الصاعان فيكون لصاحبه الزيادة و عليه النقصان (البزار) عن أبي هرير

536. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائام، ئاشلىقنى ئۇنىڭدا ئىككى تەرەپنىڭ ئادىل سا، تارازا، مىيزانلىرى ئىجرا قىلىنماي تۇرۇپ، ئۆزئارا جىڭنى سېلىشتۇرماي تۇرۇپ سېتىشتىن توسقان، چۈنكى، ئىككى سا ـ مىيزاننى سېلىشتۇرماي ساتسا، بىرسىگە زىيادە ئارتۇق، بىرسىگە كام بولۇپ قالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ. بەزار توپلىغان، ھەسەن. مانا بۇ ھەدىس، جىڭنى، مىيزاننى ئادىل تەڭشەپ تۇرىدىغان ئىسلامى ئۆلچەم ئىدارىسىغا دەلىل.

## نهى عن بيع اللحم بالحيوان (مالك الشافعي ك) عن سعيد بن المسيب مرسلا (البزار)





## عن ابن عمر

537. سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەھمەھۇللادىن، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گۆشنى ھايۋاننىڭ بارابىرىگە سېتىشتىن توسقان. مالىك، شافئى، ھاكىم، بەزار توپلىغان، ھەسەن.بۇ ھەدىسمۇ يۇقىرقى بۇغداي بىلەن بۇغداي ئۇنىنى تېگىشىشكە بولماسلىقىقا دەلىل بولىدۇ.

## 538 (صحيح) نهى عن بيع المضامين و الملاقح و حبل الحبلة (طب) عن ابن عباس

538. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋاننىڭ سۇلبىدىكى، پۇشتىدىكى نەسلىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋاننى سېتىشتىن، ئالدىن پۇل ئېلىشتىن توسقان ۋە كالا، تۆگىنىڭ ۋە باشقا چىشى ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى تېخى تۇغۇلمىغان ھايۋاننى سېتىشتىن، ئالدىن پۇل ئېلىشتىن توسقان، بوغاز ھايۋاننىڭ قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ بالىسىنى سېتىشتىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## نهى عن بيع النخل حتى يزهو و عن السنبل حتى يبيض و يأمن العاهة (م د ت) عـن ابن عمر

539. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋە، خورما پىشىپ يېتىلىپ قىزارمىغىچە، باشاقچە، دان شېخى ئاقىرىپ، دانلار قېتىشمىغىچە، ئاپەتتىن ساق ـ سالامەت، ئەمىن ئۆتۈپ كەتمىگىچە سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

ئەگەر ئاپەت يەتسە، قېرىندىشىڭنىڭ مال ـ مۈلكىنى ھەقسىز نېمىگە ئالىسەن؟ دېگەن ھەدىس ئۆتتى.

## 540 (صحيح) نهى عن بيع الولاء و عن هبته (حم ق 4) عن ابن عمر

540. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئازاد قىلىنغان قۇلنىڭ ۋەلىيلىك، ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى سېتىشتىن، باشقىلارغا سوۋغا، ھەدىي قىلىپ بېرىۋېتىشتىن توسقان. ئەھمەد، بەيھەقى تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 541 (صحيح) نهى عن بيع حبل الحبلة (حم ق 4) عن ابن عمر

541. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوغاز تۆگىنىڭ ئىچىدىكى ھايۋاننىڭ يەنە بوغاز بولۇپ تۇغۇلىدىغان بالىسىنى (يەنى بوغاز تۆگىنىڭ بالىسىنىڭ بالىسىنى) سېتىشتىن،ئالدىن پۇل ئېلىشتىن توسقان. بۇخارى 1999 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2784 ـ ھەدىس، كېيىنكى تۆت كىتاب، ئەھمەد، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 542 (صحيح) نهى عن بيع ضراب الجمل و عن بيع الماء و الأرض لتحرث (حم م ن) عن جابر

542. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك تۆگىنىڭ مەنى ئۇرۇق سۇيىنى سېتىشتىن (يەنى چاڭلاشتۇردىغان ئىسپىرما سۇيىنى سېتىشتىن)، سۇنى ۋە زېمىننى زىرائەت تېرىتقۇزۇش ئۈچۈن سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم 2926 ـ ھەدىس، نەسەئى 4591 ـ ھەدىس، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 543 (صحيح) نهى عن بيع فضل الماء (م ن ه) عن جابر (حم 4) عن إياس بن عبيد

543. جابىر، ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنىڭ ئېشىپ قالغان ئارتۇقىنى سېتىشتىن توسقان. مۇسلىم، ئەھمەد تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ. شۇنىڭ جۈملىسىدىن يايلاقتىكى سۇنىڭ، قۇدۇقنىڭ سۈيىنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى سۇنىڭ ئارتۇق ئېشىپ قالغىنىنى سېتىشتىن توسقان.

## 544 (صحيح) نهى عن بيعتين في بيعة (ت ن) عن أبي هريرة

544. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر بەيئىيدە، بىر قېتىملىق سودىدا ئىككى خىل سودا قىلىشتىن توسقان، يەنى تىرمىزىينىڭ 1152 ـ ھەدىسىدە ئالىملار بۇنى مۇنداق تەپسىر قىلغان، مەن ساڭا ماۋۇ كېيىمنى نەخ 10 يۈەنگە نىسى 20 يۈەنگە ساتىمەن دېسە، ئىككى باھانىڭ بىرىگە ئېنىق توختالماي ئايرىلىپ كەتسە، مانا بۇنىڭدىن چەكلىنىدۇ، بۇ ھارام، چۈنكى، جازانە ئۆسۈم بولىدۇ. لېكىن، سودا نەخ مانچە پۇل، نىسى مانچە پۇل دېيىلمەي، ئەزان ـ قىممەت بېكىتىلسە بۇ دۇرۇس، شافىھى رەھىمەھۇللا، مەن مانى ساڭا سېتىپ بېرەمەن، لېكىن، سەن ئاۋۇنى ماڭا مانچىلىك پۇلغا سېتىپ بېرىسەن دېسە بۇمۇ چەكلىنىدۇ دەپ چۈشەندۈرگەن. نەسەئى 4553





ـ ھەدىس، سەھىھ.

بىز بۇمەسىلەنى 6116 ـ ھەدىستا چۈشەندۈردۇق ئۇھەدىس بولسا« كىم بىر قېتىملىق بەيئى سودىدا ئىككى خىل سودا قىلسا،(نەخ ئون يۈەن، نىسى ئون بەش يۈەن دېيىلسە) ئۇ كىشى ئۈچۈن ئۇ ئىككى خىل سودىنىڭ ناقىسراقى (يەنى پۇلى تۆۋەنرەكى) دۇرۇس بولىدۇ. ياكى ئۇ (يۇقىرىقى ئىككى خىل سودىنىڭ يۇقىرى باھادىكىسى بويىچە سودا قىلسا)جازانە، ئۆسۈم قىلغان بولىدۇ». ئەبۇ داۋۇد 3002 ـ ھەدىس، ھاكىمۇ توپلىغان، ھەسەن

## (صحيح) نهى عن تلقي البيوع (ت) عن ابن مسعود

545. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېتىلىدىغان مالنىڭ بازارغا يېتىپ بېرىشىدىن بۇرۇن، ئالدىنى توسۇۋېلىشىدىن توسقان. بۇخارى 2019 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2794 ـ ھەدىس، تىرمىزى 1141 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2171 ـ ھەدىس، سەھىھ.

يول ئۈستىدە ئالماي، بازاردا ئېلىڭلار!يانا شۇبازاردا سېتىڭلار،ياباشقابازارغا يوتكەپ سېتىڭلار.

## 546 (صحيح) نهى عن تلقي الجلب (ه) عن ابن عمر(ت عن ابوهورير

546. ئىبنى ئۆمەر، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، بازارغا ئېلىپ مېڭىلغان مالنىڭ بازارغا يېتىپ بېرىشىدىن بۇرۇن ئالدىنى توسۇپ ئېلىۋېلىشتىن توسقان ۋە مال ئىگىسى بازارغا كىرگەندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىش ئىختىيارلىقىغا ئىگە دېگەن. (ئالىملار مالنى بازار يولىدا توسۇپ ئېلىۋېلىش، زور ئالدامچىلىق دېگەن، شۇڭا بازاردىن بازارغا ئاپىرىڭلار، يولدا توسۇۋالماڭلار، ياكى شۇ بازاردا ئېلىپ سېتىڭلار). تىرمىزى 1142 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 2169 ـ ھەدىس، 2170 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 547 (حسن) نهى عن ثمن الكلب إلا كلب الصيد (ت) عن أبي هريرة

547. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىت ساتقان پۇلدىن توسقان، لېكىن، ئوۋ ئىتىنىڭ پۇلدىن توسمىغان. تىرمىزى توپلىغان، ھەسەن.

## (حسن) نهى عن ثمن الكلب إلا الكلب المعلم (حم ن) عن جابر

548. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن توسقان، (يەنى ئىتنى ساتقان پۇل ھارام)، لېكىن، ئوۋ ئوۋلاش ئۆگىتىلگەن ئاپشاركا ئىتنىڭ پۇلى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

## نهى عن ثمن الكلب و ثمن الخنزير و ثمن الخمر و عن مهر البغي و عن عسب الفحل (طس)عن ابن عمرو

549. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، توڭگۇزنى ساتقان پۇلدىن، ھاراق ساتقان پۇلدىن، زىناخور، پاھىشىۋازنىڭ تاپقان پۇلىدىن، ئەركەك ھايۋاننىڭ سۈيىنى، مەنىي ئىسپرمىسىنى ساتقان پۇلدىن توسقان، يەنى ھارام. تەبرانىيلار توپلىغان، سەھىھ.

## 550 (صحيح) نهى عن ثمن الكلب و ثمن الدم و كسب البغي (خ) عن أبي جحيفة

550. ئەبۇ جۇھەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ساتقان پۇلدىن، قان ئېلىپ قويۇپ تاپقان پۇلدىن، ئىتنىڭ پۇلىدىن، پاھىشىۋازنىڭ پۇلىدىن توسقان. بۇخارى 5505 ـ ھەدىس، ئەھمەد 18007 ـ ھەدىس، سەھىھ.

## 551 (صحيح) نهى عن ثمن الكلب و عن ثمن السنور (حم 4 ك) عن جابر

551. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، مۈشۈك ساتقان پۇلدىن توسقان، (يەنى بۇ نەرسىلەر ھارام، ساتقان پۇلىمۇ ھارام، خۇددى ئۆزى ئۆلگەن ئۆلۈك ھارام، ئۇنى ساتقان پۇلىمۇ ھارام بولغاندەك). ئەھمەد، ھاكىم تۆت كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 552 (صحيح) نهى عن ثمن الكلب و مهر البغي و حلوان الكاهن (ق 4) عـن أبي مسعود

552. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتنىڭ پۇلىدىن، زىناخور پاھىشىۋازنىڭ پۇلىدىن، غەيىب داۋاسى قىلىدىغان جىنكەش، كاھىننىڭ تاپقان پۇلىدىن توسقان، يەنى ھارام. بۇخارى 2121 ـ ھەدىس، مۇسلىم 2930 ـ ھەدىس، بۇلاردىن كېيىنكى تۆت كىتاب، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.





## 553 (صحيح) نهى عن جلد الحد في المساجد (ه) عن ابن عمرو

553. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدلەر ئىچىدە ھەد، جازا قامچىلىرىنى ئۇرۇپ ئىجرا قىلىشىدىن توسقان. (چۈنكى، ئۇنىڭ ئايرىم مەيدانى بار). ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 554 (صحيح) نهى عن جلود السباع (ك) عن والد أبي مليح

554. ۋالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىرتقۇچى گۆشخور ھايۋاننىڭ تېرىسىنى كىيىم قىلىپ كىيىشىدىن،ئۈتىرە ئۈستىگە مىنىشىدىن توسقان. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 555 (صحيح) نهى عن خاتم الذهب (م) عن أبي هريرة

555. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئەرلەرنىڭ) ئالتۇن ئۈزۈك سېلىشىدىن توسقان.مۇسلىملار توپلىغان، سەھىھ.

## 556 (صحيح) نهى عن خاتم الذهب و عن خاتم الحديد (هب) عن ابن عمرو

556. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرلەرنى ئالتۇن ئۈزۈك، تۆمۈر ئۈزۈك سېلىشىدىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 557 (صحيح) نهى عن خصاء الخيل و البهائم (حم) عن ابن عمر

557. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاتنى ۋە بارلىق ھايۋانلارنى پىچىۋېتىشىدىن يەنى ئىككى تۇخۇمىنى ئېلىۋېتىشىدىن توسقان. ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 558 (صحيح) نهى عن ركوب النمور(ه) عن أبي ريحانة

558. ئەبۇ رەيھانە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىلپىزغا يەنى تېرىسىگە مىنىشىدىن توسقان. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن سب الأموات (ك) عن زيد بن أرقم

559. زەيد ئىبنى ئەرمەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلۈكلەرنى ئۆلۈپ كەتكەن مىيتلەرنى تىللاپ، ئەيىبلەشدىن توسقان. ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 560 (صحيح) نهى عن سلف و بيع(الوومعنى مع) و شرطين في بيع و بيع ما ليس عندك و ربح ما لم تضمن (طب) عن حكيم بن حزام

560. ھەكىيم، ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەيئى سودا قىلىش بىلەن بىرگە قەرز بېرىشدىن،قەرز ئېلىشدىن توسقان، (يەنى مەن ماۋۇ نەرسىنى ساڭا 1000 يۈەنگە ساتىمەن، لېكىن، سەن ماڭا 1000 يۈەن قەرز بېرىپ تۇرسەن ياكى ئەكسىچە بۇنى 900 يۈەنگە ئالىمەن، ساڭا 1000 يۈەن قەرز بېرىپ تۇرىمەن ياكى بۇنى ئالىمەن ماڭا قەرز بېرىپ تۇرسەن دېگەن ئىشدىن توسقان. چۈنكى، مەنپەئەت ئېلىپ كەلگەن قەرز بېرىش، ئېلىش جازانە، ئۆسۈم بولىدۇ). ۋە يەنە بىر بەيئى سودىدا ئىككى شەرتنى قويۇشدىن توسقان، (يەنى بۇنى مەن ئالىمەن، لېكىن، ئاۋۇ نەرسىنىمۇ بىرگە سېتىپ بېرىسەن ياكى بۇنى مەن ئالىمەن، ماۋۇ نەرسىنى سەن ئالىسەن ياكى ئەكسىچە شەرت قويىسا دۇرۇس بولمايدۇ). ئالدىڭدا يوق نەرسىنى قول ئىلىكىڭدە بولمىغان نەرسىنى سېتىشدىن توسقان، سەن كېپىل بولالمايدىغان، چاتاق چىقسا ئىگە بولالمايدىغان نەرسىنىڭ پايدىسىدىن توسقان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

## 561 (صحيح) نهى عن صبر الروح و خصاء البهائم (هق) عن ابن عباس

561. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جانلىق ھايۋاننى سولاپ قويۇپ ياكى قارغا ئېتىش نىشانى قىلىپ، مەجبۇرى ئۆلتۈرۈۋېتىشدىن، ھايۋانلارنى پىچىۋېتىشدىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 562 (صحيح) نهى عن صوم ستة أيام من السنة: ثلاثة أيام التشريق و يوم الفطر و يوم الأضحى و يوم الجمعة مختصة من الأيام (الطيالسي) عن أنس

562. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يىل ئىچىدىن ئالتە كۈندە روزا تۇتۇشدىن توسقان، قۇربان ھېيت كۈنىدىن كېيىنكى ئۈچ كۈن يەنى تەشرىق كۈنلىرى، قۇربان ھېيت كۈنى، روزا ھېيت كۈنى، كۈنلەر ئىچىدىن خاسلاپ مەخسۇس جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇشدىن توسقان. تەيالىسى





توپلىغان، سەھىھ.

جۈمە كۈننى چىقىرۋەتكەندە يۇقىرقى بەش كۈندە يەنى قۇربان ھېيت كۈندە، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە، روزا ھېيت كۈندە روزا تۇتۇش ھارامدۇر.

## 563 (صحيح) نهى عن صوم يوم الفطر و النحر (ق) عن عمر وأبي سعيد

563. ئۆمەر، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزا ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى روزا تۇتۇشدىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن صيام يوم الجمعة (حم ق ه) عن جابر

564. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەخسۇس جۈمە كۈنىلا روزا تۇتۇشلىشدىن توسقان، (ئالدى ــ كەينىدە قوشۇپ تۇتسا بولىدۇ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## نهى عن صيام يوم قبل رمضان و الأضحى و الفطر و أيام التشريق (هق) عن أبي هرير

565. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رامىزان ئېيىدىن بۇرۇنلا بىر كۈن روزا تۇتۇشدىن، قۇربان ھېيت، روزا ھېيت كۈندە، قۇربان ھېيت كۈندىن كېيىنكى ئۈچ كۈندە روزا تۇتۇشدىن توسقان. بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 566 (صحيح) نهى عن طعام المتباريين أن يؤكل (د ك) عن ابن عباس

566. ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ــ بىرىگە پەخىرلەنگۈچى، مۇسابىقىلىشىپ بىرسى ــ بىرسىگە كۈچىنى، بايلىقىنى كۆرسەتكۈچى، مەنمەنچى، رىياخورلارنىڭ تامىقىنى يېيىشدىن توسقان، ھەتتا زىياپىتىگە چاقىرسا بېرىشدىنمۇ توسقان. ئەبۇ داۋۇد 3262 ــ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرىدىمۇ ئۆتتى.

## (صحيح) نهى عن عسب الفحل (حم خ 3) عن ابن عمر

567. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋاننىڭ ئىسپىرما سۈيىنى سېتىشدىن توسقان. ئەھمەد، بۇخارى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

ئۇنى خالىس ئاللاھ يولىدا قويۇپ بېرىش لازىم، بۇخارىينىڭ شەرھىسى پەتھۇلبارىيدا مۇنداق دېيىلگەن، ئۇ سۇنى سېتىش مەكرۇھ ياكى هارام. چۈنكى، ئۇ مەلۇم ئەمەس، قىممىتى، باھاسى يوق، ۋەزنى، جىنىڭ سانى يوق، نامەلۇمدۇر. لېكىن، چېشى ھايۋان چاڭلاشقىچە مەخسىتىگە يېتىپ، بوغاز بولغانلىقى مەلۇم بولغىچە ئىجارىگە بەرسە، ئالسا بولىدۇ، بۇ شافىئى، ھەنبەلى، ھەسەن بەسرى، ئىبنى سىرىيىن، ئىمام مالىكنىڭ سۆزى، ئارىيەتكە بېرىپ تۇرسا، مۇتلەق دۇرۇس. ھەتتا، ئارىيەتكە ئالغۇچى، چېشى ھايۋىنىنى چاڭلاشتۇرغۇچى، ھەدىيە ئېلىپ كەلسە، يەنى قوناق، ئارپا، ئوت ـ چۆپ ئېلىپ كەلسە بۇ مەيلى، لېكىن، شەرتلەشسە بولمايدۇ. چۈنكى، تىرمىزىينىڭ بىر ھەدىسىدە، ئەركەك ھايۋاننى ھۆرمەتلىسە، يەنى ئازىراق نەرسە ئاپارسا،دۇرۇس بولۇشىغا ھەدىس بار. ئالىملار بۇنىڭدىن ھازىرقى كالا، تۆگە، قويلارنى ئۇرۇق سېلىپ چاڭلاشتۇرۇشقا يەنى بوغاز بولغىچە ئىجارە، كۆتۈرە ئېلىپ، ئۇرۇق سالسا بۇ دۇرۇس. لېكىن، سۇنى ساتسا دۇرۇس ئەمەس دېگەن. سۇنى ساتماي، بوغاز بولغىچە چاڭلاشتۇرۇپ، ھەققىنى ئالسا بۇ دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى، بۇنى يۇقىرىدا ئىجارىگە ئالسا دۇرۇس دېدى.

## 568 (صحيح) نهى عن عسب الفحل و قفيز الطحان (قط) عن أبي سعيد

**568**. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەركەك ھايۋاننىڭ ئىسپىرما سۇيىنى سېتىشىدىن توسقان ۋە تۈگمەنچىنىڭ غەلۋى، كەمچەنلىشىدىن توسقان،(يەنى مەلۇم مىقداردا بۇغداي ـ قوناقلارنى ئۇن قىلىپ بېرىپ، بىر ـ ئىككى كەمچەن ئۇن ئېلىۋېلىشىدىن توسقان). (لېكىن، ئۇن قىلىپ بەرگەن ئىش ھەققىنى ئايرىم ھېسابلاپ پۇل بەرسە بۇ دۇرۇس). دارىقۇتنى توپلىغان، سەھىھ.

ھەرقانداق مۇجمەل، نامەلۇم ئالداش، ھىيلە ـ مىكىر، ساختا، خىيانەت، ئەنسىرەش، ۋاپاسىزلىق، زىيان سېلىشلار ئارىلاشقان ئىش قاتتىق چەكلىنىدۇ. ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ، ھارام ياكى مەكرۇھ بولىدۇ. ئاخىرەتتىكى ھېساب، جازامۇ شۇنداق بولىدۇ. يەنى، جىنايەتنىڭ مىقدارىدا ئېغىر، يەڭگىل بولىدۇ، ئاللاھ ۋە ئەلچىسى زىياندىن توسىدۇ، بىز ئىتائەتتىن باشقا ھىكمەتنى بىلمەيمىز. ئاللاھقا، ئەلچىسىگە شەرتسىز ھىكمەت سورۇشتە قىلماي بويسۇنۇپ، ئىتائەت قىلىمىز، ھىكمەتلىرىنى، ئىللەت، سەۋەبلىرىنى بىلىپ، قەلبىمىز ئەمىن تېپىپ، خاتىرجەم بولسا، بۇ تېخى ياخشى.

## نهى عن قتل أربع من الدواب: النملة و النحلة الهدهد و الصرد (حم د ه) عن ابـن





## عباس

**569**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان، چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ، سەرەد ئىسىملىك بېشى، تۇمشۇقى يوغان، يېرىمى ئاق يېرىمى قارا پەيلىرى كۆپ قۇش(يەنى ھۇقۇشنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان). ئەبۇ داۋۇد **4583** ـ ھەدىس، ئەھمەد **2907** ـ ھەدىس، دارىمى **19154** ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە توپلىغان سەھىھ. چۈمۈلىنىڭ زەرەرى ئاز، يوق دېيەرلىك، لېكىن، تەتقىقات بار، ئىبرەت بار، مۆجىزە بار، ھەسەل ھەرىسىمۇ شۇنداق ۋە مەنپەئەتلىك، ھۆپۈپ بىلەن سەرەد قۇش بولسا، گۆشى ھارام ۋە ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ھايات قېلىشى مەنپەئەتلىك، شۇڭا قوغدىلىدۇ، بەلكىم مۆجىزە باردۇر.

## 570 (صحيح) نهى عن قتل الصبر (د) عن أبي أيوب

**570**. ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرلەرنى مەجبۇرى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسقان. (ھەدىس سۆزلىگۈچى كىشى: مەن بىر تال توخنىمۇ مەجبۇرى قىيناپ ئۆلتۈرمەيمەن دېگەن. كىيىن ئەسىردىن تۆتنى مەجبۇري ئۆلتۈرگەن كىشى بۇنى ئاڭلاپ، قۇل ئازاد قىلغان). ئەبۇ داۋۇد **2312** ـ ھەدىس، ئەھمەد **22485** ـ ھەدىس، دارىمى **1892** ـ ھەدىستە ھايۋاننىمۇ مەجبۇرى قىيناپ ئۆلتۈرمەسلىك بار. سەھىھ.

## 571 (صحيح) نهى عن قتل: الصرد و الضفدع و النملة و الهدهد (ه) عن أبي هريرة

**571**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرقى ھۇقۇش، سەرەدنى، پاقىنى، چۈمۈلىنى، ھۆپۈپنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 572 (صحيح) نهى عن قتل الضفدع للدواء (حم د ن ك) عن عبدالرحمن بن عثمان التيمي

**572**. ئابدۇررەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پاقىنى داۋا ئۈچۈن ئۆلتۈرۈشتىن توسقان. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. پاقا داۋاغا، شىپاغا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، ئالىملار: زەرەردەك بىرەر سەۋەبدىن باشقا ياكى ئېھرامدىن باشقا ھالەتتە ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشتىن توسسا، بۇ شۇ ھايۋاننىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرىدۇ، مەخسەت، يىمىسۇن، يىراق

بولسۇن دەپ، ھارام دەپ توسىدۇ دېگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆپۈپ سېسىق ھەم گۆشخور، زىيانلىق ماددا ھاشارەتنى يەيدۇ. شۇنىڭدەك پاقىمۇ شۇنداق دېگەن. ئىمام ئىبنى ئەسىيرنىڭ كىتابىدىن ئېلىندى.

**(صحيح) نهى عن قتل النساء و الصبيان (ق) عن ابن عمر**

573. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جەڭ قىلىش جەريانىدا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن توسقان. بەيھەقى ۋە باشقا بارلىق سەھىھ كىتابلاردا بار، سەھىھ. ھەر قانداق دۆلەت ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئاياللارنى، سەبىي باللارنى ئۆلتۈرمەيدۇ، لېكىن، ئايال ئەسكەر بولسا ئۆلتۈرىدۇ.

**574 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6075**

**نهى عن قتل كل ذي روح (إلا أن يؤذي) (طب) عن ابن عباس**

574. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق روھ ئىگىسى بولغان جانلىقنى سەۋەبسىز، ئۆزرىسىز ئۆلتۈرۈشتىن توسقان، لېكىن، ئەزىيەت يەتكۈزسە، زەرەر سالسا، (ياكى ھالال بولغاچقا ھاجەت چۈشۈپ) ئۆلتۈرسە بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

**(صحيح) نهى عن كسب الإماء (خ د) عن أبي هريرة**

575. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدەك، چۆرە قىزنىڭ كەسىپ قىلىشىدىن، يەنى زىنا قىلىپ پۇل تېپىشىدىن توسقان. بۇخارى 2122 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 2971 ـ ھەدىس، ئەھمەد 7514 ـ ھەدىس، سەھىھ.

**6975 (حسن) نهى عن كسب الأمة حتى يعلم من أين هو (د ك) عن رافع بن خديج**

576. راپىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدەك، چۆرە قىزنىڭ كەسىپ قىلىشىدىن، ھارام ئىشلار بىلەن پۇل تېپىشىدىن توسقان، لېكىن، قەيەردىن كەلگەنلىكى مەلۇم بولسا، يەنى ئۆز قولى بىلەن نان





يېقىپ، چاق ئىگىرىپ بېرىپ ياكى زىرائەت ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىپ تاپقان پۇل بولسا رۇخسەت قىلغان. ئەبۇ داۋۇد 2973 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن. پۇلنىڭ كىرمىنىڭ قەيەردىن كېلىشىگە قاراش لازىم.

**(صحيح) نهى عن كسب الحجام (ه) عن أبي مسعود**

577. ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قان ئالغۇچى كىشىنىڭ، بەدەندىن بۇزۇق قاننى ئېلىپ قويۇپ پۇل تېپىشىدىن توسقان. ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ. لېكىن، بۇخارىينىڭ 2118 ـ ھەدىسىدە قان ئالغۇچى كىشىگە ئىش ھەققىنى بەرگەن ھەدىس بار. دىمەك، ئەھۋال، شارائىت ئوخشاشمايدۇ، رۇخسەت قىلىدىغان، چەكلەيدىغان ئورنى بار، دوختۇر بولسا دۇرۇس بولىدۇ، مۇسلىمدىمۇ چەكلىگەن ھەدىسنى باشقا كەلتۈرۈپ رۇخسەتنى كېيىن كەلتۈرگەن.

**578 (صحيح) وما بين قوسين ضعيف عند الألباني انظر ضعيف الجامع رقم: 6077**

**نهى عن كل مسكر (و مفتر) (حم د) عن أم سلمة**

578. ئۇممە سەلەمەت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر قانداق مەست قىلغۇچىدىن ۋە مەجنۇنلۇقنى، زەھەرلەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زەھەرلىك ئىچىملىكدىن توسقان. (زەھەرلىك چېكىملىكمۇ قاتتىق چەكلىنىدۇ). ئەھمەد 25416 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 3201 ـ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ ئىسلام دىنىنىڭ زەھەرلىك ئىچىملىك، چېكىملىككە، مەست قىلغۇچى ھاراققا قارىتا چەكلەش بۇيرۇقى يەنى ھارام.

**(صحيح) نهى عن لبن الجلالة (د ك) عن ابن عباس**

579. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىجاسەت يىگۈچى ھايۋاننىڭ سۈتىنى ئىچىشتىن توسقان. ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**580 (صحيح) نهى عن لقطة الحاج (حم م د) عن عبدالرحمن بن عثمان التيمي**

580. ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاجىلارنىڭ چۈشۈپ قالغان، يۈتۈپ كەتكەن نەرسىلىرىنى تېپىۋېلىپ

ئېلىۋېلىشىدىن توسقان. (چۈنكى ھاجىلار يۇرتىغا كەتسە قايتىپ كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەرسە ئالغۇچىغا قالىدۇ، بۇنىڭدىن توسقان، شۇڭا ئۇ نەرسە جايىدا تۇرىدۇ ھاجىلار ئۆزى كېلىپ ئېلىۋالىدۇ. پەقەت ئېلىۋالمىسا، ھۆكۈمەت بەيتۇلمالغا قوشۇپ قويۇپ، كېلەر يىلى ئىلان قىلىپ بېرىشى لازىم). ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) نهى عن محاش النساء (طس) عن جابر

581. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارنىڭ ئارقا مەقئىتىگە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشىدىن توسقان. تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان، سەھىھ.

(جىنسى يولى بولغان زىرائەت ئورۇقى تېرىلىدىغان ئەۋرىتىگە يەنى بالىنى تۇغۇش ئورنىغا، ئالدىغا، ھەر قانداق ھالەتتە ھەر قانداق كەيپىياتتا جىنسى مۇناسىۋەت قىلسا دۇرۇس بولىدۇ. يەنى ئېرىنىڭ، ئايالىنى نىكاھ بىلەن جىنسى يولىغا، جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشى ھالال. لېكىن، چوڭ تەرەت قىلىدىغان ئارقا ئەقئىتىگە جىنسى مۇناسىۋەت قىلىشى قەتئى ھارامدۇر).

## (صحيح) نهى عن نتف الشيب (ت ن ه) عن ابن عمرو

582. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاق چاچ، ئاق ساقالنى يۇلۇۋېتىشتىن توسقان. (ئاياللارمۇ ئاق چاچلىرىنى يۇلۇۋەتسە بولمايدۇ، دىنسىز كاپىرلارغا، يەھۇدىي، ناسارالارغا ئوخشىۋالماي، قارا رەڭدىن باشقا رەڭدە ئېرىگىلا بوياپ، ئۆزگەرتسە دۇرۇس بولىدۇ). تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## 583 (حسن) نهى عن نقرة الغراب و افتراش السبع و أن يوطن الرجل المكـان في المسجد كما يوطن البعير (حم د ن ه ك) عن عبدالرحمن بن شبل

583. ئابدۇررەھمان شىبل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نامازنى قاغا چوقۇلغاندەك توك ـ توك قىلىپ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە ئوقۇشتىن توسقان، ۋە خۇددى يىرتقۇچى ھايۋان ياتقاندا ئىككى قول ـ پۇتىنى زىمىنغا چاپلاپ ياتقاندەك، ناماز ئوقۇغۇچى كىشىنىڭ سەجدە قىلغاندا ئىككى بىلىكىنى زىمىنغا چاپلاپ تۇرۇۋېلىشىدىن توسقان، ۋە خۇددى تۆگە بىرلا ئورۇندا ئۈزۈن ياتقاندەك بىرلا جايىنى ئۆزىگە ۋەتەن قىلىۋالغاندەك، كىشىنىڭ





مەسجىد ئىچىدە بىرلا جايىنى ئۆزىگە ئورۇن قىلىۋېلىشىدىن، بىرلا جايىدا ئولتۇرۇۋېلىشىدىن توسقان. (جامائەت خالىغان جايدا ئولتۇرىدۇ، بۇرۇن كىرگەنلەر بىرىنچى سەپتە تۇرىدۇ، مەسجىد ئىچىدە بارلىق مۇسۇلمانلار ھەممىسى باراۋەردۇر). ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

ئى مۇسۇلمانلار! يۇقىرىدا 170دىن ئارتۇق چەكلەش، نەھى قىلىش سەھىھ ھەدىسلىرى ئۆتتى، ئەلۋەتتە ئايەت، ھەدىس، ئىجمائلاردا نەھى قىلىپ چەكلەش يەنى ھارام، مەكرۇھلار خېلى كۆپ، مانا بۇ ھەققى دىن ھېسابلىنىدۇ. ھەر قانداق نەرسىلەردە دۇرۇس بولىدىغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلار بار، بۇ سىناق دۇنيا بولغاچقا، بۇيرۇق ۋە نەھى، دۇرۇس، ھالال ۋە چەكلەنگەن ھارام ئىشلار بولغاندا بۇنى بىز ھەققى دىن دەيمىز. ھەممە نەرسىلەر ھەممە ئىشلار دۇرۇس بولسا، ئىنسان خالىغىنىنى قىلسا، بۇ قانداقمۇ توغرا دىن، سىناق بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر شەرتسىز ھېكمەتنى سورۇشتە قىلمايلا ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىپ بويسۇنۇڭلار، مانا بۇ ئىتائەت، مانا بۇ بويسۇنۇش، ئىبادەت، بىردىنبىر ھېكمەت شۇ، سەۋەب ئىللەتمۇ شۇدۇر. ئاللاھ ھەممىمىزنى چەكلەنگەن ئىشلاردىن ساقلىسۇن. ئامىن!

# مۇھىم، سەھىھ ھەدىسلەردىن تەرمىلەر

## الإيمان: أن تؤمن بالله و ملائكته و كتابه و بلقائه و برسله و تؤمن بالبعث الآخر (حم ق ه) عن أبي هريرة

584. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان دېگەن ئاللاھقا پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا، ئاللاھقا ئۆلگەندىن كېيىن ئۇچرىشىشقا، ئەلچى، پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈپ، شەكسىز ئىشىنىشىڭدۇر، ئۆلگەندىن كېيىن يەنە بىر قېتىم تىرىلىشكە، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىشىڭدۇر. ئەھمەد، بەيھەقى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## الإيمان: أن تؤمن بالله و ملائكته و كتبه و رسله و اليوم الآخر و تؤمن بالقدر خيره و

شره (م 3) عن عمر

**585**. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان دېگەن ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتابلىرىغا، ئەلچىلىرىگە، قىيامەت كۈنىگە، تەقدىرنىڭ ياخشى – يامانلىرىغا شەكسىز ئىشىنىشتىدۇر، مۇسلىم، نەسەئى، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

### 586 (صحيح) الإيمان: أن تؤمن بالله و ملائكته و كتبه و رسله و تؤمن بالجنة و النار و الميزان و تؤمن بالبعث بعد الموت و تؤمن بالقدر خيره و شره (هب) عن عمر

**586**. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان دېگەن ئاللاھقا، پەرىشتىلەرگە، كىتاب، ئەلچىلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە، جەننەت – دوۋزاخقا ئەمەللەرنى تارتىدىغان مىيزانغا شەكسىز ئىشىنىشكە، ئۆلگەندىن كېيىن، تىرىلىشكە، تەقدىرگە، ياخشى – يامانىنىڭ تەقدىردە يېزىلىپ بولغىنىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، شەكسىز ئىشىنىشتۇر، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

يۇقىرقى مەسىلىلەر دەل بىز ئېتىقاد قىلىدىغان مەسىلىلەردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار بۇنى ئەقىدە، ئىمان دېگەندۇر، بۇ ئەقىدە مەسىلىسىدۇر، بۇ مەسىلىلەرگە تاھاۋى ئەقىدىسى، ئىبنى تەيمىييەنىڭ ئەقىدەتۇۋاستىييە، ئەھلى سۈننى ۋەلجامائەنىڭ ئەقىدىسى، فىقھۇلئەكبەر، تۆت ئىمامنىڭ ئەقىدىسى قاتارلىق ئىشەنچلىك كىتابلار بار، تەرجىمە قىلغىنىمۇ باردۇر، ئىنتېرنېت تور بەتلىرىدە باردۇر، توغرىسى قۇرئان، سەھىھ ھەدىس، ساھابىلار، تابىئىنلار، سەلەپ، سالىھ ئەقىدىسىدۇر، ئىمان دېگەن قۇرئان، سەھىھ ھەدىسلەردىن ئېلىنغان ھۆكۈملەرگە قارىغاندا يۇقىرقى ئەقىدە مەسىلىلىرىگە شەكسىز ئىشىنىش، قەلبىدىن تەستىقلاش، تىلىدا ئىقرار قىلىش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتۇر، مانا بۇ ئىمان. ئىشىنىش دېگەن لۇغەتتىكى ئىماندۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن سىز لۇغۋى مۆئمىن بولماي، بىز يۇقىرىدا دېگەندەك، كامىل، مۆئمىن بولۇڭ، ئۇنداق بولسا، بىز ئىمانغا قارايلى!

### الإيمان بضع و سبعون بابا فأدناها إماطة الأذى عن الطريق و أرفعها قول: لا إله إلا الله (ت) عن أبي هريرة

**587**. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى





ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان دېگەن 70 نەچچە باب، ئىشىكتۇر، ئەڭ تۆۋىنى مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇشتۇر، ئەڭ يۇكسەك، يۇقىرىسى بولسا، لا ئىلاھە ئىللەللاھ!، ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوقتۇر! دېگەن شۇئاردۇر، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

### 588 (صحيح) الإيمان بضع و سبعون شعبة فأفضلها قول: لا إله إلا الله و أدناها إماطة الأذى عن الطريق و الحياء شعبة من الإيمان (م د ن ه) عن أبي هريرة

**588**. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان 70 نەچچە شاخچىدۇر، ئەڭ ئەۋزىلى لا ئىلاھە ئىللەللاھ! دېگەن شۇئار، سۆزدۇر، ئەڭ تۆۋىنى بولسا، مۇسۇلمانلار يولىدىن ئەزىيەتنى، ئازار بېرىدىغان نەرسىنى يوقۇتۇشتۇر، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

### 589 (صحيح) الإيمان بضع و ستون شعبة و الحياء: شعبة من الإيمان (خ) عن أبي هريرة

**589**. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئىمان 60 نەچچە شاخچىدۇر، ھايا قىلىش ئىماننىڭ بىر شاخچىسىدۇر، بۇخارى توپلىغان، سەھىھ.

مەن بۇ جايدا ھەممىمىزنىڭ كامىل مۆئمىنلەردىن بولۇپ قېلىشىمىز ئۈچۈن، ئالىملارنىڭ بۇ ھەدىسكە يازغان شەرھى، ئىزاھاتلىرىدىن ئاشۇ 70 نەچچە شاخچىلارنى يېزىشنى لايىق كۆردۈم، ئېلىنغان ئورۇن، بۇخارىنىڭ شەرھىسى پەتھۇلبارى، مىشكات شەرھىسى، مىرقات،

## ئىماننىڭ يەتمىش نەچچە شاخچىلىرى

**1**. ئاللاھنىڭ بارلىق، بىرلىكىگە، ئىسىم – سۈپەتلىرىگە ئوخشىشى يوق زات ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش.

**2**. پەرىشتىلىرىگە..**3** كىتابلىرىغا، **4**. ئەلچى، پەيغەمبەرلىرىگە، **5**. تەقدىرىگە ئىشىنىش.

6. ئاخىرەت كۈنىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىشىنىش.

7. قىيامەت كۈنى تىرىلىشكە، ھېساب، مىيزان، سىرات كۆۋرۈكى، جەننەت ــ دوۋزاخقا ئىشىنىش.

8. ئاخىرەتنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىگە ئىشىنىش.

9. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش.

10. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈش، ئاللاھ يولىدا دۈشمەن تۇتۇش.

11. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ياخشى كۆرۈش.

12. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۇلۇغلاش، سۈننىتىگە ئەگىشىش.

13. ئىخلاس قىلىش، رىياخور، مۇناپىق بولماسلىق.

14. تۆۋبە قىلىش. 15. ئاللاھتىن قورقۇش. 16. ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىش. 17. شۈكرى قىلىش. 18. ۋاپا قىلىش. 19. سەۋرى قىلىش. 20. رازى بولۇش. 21. تەۋەككۇل قىلىش، 22. رەھىم ــ شەپقەت قىلىش.

23. ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇش، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش، شەيخلەرگە ھۆرمەت قىلىش.

24. كىبىر قىلماسلىق، تەئەججۇپلەنمەسلىك.

25. ھەقەد، ھەسەد قىلماسلىق.

26. غەزەپ قىلماسلىق، ئاچچىقلانماسلىق.

27. تەۋھىد كەلىمىسىنى، شاھادەتنى تىلىدا ئىقرار قىلىش.

28. قۇرئان تىلاۋىتى، 29. ئىلىم ئېلىش.

30. ئۆگەنگەن ئىلىمنى ئۆگىتىش.

31. دۇئا قىلىش، 32. زىكىر ــ تەسبىھ، ئىستىغفار.

33. لەغۋە، قۇرۇق سۆز ــ ھەرىكەتتىن يىراق بولۇش.

34. ماددى، مەنىۋى جەھەتتىن پاكلىنىش.

35. ئەۋرەتنى يېپىش، 36. پەرز ۋە نەپلە ناماز، 37 ــ زاكات.





38. قۇل ئازاد قىلىش، 39. سېخىيلىق قىلىش، تائام بېرىش.

40. مېھماننى ھۆرمەتلەپ كۈتۈش، 41. پەرز ۋە نەپلە روزا تۇتۇش.

42. ھەج قىلىش، ئۆمرە ھەج قىلىش.

43. تاۋاپ قىلىش، 44. رامىزاندا ئېتىكاپ قىلىش.

45. قەدىر كېچىسىنى ئىزدەپ تۈنەش.

46. دىنسىزلار زېمىنىدىن، ئىمانى، دىنى بىلەن كۆچۈش، پىتنىدىن قېچىش.

47. ۋەدىگە نەزىر ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش، قەسەمگە ۋاپا قىلىش، كاپارەت بېرىش.

48. نىكاھ بىلەن ئىپپەتلىك بولۇش.

49. ئەھلى باللىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش.

50. ئاتا ــ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش، ۋارقىرىماسلىق.

51. ئەۋلادلارنى ئىسلامى تەربىيلەش.

52. سىلە ــ رەھىم قىلىش، تۇغقانلارغا ياخشىلىق قىلىش.

53. ئىسلامي باشلىق، خوجايىنىغا ئىتائەت قىلىش، خادىم، قۇللارغا مېھرىبان بولۇش.

54. خەلىپە، ئەمىرلىكنى بەرپا قىلىشى، ئادىل بولۇش.

55. خەلىپە جامائىتىگە، مەسجىد جامائىتىگە ئەگىشىش، ئايرىلىۋالماسلىق.

56. خەلىپىلەرگە، ئەمىر، باشچىلارغا ئىتائەت قىلىش.

57. كىشىلەر ئارىسىنى ياراشتۇرۇپ، كېلىشتۈرۈش.

58. ياخشىلىققا ياردەم بېرىش.

59. ياخشىلىققا بۇيرۇپ، ياماندىن توسۇش.

60. ھەد، جازالارنى تۇرغۇزۇش.

61. ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىش، تەييارلىق قىلىش.

62. ئامانەتنى ئادا قىلىش، خىيانەت قىلماسلىق.

63. قەرزنى ۋاپا قىلىپ قايتۇرۇش.

64. خوشنىلارنى ھۆرمەتلەش.

65. مۇئامىلىنى ياخشى، گۈزەل قىلىش، ئەخلاقتا گۈزەل بولۇش.

66. پۇل ــ مالنى ھالالدىن كەسىپ قىلىپ تېپىش.

67. ماللارنى ئىسراپ قىلماي، جايىدا خەژلەش.

68. سالام قايتۇرۇش، 69. چۈشكۈرۈككە جاۋاپ قايتۇرۇش، تەشەككۈر بىلدۈرۈش.

70. كەڭ قورساق بولۇپ، ئەپۇچان بولۇش.

71. ئاللاھ يولىغا،ئىسلام جىھاد يولىغا دەۋەت قىلىش.

72. لەھۋە،لەغۋدىن، ئەزىيەتتىن، ئازاربىرىشدىن يىراق بولۇش، ھارامدىن يىراق بولۇش.

73. مۇسۇلمان يولىدىن ئەزىيەتنى تازىلاپ يوقىتىۋېتىش.

يۇقىرىسى لا ئىلاھە ئىللەللا! تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەتنى يوقۇتۇش، ئوتتۇر دەرىجىسى، ھايا قىلىش بولغان، 70 نەچچە ئىمان شاخچىسى ئەنە شۇلاردۇر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

يۇقىرقى شاخچا، مەسىلىلەرنىڭ ھەر بىرىگە ئايەت، سەھىھ ھەدىسلەر دەلىلدۇر، دەلىللەر يۇقىرىدا ئۆتتى، يەنە كېلىدۇ، ئەي ئىنسانلار، ئەي مۇسۇلمانلار! ئى قېرىنداشلار! مانا مۇشۇ شاخچىلارنى مۇكەممەل قىلىپ، كامىل ئىمان بىلەن ئاللاھقا ئۇچقۇشۇپ، جەننەتكە كىرىپ، ئاللاھنىڭ جامالىنى، دىدارىنى كۆرۈشنى قولغا كەلتۈرەيلى! ئاللاھ ئاسان قىلسۇن، ئامىن!.

**أتيت بالبراق و هو دابة أبيض طويل فوق الحمار و دون البغل يضع حافره عند منتهى طرفه فركبته حتى أتيت بيت المقدس فربطته بالحلقة التي تربط بها الأنبياء ثم دخلت المسجد فصليت فيه ركعتين ثم خرجت فجاءني جبريل بإناء من خمر و إناء من لبن فاخترت اللبن فقال جبريل: اخترت الفطرة; ثم عرج بنا إلى السماء فاستفتح جبريل فقيل: من أنت ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بآدم فرحب بي و دعا لي بخير; ثم عرج بنا إلى السماء الثانية**





**فاستفتح جبريل فقيل: من أنت ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بابني الخالة: عيسى بن مريم و يحيى بن زكريا فرحبا بي و دعوا لي بخير; ثم عرج بنا إلى السماء الثالثة فاستفتح جبريل فقيل: من أنت ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بيوسف و إذا هو قد أعطي شطر الحسن فرحب بي و دعا لي بخير; ثم عرج بنا إلى السماء الرابعة فاستفتح جبريل فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بإدريس فرحب بي و دعا لي بخير قال الله تعالى: (و رفعناه مكانا عليا ; ثم عرج بنا إلى السماء الخامسة فاستفتح جبريل فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بارون فرحب بي و دعا لي بخير; ثم عرج بنا إلى السماء السادسة فاستفتح جبريل فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بموسى فرحب بي و دعا لي بخير; ثم عرج بنا إلى السماء السابعة فاستفتح جبريل فقيل: من هذا ؟ قال: جبريل قيل: و من معك ؟ قال: محمد قيل: و قد بعث إليه ؟ قال: قد بعث إليه ففتح لنا فإذا أنا بإبراهيم مسندا ظهره إلى البيت المعمور و إذا هو يدخله كل يوم سبعون ألف ملك لا يعودون إليه ثم ذهب بي إلى سدرة المنتهى و إذا ورقها كآذان الفيلة و إذا ثمرها كالقلال فلما غشيها من أمر الله ما غشي تغيرت فما أحد من خلق الله يستطيع أن ينعتها من حسنها فأوحى الله إلي ما أوحى ففرض علي خمسين صلاة في كل يوم و ليلة; فنزلت إلى موسى فقال: ما فرض ربك على أمتك قلت: خمسين صلاة قال: ارجع إلى ربك فسله التخفيف فإن أمتك لا تطيق ذلك فإني قد بلوت بني إسرائيل و خبرتهم فرجعت إلى ربي فقلت: يا رب خفف عن أمتي فحط عني خمسا; فرجعت إلى موسى فقلت: حط عني خمسا قال: إن أمتك لا يطيقون ذلك فارجع إلى ربك فسله التخفيف; فلم أزل أرجع بين ربي و بين موسى حتى قال: يا محمد إنهن خمس صلوات كل يوم و ليلة لكل صلاة عشر فذلك خمسون صلاة و من هم بحسنة فلم يعملها كتبت له حسنة فإن عملها كتبت له عشرا و**

**من هم بسيئة فلم يعملها لم تكتب شيئا فإن عملها كتبت سيئة واحدة؛ فنزلت حتى انتهيت إلى موسى فأخبرته فقال: ارجع إلى ربك فسله التخفيف فقلت: قد رجعت إلى ربي حتى استحييت منه حم م عن أنس.**

**590**. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ماڭا بۇراق كەلتۈرۈلدى، ئۇ ئېشەكتىن چوڭراق قېچىردىن كىچىكرەك ئۇزۇن ئاق ھايۋان ئىدى، يۈگۈرسە، قەدىمىنى تۇۋۇقىنى كۆزى يەتكەن جايغا قوياتتى، يەنى بىر كۆز يېتىم مىقدارىغا بىر ئاتلايتتى، مەن ئۇنىڭغا مىنىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە كەلدىم، ئۇنى پەيغەمبەرلەر ئۇلۇغىنى باغلايدىغان ھالقىغا باغلاپ قويۇپ، مەسجىدكە كىرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدۇم، ئاندىن چىقسام، ماڭا جىبرىئىل بىر قاچىدا ھاراق، بىر قاچىدا سۈت ئېلىپ كەپتۇ، مەن سۈتنى تاللىدىم، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى، سەن پىترەتنى يەنى دىننى قوبۇل قىلىدىغان تەبىئەتنى، ئىسلام دىنىنى سۈننەتنى، توغرا يولنى تاللىدىڭ، ئاندىن بىز ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىشنى تەلەپ قىلدى، كىم سەن؟ دېيىلدى، ئۇ جىبرىئىل دېدى، سەن بىلەن كىم بار؟ دېيىلدى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېدى، ئۇ ئۈستىگە چاقىرىلغانمۇ؟ «ئالىملار ئۇلار پەيغەمبەرلىكنى بىلگەچكە ئۇنى سورىمىغان، پەقەت چاقىرىلغانلىقىنى سورىغان دىدى» جىبرىئىل ھەئە چاقىرىلغان دىدى، بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى، ناگاھان مەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇ، مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ ماڭا ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى، يەنى ياخشىلىقنى سورىدى، ئاندىن بىز ئىككىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنى ئېچىپ بېرىشنى سورىدى، كىم سەن دېيىلدى؟ جىبرىئىل، سەن بىلەن كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۈستىگە چاقىرىلدىمۇد؟ ھە، بىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرىلدى، ناگاھان مەن، ئاچا ــ سىڭىللارنىڭ ئىككى بالىسى، مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن زەكەرىيا ئوغلى يەھيانىڭ يېنىدا تۇرىمەن، «ئۇلار بىر نەۋرە بولۇپ، ھامىملارنىڭ ئوغۇللىرى» ئۇلارمۇ مىنى قارشى ئېلىپ، خۇش كەپسىز دەپ مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز ئۈچىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرقىدەك سۇئال ــ جاۋابلاردىن كېيىن، ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بار ئىكەن، ئۇنىڭغا بارلىق گۈزەللىكنىڭ يېرىمى بېرىلىپتۇ، ئۇمۇ مەرھابا دەپ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلدى، ئاندىن بىز تۆتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، جىبرىئىل ئىشىكنىڭ ئېچىلىشىنى تەلەپ قىلدى، كىم بۇ؟ جىبرىئىل، سەن بىلەن بىللە كىم بار؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇ يۇقىرغا چاقىرىلغانمۇ؟ شۇنداق، ئاندىن بىزگە ئىشىك ئېچىلدى، ناگاھان مەن ئىدرىس ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇمۇ مىنى قارشى ئېلىپ، مەن ئۈچۈن ياخشىلىقنى سوراپ دۇئا قىلدى. ئاللاھ بۇ پەيغەمبەر توغرىسىدا «بىز ئۇنى ئۈستۈن، ئالى ئورۇنغا كۆتۈردۇق» دېگەن. ئاندىن بىز بەشىنچى قەۋەت ئاسمانغا ئۆرلىدۇق، يۇقىردەق سۇئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا ھارۇن ئەلەيھىسسالام بار بولۇپ، ئۇمۇ مەرھابا، خۇش كەپسىز دەپ دۇئا قىلدى، ئاندىن بىز ئالتىنچى قەۋەت ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، سۇئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ئۇ جايدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بولۇپ، مىنى قارشى ئېلىپ دۇئا قىلدى. ئاندىن بىز يەتتىنچى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدۇق، يۇقىرقىدەك سۇئال ـ جاۋابلاردىن كېيىن ئىشىك ئېچىلدى، ناگاھان مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا تۇرىمەن، ئۇ ئۈچىسىنى بەيتۇلمەئمۇرغا يۆلىۋاپتۇ، بۇ ئۆيگە ئىبادەت، زىيارەت ئۈچۈن ھەر كۈنى **70000** پەرىشتە كىرىپ تۇرىدىكەن، ئۇلار ئىككىنچى قېتىم قايتىپ كەلمەيدىكەن، ئاندىن مەن سىدرەتۇلمۇنتەھاغا ئاپىرىلدىم، «بۇنداق ئاتىلىش، پەرىشتىلەر ئىلمى، شۇ جايدا توختايدۇ، چۈشكەن، ئۆرلىگەن نەرسىمۇ شۇنداق، بۇ جايدىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەملا ئۆرلىيەلىگەن» ئۇنىڭ قۇلىقى، پىلنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدىغان، مېۋىسى بولسا چوڭ ـ چوڭ تاۋاقلارغا ئوخشايدىكەن، ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن ئۇنى قورشاشقا تېگىشلىك نەرسە قورشىغان چاغدا، ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرىدىن ھېچبىر كىشى ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى سۈپەتلەپ بېرىشكە قادىر بولالمايدۇ، ئاللاھ ماڭا ۋەھيى قىلىشقا تېگىشلىك، ۋەھيى قىلماقچى بولغان نەرسىنى ۋەھيى قىلدى، ماڭا بىر كېچە ــ كۈندۈزدە **50** ۋاخ نامازنى پەرز قىلدى، «ئۈممىتىممۇ شۇنىڭ ئىچىدە» ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغىچە چۈشتۈم، ئۇ رەببىڭ ئۈممىتىڭگە نېمىنى پەرز قىلدى؟ دېدى، مەن **50** نامازنى دېدىم، ئۇ رەببىڭگە قايتىپ، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن، ئۈممىتىڭ ھەرگىز قادىر بولالمايدۇ، مەن بەنى ئىسرائىللارنى سىناپ كۆرگەن دېدى، مەن رەببىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم، «يەنى مۇناجاتلاشقان جايغا كېلىپ، ئىككىنچى قېتىم مۇناجات قىلدىم، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، خالىسا زىمىندا پەرز قىلاتتى، لېكىن، ناماز كاتتا ئىبادەت بولغاچقا، ئاسماندا پەرز قىلىندى، يۇقىرقى ھەربىر ئاسماندىكى پەيغەمبەرلەر ئەھۋالى ۋە بۇ مۇناجات ئەھۋالى قانداقلىقى، كەيپىياتى بىزگە مەلۇم ئەمەس، بىز ئۇنى بىلمەيمىز، ئەمما، شەكسىز ئىمان كەلتۈرىمىز» مەن كېلىپ، ئى رەببىم، ئۈممىتىمدىن يەڭگىللەتسىلە دەپ سورىدىم، مەندىن بەشنى ئېلىپ تاشلىدى، ئاندىن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەشنى ئېلىپ تاشلاپ

يەڭگىللەتتى دىدىم، ئۇممىتىڭ قادىر بولالمايدۇ. يەنە قايتىپ بېرىپ سورىغىن، يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى. مەن رەببىم بىلەن مۇسا ئارىلىقىدا چۇشۇپ چىقىپ، يۈردۈم، ئاخىرى ئاللاھتائالا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەقىقەتەن بۇ بىر كېچە كۈندۈزدىكى بەش ۋاخ نامازدۇر، ھەربىر ۋاخ نامازغا ئۇنى بېرىلىدۇ، ئۇ بەش ناماز 50 ۋاخ بولىدۇ. كىم بىر ياخشىلىقنى مەخسەت، نىيەت قىلىپ، ئەمەل قىلالمىسا، بىر ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئەگەر ئەمەل قىلسا، ئۇن ياخشىلىق بىرنىڭ بەراۋىرىگە يېزىلىدۇ. ئەگەر يامانلىققا مەخسەت قىلىپ ئەمەل قىلمىسا، ھېچنېمە يېزىلمايدۇ. ئەگەر ئۇ يامانلىقنى قىلىپ سالسا، بىر گۇناھ يېزىلىدۇ دېدى. مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا چۈشۈپ، بۇلارنى خەۋەر قىلدىم، ئۇ يەنە قايتقىن، رەببىڭدىن يەڭگىللىتىشنى سورىغىن دېدى، مەن: رەببىمنىڭ قېشىغا بېرىۋېرىپ خىجىل بۇلۇپ، ھايا قىلىپ، تارتىنىپ قالدىم دېدىم. مۇسلىم، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇدلار توپلىدى، سەھىھ.

بۇ ھەدىستىكى روھانى ئىشلار، مۇناجات ئىشلىرى، كېلىپ – كېتىش، چۈشۈپ – چىقىش، ۋەھى ئەھۋاللىرى، ئاللاھقىلا مەلۇم ئىشلاردۇر، بىز ئۇنىڭ كەيپىياتىنى ھەرگىز بىلمەيمىز، بىزنىڭ ئەقلىمىز، قىياس قىلىشىمىز، بۇ ئىشلارغا يەتمەيدۇ، بىز پەقەت ئىمان كەلتۈرىمىز، ئەقىدە قىلىمىز خالاس. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ھازىرمۇ مۆجىزە ئورۇندا تۇرىدۇ، چۈنكى، بۇ ئاسمانغا چىقىش ئىشىدۇر.

إذا حضر المؤمن أتته ملائكة الرحمة بحريرة بيضاء فيقولون: اخرجي راضـية مرضـيا عنك إلى روح و ريحان و رب غير غضبان فيخرج كأطيب ريح المسك حتى إنه ليناولـه بعضهم بعضا حتى يأتوا به باب السماء فيقولون: ما أطيب هذا الريح التي جاءتكم مـن الأرض ! فيأتون به أرواح المؤمنين فلهم أشد فرحا به من أحدكم بغائبـه يقـدم عليـه فيسألونه: ماذا فعل فلان ؟ ماذا فعل فلان ؟ فيقولون: دعوه فإنه كان في غم الدنيا فـإذا قال: أما أتاكم ؟ قالوا: ذهب به إلى أمه الهاوية و إن الكافر إذا حضر أتته ملائكة العذاب بمسح فيقولون: اخرجي ساخطة مسخوطا عليك إلى عذاب الله فيخرج كأنتن ريح جيفـة حتى يأتوا با باب الأرض فيقولون: ما أنتن هذه الريح ؟ حتى يأتوا با أرواح الكفار(ن ك) عن أبي هريرة

591. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنگە ۋاپات ھازىر بولغاندا، ئۇنىڭغا رەھمەت





پەرىشتىلىرى كېپەن ئۈچۈن ئاق يىپەك ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى جان! رازى بولغان، ھەم رازى بولۇنغان رەب تائالا غەزەپ قىلمىغان ھالدا راھەت – پاراغەتكە ياخشى رىزىققا چىققىن! «بۇ ئىككى سۆز يەنى روھ رەيھان سۈرە ۋاقىئە 89 – ئايەتتە بار» ئاندىن ئۇ جان مىسكىدىنمۇ خۇشپۇراقراق ھالەتتە چىقىدۇ، ھەتتا ئۇنى بىرسى – بىرسىدىن، قولدىن – قولغا سۇنۇۋېلىپ ئاسمان ئىشىكىگە ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلار، سىلەرگە زېمىندىن كەلگەن بۇ پۇراق نېمىدېگەن خۇشپۇراق ھە! دېيىشىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇلار بۇ روھنى مۆئمىنلەر روھلىرىنىڭ يېنىغا ئاپىرىدۇ، ئۇلار بۇنى كۆرۈپ بېرىڭلار يىراقتا كەتكەن ئادىمى كەلگەندە، خۇشال بولغاندىن بەكىرەك خۇشال بولۇپ كېتىدۇ، ئاندىن مۆئمىنلەر روھلىرى، ئۇ روھدىن پالانى، پوكۇنى نىمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۇنى قويۇڭلار! ھەقىېچان ئۇ دۇنيا غېمىدە قالدى دەپ كېتىدۇ، ئاندىن بارغان روھ ئۇ سىلەرگە كەلمىدىمۇ؟ دېگەندە، ئۇلار ھە! ئەمدى بىلدۇق، ئۇ ئەسلى ھاۋىيە دېگەن دوۋزاختىكى جايغا ئاپىرىلىپتۇ –دە! دەيدۇ. كاپىر كىشىگە ۋاپات ھازىر بولغاندا بولسا، ئازاب پەرىشتىلىرى كېپەن ئۈچۈن ئەسكى كىگىزدەك، تاشلاندۇق پالالستەك يۇڭ پارچىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ: ئى نىجىس جان!، خاپا بولغان، ئاچچىقلانغان، ساڭىمۇ غەزەپ قىلىنغان ھالدا، ئاللاھنىڭ ئازابىغا چىققىن!، ئاندىن ئۇ تاپنىڭ پۇرىقىدىنمۇ سېسىق ھالەتتە چىقىدۇ، ئۇنى زېمىننىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ كەلسە، ئۇلار بۇ نېمىدېگەن سېسىق پۇراق ھە! دەپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنى كاپىرلار روھلىرىغا ئاپىرىۋېتىدۇ. نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. روھ، جان مەۋجۇد.
2. ئۇنى پەرىشتىلەر ئالىدۇ.
3. مۆئمىنگە رەھمەت، كاپىرغا ئازاب.
4. مۆئمىن خۇشپۇراق، كاپىر سېسىق.
5. روھلارمۇ ئۇچرىشىدۇ، سۇئال سورىشىدۇ، خۇشال بولىشىدۇ، زىيارەت بارىدۇر.

6. ئۆلگەنلەر روھلىرى، بۇ دۇنيادىكى ئىشلارنى ئۆلگەنلەردىن سوراپ بىلىدىكەن.

7. روھ كىرگۈزۈلىدۇ، پۈۋدىلىدۇ، چىقىرىلىدۇ، لېكىن، كەيپىياتى بىزگە نامەلۇم.

8. كاپىرلار روھلىرى زىمىنغا يەنى تۆۋەنگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەبرىدە ئازاب بار تېخى.

**إذا دخل أهل الجنة الجنة و أهل النار النار يجاء بالموت كأنه كبش أملح فيوقف بين الجنة و النار فيقال: يا أهل الجنة هل تعرفون هذا ؟ فيشرئبون فينظرون و يقولون: نعم هذا الموت و كلهم قد رآه ثم ينادى: يا أهل النار هل تعرفون هذا ؟ فيشرئبون فينظرون فيقولون: نعم هذا الموت و كلهم قد رآه فيؤمر به فيذبح و يقال: يا أهل الجنة خلود و لا موت و يا أهل النار خلود و لا موت (حم ق ت ه) عن أبي سعيد**

592. ئەبۇ سەئىيدىلخۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: جەننەت ئەھلى جەننەتكە، دوۋزاخ ئەھلى، دوۋزاخقا كىرىپ بولغاندا، ئۆلۈم ئالا قوچقار سۈرىتىدە كەلتۈرۈلۈپ جەننەت بىلەن دوۋزاخ ئوتتۇرىدا توختۇتىلىدۇ، تۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئى جەننەت ئەھلى! بۇنى تونۇدۇڭلارمۇ؟ دېيىلىدۇ، ئۇلارنى باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراپ، شۇنداق، بىز تونۇدۇق، ئۇ ئۆلۈمكەن دەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنى كۆرىدۇ، ئاندىن ئى دوۋزاخ ئەھلى، بۇنى تونۇدۇڭلارمۇ؟! دەپ توۋلايدۇ، ئۇلارمۇ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراپ تونۇدۇق، بۇ ئۆلۈمكەن دەيدۇ، ئۇلارنىڭمۇ ھەممىسى ئۆلۈمنى كۆرىدۇ، ئاندىن ئۆلۈمنى بوغۇزلىنىشىغا بۇيرۇلىدۇ، يەنى ئۆلۈممۇ ئۆلتۈرلۈپ تۈگەيدۇ، ئى جەننەت ئەھلى، مەڭگۈ قالىسىلەر، ئۆلۈم يوق، ئى دوۋزاق ئەھلى مەڭگۈ قالىسىلەر، ئۆلۈش يوق دېيىلىدۇ، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى، ئىبنى ماجە توپلىغان، بۇ ھەدىس سەھىھ، مانا بۇمۇ بىزنىڭ ئەقىدىمىز، ئاللاھ بىزنى مەڭگۈلۈك جەننەت ئەھلىدىن قىلسۇن، جامالىنى بەرسۇن، ئامىن!

**إذا مضى شطر الليل أو ثلثاه ينزل الله إلى السماء الدنيا فيقول: هل من سائل فيعطى ؟ هل من داع فيستجاب له ؟ هل من مستغفر فيغفر له ؟ حتى ينفجر الصبح (م) عن أبي**





**هريرة**

593. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كېچىنىڭ يېرىمى ياكى 2/3 قىسمى ئۆتۈپ 1/3 قالغاندا ئاللاھ دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، تاڭ ئاتقىچە مۇنداق دەپ تۇرىدۇ: سورىغۇچى بارمۇ؟ بېرىلىدۇ، دۇئا قىلغۇچى بارمۇ؟ ئىجاۋەت قىلىنىدۇ، مەغپىرەت سورىغۇچى بارمۇ؟ ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

بىزنىڭ ئەقىدىمىزدە ئاللاھ قەتئىي مەخلۇققا ئوخشىمىغاچقا، ئەرشى ئۈستىدە تۇرۇپ، دۇنيا ئاسمىنىدا ھەم تۇرۇپ، بىزلەر بىلەلمەيمىز بىللە تۇرۇپ، يەنىلا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە چۈشىدۇ، چۈشۈۋېتىپ، ئۈستىدىن يوقاپ كەتمەيدۇ، شۇنداقلا چۈشىۋاتقاندا، ئاسماندا ھەم بار ئىدى، شۇنداقتىمۇ چۈشىدۇ، چىقىپ كېتىدۇ، يەنىلا ئاسماندىن يوقاپ كەتمەيدۇ، بۇ ئەھۋاللار بىر ـ بىرىگە زىت ئەمەس، ئوخشىشى يوق.

ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق، جىبرىئىل ئۇنداق قىلالمايدۇ، چۈشسە، ئۈستىدىن يوقايدۇ، چۈشۈشتىن بۇرۇن يوق ئىدى، كەتسە ھەم يوقايدۇ، بۇ مەخلۇقنىڭ سۈپىتى، ئەمما، ئاللاھ خالىق، ياراتقۇچى ئوخشىشى يوق زات بولۇپ، ئەرشى ئۈستىدە بولۇشى بىلەن بىز بىلەن بىللە بولۇشى، ئاسمانغا چۈشۈشى زىت كەلمەيدۇ، تاقىشىپ قالمايدۇ، ئۇ ھەممە جايدا بار، بىرلا ۋاقىتتا ئەرشىدە، ئاسماندا،ھەم بىز بىلەن بىللە بولالايدۇ، ئەرشىدىن يوقاپ كەتمەي تۇرۇپ ئاسمانغا چۈشەلەيدۇ، چۈشكەندىن بۇرۇنمۇ بار ئىدى، ئەرشىدە، ئاسماندا چۈشۈش ئارىلىقىدا بىز بىلەن بىللە بولۇشىدا بىرلا ۋاقىتتا بىللە بولالايدۇ، قايانغا قارىساڭلار، ئاللاھ شۇ تەرەپتە ئوخشىشى يوق، ئۇ خالىق، ھەممىگە قادىردۇر، ئۇ ھەممىدىن ئۈستۈن، بىللە تۇرۇپ چۈشىدۇ، چىقىدۇ، كېلەلەيدۇ، كېتەلەيدۇ، يوقاپ كەتمەيدۇ، سىز ئاللاھنى مەخلۇققا ئوخشاتماڭ، ئاللاھ ۋە ئەلچىسى، ساھابىلار، تابىئىنلار دېگەندەك دەڭ، سۈكۈت قىلسا سۈكۈت قىلىڭ، چۈشۈش مەلۇم، كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈش ۋاجىپ، كەيپىياتتىن سۇئال سوراش بىدئەتتۇر.

**أما بعد فإن أصدق الحديث كتاب الله و إن أفضل الهدي هدي محمد و شر الأمور محدثاتا و كل محدثة بدعة و كل بدعة ضلالة و كل ضلالة في النار أتتكم الساعة بغتة بعثت أنا و الساعة هكذا صبحتكم الساعة و مستكم أنا أولى بكل مؤمن من نفسه من**

**ترك مالا فلأهله و من ترك دينا أو ضياعا فإلي وعلي وأنا ولي المؤمنين حم م ن ه)**

**594**. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما بەئدۇ، ھەقىقەتەن سۆزنىڭ ئەڭ راستراقى، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئاندۇر، ھەقىقەتەن ھىدايەتنىڭ ئەڭ ئەۋزەلرەكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھىدايەت يولىدۇر، ئىشلارنىڭ ئەڭ يامىنى يېڭىدىن پەيدا بولغانلىرىدۇر، (يەنى ئاللاھ ۋە رەسۇلى ئورۇنلاشتۇرمىغان ئىسلام شەرىئىتى، مۇكەممەل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ئەقىيدىدە ۋە ئىبادەتتە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلادۇر) ھەر قانداق يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىشلار بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت زالالەت، ئازغۇنلۇقتۇر، ھەرقانداق زالالەت ئازغۇنلۇق، دوۋزاختا بولىدۇ، (بۇ ھەدىستىن ياخشى بىدئەت يوقتۇر، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزى لۇغەۋى سۆز بولۇپ، نىمىدىكەن ياخشى يېڭىلىنىش، يېڭىلىق دېگەن مەنىدە، بۇلارنى بىر بىدئەتلەردە تونۇشتۇردۇق، شەيخ ئۇسەيمىنىنىڭ كىتابىدىن ئېلىنغان) (ھەدىسنىڭ ئاخىرى بولسا) سىلەرگە قىيامەت تۇيۇقسىز كېلىدۇ، مەن ئەۋەتىلدىمكى، مەن بىلەن قىيامەتنىڭ ئارىلىقى مۇشۇنچىلىق دەپ ئىككى بارمىقىنى كۆرسىتىپ قويىدى، يەنى شۇنداق يېقىن، قىيامەت سىلەرگە تۇيۇقسىز بىر ئەتىگەن ياكى كەچتە كېلىشى مۇمكىن، مەن بولسام، ھەربىر مۆئمىنگە ئۇنىڭ جېنىدىنمۇ ئەۋلاراق، كىم مال ـ دۇنيا قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماللار ئۇ كىشىنىڭ ئەھلىگە قالىدۇ، كىم قەرز ياكى زايا يەنى ئەھلى باللىرىنى، ئائىلىسىنى قالدۇرۇپ كەتسە، ئۇ ماڭا، مېنىڭ ئۈستۈمگىدۇر، مەن مۆئمىنلەرنىڭ ئىگىسى، دوستى بولىمەن، مۇسلىم، ئەھمەد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**أما فتنة الدجال فإنه لم يكن نبي إلا قد حذر أمته و سأحذركموه بحديث لم يحذره نبي أمته إنه أعور و إن الله ليس بأعور مكتوب بين عينيه كافر يقرأه كل مؤمن ; و أما فتنـة القبر فبي تفتنون و عني تسألون فإذا كان الرجل الصالح أجلس في قبره غير فزع ثم يقـال له: ما هذا الرجل الذي كان فيكم ؟ فيقول: محمد رسول الله جاءنا بالبينات من عـند الله فصدقناه فيفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا فيقال له: انظر إلى مـا وقاك الله ثم يفرج له فرجة إلى الجنة فينظر إلى زهرتها و ما فيها فيقال له: هذا مقعدك منها و يقال له: على اليقين كنت و عليه مت و عليه تبعث إن شاء الله و إذا كـان الـرجل السوء أجلس في قبره فزعا فيقال له: ما كنت تقول ؟ فيقول: لا أدري فيقال: مـا هـذا**





**الرجل الذي كان فيكم ؟ فيقول: سمعت الناس يقولون قولا فقلت كما قالوا فيفرج لـه فرجة من قبل الجنة فينظر إلى زهرتها و ما فيها فيقال له: انظر إلى ما صرف الله عـنك ثم يفرج له فرجة قبل النار فينظر إليها يحطم بعضها بعضا و يقال: هذا مقعدك منـها عـلى الشك كنت و عليه مت و عليه تبعث إن شاء الله ثم يعذب (حم) عن عائش**

**595**. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەمما، دەججال پىتنىسىگە كەلسەك، ھەقىقەتەن ھەرقانداق بىر پەيغەمبەر ئۇنىڭ پىتنىسىدىن ئۇممىتىنى ھەزەر قىلدۇرۇپ، ئاگاھلاندۇردى، مەنمۇ سىلەرنى ئۇنىڭ پىتنىسىدىن بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر ئۇممىتىنى ھەزەر قىلدۇرۇپ باقمىغان بىر سۆز ھەدىس بىلەن ھەزەر قىلدۇرىمەن، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر، ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بىر كۆزى كور ئەمەس، (ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئىككى كۆزى بار، قەتئىي ئوخشىشى يوقتۇر، بۇ سۆزنى دېيىشتىكى مەخسەت، دەججال ئىلاھلىق داۋاسى قىلىدۇ) دەججالنىڭ ئىككى كۆزى ئارىسىغا يەنى پېشانىسىگە «كافىر» دەپ يېزىقلىق بولۇپ، ئۇ خەتنى ھەرقانداق مۆئمىن كىشى ئوقىيالايدۇ، ئەمما، قەبرە پىتنىسىگە كەلسەك، سىلەر مەن سەۋەبلىك يەنى مەن توغرىلىق سۇئال سورىلىپ، پىتنىگە قالىسىلەر، مەن توغرىسىدا سىلەردىن سورىلىدۇ، ياخشى، سالىھ كىشى بولسا، قەبرىسىدە چۆچۈتمەسىدىن ئولتۇرغۇزۇلۇپ، مۇنداق دېيىلىدۇ، ئاراڭلاردىكى بۇ ئەر توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟ ئۇ ياخشى كىشى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىزگە ئاللاھنىڭ تەرىپىدىن رۇشەن مۆجىزە ئالامەتلەر بىلەن كەلدى، بىز ئۇنى تەستىقلاپ ئىشەندۇق دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا دوۋزاخ تەرەپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ دوۋزاخقا قارىسا، دوۋزاخ بەزىسى بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتىدەك، ئاندىن ئۇنىڭغا، ئاللاھ سىنى ساقلىغان نەرسىگە قارا دېيىلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرەپكە بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ، ئۇ جەننەتنىڭ باغلىرىغا، گۈزەل زىننەتلىرىگە، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە قارايدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا مانا بۇ جەننەتتىكى سېنىڭ جايىڭ دېيىلىدۇ، ۋە سەن دۇنيادا شەكسىز ئىشەنچە، ئىمان ئۈستىدە ئىدىڭ، شۇنىڭ ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ، ئاللاھ خالىسا شۇنىڭ ئۈستىدە تىرىلىسەن. ئەگەر ئۇ يامان كىشى بولسا، قەبرىسىدە چۆچۈتۈلۈپ، قورقۇتۇلۇپ ئولتۇرغۇزۇلىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا سەن نېمە دەيسەن؟ دېيىلسە، مەن بىلمەيمەن دەيدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا، ئاراڭلاردىكى بۇ كىشى زادى قانداق كىشى؟ دەپ سورالسا، ئۇ مەن كىشىلەرنىڭ بىر سۆزنى قىلغىنىنى ئاڭلاپ، مەنمۇ شۇلار دېگەندە؛ دەپ

قويغان دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن جەننەت تەرىپىگە بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ جەننەتتىكى نەرسىلەرگە، گۈزەللىكىگە قارايدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئاللاھ سەندىن چۆرىۋەتكەن، سەن قورۇق قالغان نەرسىگە قارا دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دوۋزاخ تەرىپىدىن بىر تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇ دوۋزاخقا قارىسا، بەزىسى ـ بەزىسىنى قىززىقلىقىدىن يەپ كېتىۋاتقىدەك. ئۇنىڭغا مانا بۇ سېنىڭ مەڭگۈلۈك جايىڭ، سەن دۇنيادا تەۋھىدگە، ئاللاھ، ئاخىرەتكە شەك قىلىشتا ئىدىڭ. ۋە شۇ شەك ئۈستىدە ئۆلگەن ئىدىڭ. ئاللاھ خالىسا، يەنىلا شۇ شەك ئۈستىدە تىرىلىسەن دېيىلىدۇ. ئاندىن ئۇ ئازابلىنىدۇ. ئەھمەد توپلىغان، ھەسەن.

أنا سيد الناس يوم القيامة و هل تدرون مم ذلك ؟ يجمع الله الأولين و الآخـرين في صعيد واحد يسمعهم الداعي و ينفذهم البصر و تدنو الشمس منهم فيبلغ الناس من الغم و الكرب ما لا يطيقون و لا يحتملون فيقول بعض الناس لبعض: ألا ترون ما قد بلغكم ؟ ألا تنظرون من يشفع لكم إلى ربكم ؟ فيقول بعض الناس لبعض: ائتوا آدم فيـأتون آدم فيقولون: يا آدم أنت أبونا أنت أبو البشر خلقك الله بيده و نفخ فيك من روحه و أمـر الملائكة فسجدوا لك اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم آدم: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنـه نهاني عن الشجرة فعصيته نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى نوح ; فيـأتون نوحا فيقولون: أنت أول الرسل إلى أهل الأرض و سماك الله (عبدا شكورا اشفع لنـا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم نوح: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله و إنه قد كانت لي دعوة دعوت با على قومي نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى إبراهيم ; فيأتون إبراهيم فيقولون: يا إبراهيم ؟ أنت نبي الله و خليله من أهل الأرض اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول لهم إبراهيم: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضـب قبلـه مثله و لن يغضب بعده مثله و إني قد كنت كذبت ثلاث كذبات نفسي نفسـي نفسـي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى موسى ; فيأتون موسى فيقولون: يا موسى ! أنت رسـول الله فضلك الله برسالاته و بكلامه على الناس اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ فيقول: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده





مثله و إني قتلت نفسا لم أومر بقتلها نفسي نفسي اذهبوا إلى غـيري اذهـبوا إلى عيسى ; فيأتون عيسى ! فيقولون: يا عيسى أنت رسول الله و كلمته ألقاها إلى مـريم و روح منه و كلمت الناس في المهد اشفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قـد بلغنا ؟ فيقول لهم عيسى: إن ربي قد غضب اليوم غضبا لم يغضب قبله مثله و لن يغضب بعده مثله نفسي نفسي اذهبوا إلى غيري اذهبوا إلى محمد ; فيأتوني فـيقولون: يـا محمد ! أنت رسول الله و خاتم الأنبياء و غفر الله لك ما تقدم من ذنبك و ما تأخر اشـفع لنا إلى ربك ألا ترى ما نحن فيه ؟ ألا ترى ما قد بلغنا ؟ ; فأنطلق فآتي تحت العرش فـأقع ساجدا لربي ثم يفتح الله علي و يلهمني من محامده و حسن الثناء عليه شيئا لم يفتحه لأحد قبلي ثم يقال: يا محمد ! ارفع رأسك سل تعط و اشفع تشفع فأرفع رأسي فأقول: يا رب ! أمتي أمتي فيقال: يا محمد أدخل الجنة من أمتك من لا حساب عليه من الباب الأيمن مـن أبواب الجنة و هم شركاء الناس فيما سوى ذلك من الأبواب و الذي نفسي بيده إن مـا بين مصراعين من مصاريع الجنة لكما بين مكة و هجر أو كما بين مكة و بصرى). (حم ق ت) عن أبي هريرة.

596. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن قىيامەت كۈنى بارلىق كىشىلەرنىڭ سەييىدى، خوجىسى، يول باشچىسى بولىمەن، نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىلەر؟

ئاللاھ بۇرۇنقىلارنى ۋە كېيىنكىلەرنى تۈپتۈز بىر جايغا توپلايدۇ، چاقىرىقچى دەۋەتنى ئۇلارغا ئاڭلىتالايدۇ، كۆز يەنى ئاللاھنىڭ كۆزى ئۇلارنى قورشاپ كۆرىدۇ، ھېچ كىشى مەخپى بولالمايدۇ، قۇياش ئۇلارغا شۇنداق يېقىنلىشىدۇ، كىشىلەرگە ئۇلار تاقەت قىلالمىغۇدەك، كۆتۈرەلمىگىدەك دەرىجىدە غەم ـ قايغۇ، مۇشەققەت يېتىدۇ، بەزىسى بەزىسىگە مۇنداق دېيىشىدۇ، ھەقىقەتەن سىلەرگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ـ ئەلەمگە قارىمامسىلەر؟ سىلەر ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ بۇ مۇشۇققەتنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلىدىغان بىرەر كىشى بارمۇ؟ قارىمامسىلەر؟ بەزىسى بەزىسىگە، ئادەم ئاتىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار! دەيدۇ، ئۇلار كېلىپ، مۇنداق دەيدۇ، ئى ئادەم، سەن بىزنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ دادىسى، ئاللاھ سىنى ئۆز قولى بىلەن ياراتتى، ساڭا روھنى پۈۋدىدى،

پەرىشتىلەرنى بۇيرىدى، ئۇلار ساڭا سەجدە قىلدى، (مەخسەت سەن شۇنداق ئۇلۇغ بولغاندىكىن) رەببىڭنىڭ قېشىغا بېرىپ بىز ئۈچۈن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، بىزنىڭ ھالىمىزنى كۆرمىدىڭمۇ؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن؟. ئادەم ئاتا ئۇلارغا : ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق بىر غەزەپ قىلدىكى، مۇندىن بۇرۇن ۋە كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلماس، ئاچچىقلانماس، ھەقىقەتەن ئاللاھ مېنى دەرەخنى يېيىشتىن توسقان ئىدى، مەن ئاسىي بولدۇم، بۈگۈن مەنمۇ ئۆز جېنىم، نەپسىم بىلەن قالدىم، شاپائەت قىلالمايمەن، مەندىن باشقىلارنىڭ يېنىغا نۇھنىڭ يېنىغا بېرىڭلا دەيدۇ، ئۇلار نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سەن بولساڭ زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتىلگەن تۇنجى مۇرسەل پەيغەمبەر، ئاللاھ سېنى شۈكرى قىلغۇچى بەندە دەپ ئاتىدى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن مۇشەققەتكە قارىمامسەن، بىز ئۈچۈن رەببىڭدىن شاپائەت تەلەپ قىلساڭ، نۇھ ئەلەيھىسسالام: رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدىكى بۇرۇنمۇ قىلىپ باقمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، مەن ئۈچۈن ئىجاۋەت بولىدىغان بىرلا دۇئا بار ئىدى، مەن ئۇ دۇئانى قەۋمىمدىن دىنسىز زالىملارغا قارشى قىلىپ بولدۇم، مەنمۇ بۈگۈن ئۆزۈم بىلەن قالدىم، جېنىم بىلەن قالدىم، ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مەندىن باشقا كىشىنىڭ قېشىغا بېرىڭلار، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلاردەيدۇ، ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، زېمىن ئەھلىدىن بىردىنبىر ئاللاھنىڭ دوستى، خەلىلى، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن، مۇشەققەتكە قارىمامدا؟ ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭدىن شاپائەت سورىساڭ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا يۇقىرقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ، مەن ئۈچ قېتىم يالغان سۆزلەپ سالغان، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى مۇسا ئەلەيھىسسالام، سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاللاھ سىلىنى ئەلچى قىلىش، سۆزلەش بىلەن كىشىلەر ئۈستىگە پەزىلەتلىك قىلدى، شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، ھالىمىزغا قارىماملا؟ دەپ يالۋۇرىدۇ، مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ يۇقىرقىدەك قاتتىق غەزەپنى تىلغا ئېلىپ بۇيرۇلماستىن قاتىللىق قىلىپ سالغانمەن، مەنمۇ بۈگۈن ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەرگە شاپائەت قىلالىغىدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن، سىلەر ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، (چۈنكى ھەربىر پەيغەمبەر ئۆز قەۋمى ئۈچىدە تۇرىدۇ) ئۇلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، مەريەم ئانىغا تاشلىغان، كۈن دېگەن سۆزى ۋە ئاللاھ





تەرەپتىن بولغان روھ، سىلى كىشىلەرگە بۆشۈكتە تۇرۇپلا سۆز قىلغان، دىمەك، سىلى شۇنداق ئۇلۇغ، بىز ئۈچۈن ئاللاھتىن شاپائەت تەلەپ قىلغان بولسىلا، بىزنىڭ ھالىمىزغا بىزگە يەتكەن بۇ قاتتىق غەم ـ قايغۇغا قارىماملا؟ ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھەقىقەتەن رەببىم بۈگۈن شۇنداق غەزەپ قىلدى، بۇرۇنمۇ ئۇنداق غەزەپ قىلمىغان، بۇندىن كېيىنمۇ ھەرگىز بۇنداق غەزەپ قىلمايدۇ، (بۇ غەزەپ زالىملاردىن دىنسىزلاردىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن) مەنمۇ ئۆز ھالىم بىلەن قالدىم، سىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا بېرىڭلار دەيدۇ، ئۇلار مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سىلى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى، ئاللاھ سىلىنىڭ بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان، بىزنىڭ ھالىمىزغا قارىماملا؟ بىزگە يەتكەن مۇشەققەت، دەرت ـ ئەلەم، غەيم ـ قايغۇ، قورقۇنچلارنى كۆرمەملا، بىزگە بىر قاراپ باقسىلا، ئۆتۈنۈپ قالىلى، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارلىرىدىن شاپائەت تەلەپ قىلسىلا. ئاندىن مەن يۈرۈپ ئەرشى تەھتىگە كېلىمەن، رەببىمگە سەجدە قىلىپ يىقىلىمەن، ئاندىن ئاللاھ مەندىن بۇرۇن ھېچبىر كىشىگە بىلدۈرمىگەن ھەمدۇسانالارنى ماڭا ئىلھام قىلىپ، ئېچىپ بېرىدۇ، بىلدۈرىدۇ، (دىمەك، شۇ ھەمدۇسانا، ئىسىم ئەزەملەرنى ئوقۇيدۇ) ئاندىن ماڭا ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: بېشىڭنى كۆتۈرگىن! سورىغىن، بېرىلىدۇ، شاپائەت قىلساڭ، شاپائىتىڭ قوبۇل قىلىنىدۇدىيىلىدۇ، ئاندىن مەن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، ئى رەببىم! ئۈممىتىم، ئۈممىتىم دەيمەن، ئاندىن ماڭا ئۈممىتىڭدىن ھېساب يوق ھالدا، ھېسابسىز جەننەتكە كىرىدىغانلارنى جەننەت ئىشىكلىرىدىن ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرگۈزگىن، ئۇلارۋە سېنىڭ ئۈممىتىڭدىن ھېساب بىلەن كىرىدىغانلار ۋە باشقا كىشىلەر، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىكتىن باشقا ئىشىكلەردە شېرىك بولۇپ، ئورتاق جەننەتكە كىرىدۇ، جېنىم ئىلكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى يان ياغىچىنىڭ ئارىلىقى ياكى ئىشىكلىرىنىڭ ئىككى ئىشىكىنىڭ ئارىلىقى مەككە بىلەن ھەجەردەك ياكى مەككە بىلەن بۇسرادەك شۇنداق كەڭرىدۇر، (بۇسرا، ئىراقنىڭ بىر ۋىلايىتى بولىدۇ) بۇ ھەدىسنى بارلىق ھەدىس كىتابلىرى توپلىغان، بۇخارى 3092 ـ ، 3111 ـ ، 4343 ـ ھەدىس، مۇسلىم 287 ـ ھەدىس، تىرمىزى 2358 ـ ھەدىس، نەسەئى 1128 ـ ھەدىس، ئەھمەد 9250 ـ ھەدىس، بەيھەقىمۇ توپلىغان، سەھىھ. ئالىملار شاپائەتنى مۇتىۋاتىر خەۋەر دېگەن، بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز، ئاللاھ بىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىنى ئاتا قىلسۇن، ئامىن!

تەنتاۋى جەۋھەرلىرىدىن تاللانمىلار دېگەن ئەسەردە شاپائەتكە يۆلەنمەسلىك،

گەرچە ئىمان كەلتۈرسەكمۇ، شەكسىز ئىشەنسەكمۇ يۈلىنىۋالماي بىزمۇ شاپائەت قىلغىدەك بولايلى! دېگەن بار، شاپائەت، ئاللاھ ئىزنى قىلغان، شاپائەتچىلەر قىلىشنى خالىغان شاپائەتكە لايىق بولغان كىشىگە قىلىنىدۇ، ئۇنىڭمۇ شەرتى بار.

**إن عبدا أصاب ذنبا فقال: رب أذنبت فاغفره فقال ربه: أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب و يأخذ به ؟ غفرت لعبدي ثم مكث ما شاء الله ثم أصاب ذنبا فقال: ربي أذنبت آخر فاغفر لي قال: أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب و يأخذ به ؟ غفرت لعبدي ثم أصاب ذنبا فقال: رب أذنبت آخر فاغفر لي قال: أعلم عبدي أن له ربا يغفر الذنب و يأخذ به ؟ قد غفرت لعبدي فليعمل ما شاء (حم ق) عن أبي هريرة**

**597**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن بىر بەندە بىر گۇناھقا يېتىپ قېلىپ، ئى پەرۋەردىگارىم مەن گۇناھ قىلىپ سالدىم، مېنىڭ گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن دېدى، رەببى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى، بەندەم ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلالايدىغان ھەم ئۇنىڭغا ئازابلىيالايدىغان، رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن بەندەم ئۇچۇن مەغپىرەت قىلدىم، كەچۈرۈۋەتتىم دەپ، ئاندىن ئۇ بەندە ئاللاھ خالىغان مۇددەتكىچە تۇرۇپ، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر گۇناھ قىلىپتۇ، گۇناھقا پۇشايمان قىلىپ، يەنە مۇنداق دەپتۇ، ئى رەببىم، مەن يەنە بىر گۇناھ قىلىپ قالدىم، مەن ئۇچۇن مەغپىرەت قىلسىلا، ئاللاھ يەنە بەندەم ھەقىقەتەن گۇناھلارنى كەچۈرەلەيدىغان ھەم ئازاپلىيالايدىغان رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، مەن بەندەم ئۇچۇن مەغپىرەت قىلدىم دەپتۇ، ئاندىن ئۇ بەندە (ئىنسانلىق خۇسۇسىيتى بىلەن) يەنە بىر گۇناھ قىلىپتۇ، ۋە يەنە يۈزى قېلىنلىق قىلىپ، ئى رەببىم ئاللاھ، مەن يەنە گۇناھ قىلىپ سالدىم، مەن ئۇچۇن يەنە مەغپىرەت قىلسىلا دەپتۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا بەندەم ھەقىقەتەن ئۆزىنىڭ مەغپىرەت قىلىدىغان، ھەقىقەتەن ئازابلىيالايدىغان مەندەك بىر رەببىنىڭ بارلىقىنى بىلىپتۇ، يەنە بەندەم ئۇچۇن مەغپىرەت قىلدىم، ئۇ خالىغىنىنى قىلسۇن، (يەنى مېنى تونۇپ، شېرىك كەلتۈرمەستىن، مەغپىرەت سورىسىلا، مەن يەنە كەچۈرىمەن) ئەھمەد،مۇسلىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ. ئى قېرىنداشلار سىلەرمۇ مەندەك خۇشال بولدۇڭلارمۇ؟

**598 (صحيح) لقد سألتني عن عظيم و إنه ليسير على من يسره الله عليه تعبد الله لا تشرك به شيئا و تقيم الصلاة المكتوبة و تؤتي الزكاة المفروضة و تصوم رمضان و**





**تحج البيت ; ألا أدلك على أبواب الخير ؟ الصوم جنة و الصدقة تطفئ الخطيئة كما يطفئ الماء النار و صلاة الرجل في جوف الليل ; ألا أخبرك برأس الأمر و عموده و ذروة سنامه ؟ رأس الأمر الإسلام من أسلم سلم و عموده الصلاة و ذروة سنامه الجهاد ; ألا أخبرك بملاك ذلك كله ؟ كف عليك هذا - و أشار إلى لسانه - قال: يا نبي الله ! و إنا لمؤاخذون بما نتكلم به ؟ قال: ثكلتك أمك يا معاذ ! و هل يكب الناس في النار على وجوههم إلا حصائد ألسنتهم (حم ت ك ه هب) عن معاذ زاد (طب هب): إنك لن تزال سالما ما سكت فإذا تكلمت كتب لك أو عليك**

**598**. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، مەن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە: مېنى دوۋزاخدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان بىر ئەمەلگە كۆرسىتىپ قويسىلا دېسەم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ھەقىقەتەن سەن مەندىن بەك چوڭ، ئۇلۇغ ئىشدىن سورىدىڭ، ھەقىقەتەن سەن دېگەن ئۇ ئىش، ئاللاھ ئاسان قىلغان كىشىگە ئاساندۇر، سەن ئاللاھتائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىل، پەرز نامازنى ئوقۇغىن، پەرزى زاكاتنى بەرگىن، رامىزاندا روزا تۇتقىن، بەيتۇللاھنى ھەج قىلغىن، سىنى ياخشىلىقنىڭ ئىشىكلىرىگە كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ روزا تۇتۇش، گۇناھدىن، دوۋزاخدىن قالقاندۇر، سەدىقە ـ ئېھسان قىلىپ تۇرۇش خۇددى سۇ، ئوتنى ئۆچۈرگەندەك، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ، ئەۋزەل ياخشىلىق بولسا، كىشىنىڭ يېرىم كېچىدىكى نامىزىدۇر. « مۆئمىنلەرنىڭ يېنى، كېچىسى ياتاقتىن يىراق تۇرىدۇ دېگەن ئايەت بار »، مەن ساڭا ئىشنىڭ بېشىنى، تۈۋرۈكىنى، ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمەيمۇ؟ ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، كىم مۇسۇلمان بولسا، سالامەت قالىدۇ، يەنى دۇنيادا ئۆلتۈرۈلمەيدۇ، قىيامەتتە دوۋزاخدىن سالامەت قالىدۇ، ئىشنىڭ تۈۋرۈكى نامازدۇر. ئەڭ يۇقىرى پەللىسى،ئۇستۈنى بولسا، جىھادتۇر، مەن ساڭا يۇقىرقىنىڭ ھەممىسىنى جۇغلاپ، توپلايدىغان، ھەممىسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر ئىشنى دەپ بەرمەيمۇ؟ ئۇ بولسىمۇ، تىلىڭنى يىغ دېدى، مەن ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، بىز سۆزلىگەن نەرسىلەرگىمۇ ئازابلىنامدۇق؟ دېدىم، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئى مۇئاز! سېنى ئاناڭ يوقىتىپ قويسۇن، كىشىلەرنى پەقەت دوۋزاخقا يۈزىچە دۈم سالىدىغان نەرسە، ئۇلارنىڭ تىللىرىنىڭ قالايمىقان سۆزلىرىدۇر، كەلسە ـ كەلمەس ھەممە سۆزنى قىلىشدۇر دېدى. تىرمىزى 2541 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3963 ـ ھەدىس،

ئەھمەد 21008 ـ ھەدىس، ھاكىم، بەيھەقى، تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئىشلار توغرىسىدا سوراش.

2. جەننەتكە پەقەت ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن كىرىدۇ.

3. ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئىبادەت دېگەن، تۆۋىنى يولدىن ئەزىيەتنى تازىلاش، يۇقىرىسى، يەر شارىغا خەلىپە بولۇشتۇر، ھاكىمىيەتتىمۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەك.

4. ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش، ھەج قىلىش.

5. نەپلە روزا، دوۋزاخ ئوتىدىن قالقاندۇر.

6. نەپلە سەدىقە ـ ئېھسان، خاتالىقلارنى ئۆچۈرىدۇ.

7. كېچىلىك ناماز، تەھەججۇد ئەۋزەل ئىبادەت.

8. ئىشنىڭ بېشى ئىسلام، تۈۋرۈكى ناماز، ناماز بولمىسا، ئۇ كىشىدە ئىسلام ئىمان يوقتۇر.

9. ئەڭ ئۇستۇن، ئەڭ ئەۋزەل، ئالىي، يۈكسەك ئىبادەت، شېھىدلىققا يەتكۈزىدىغان جىھادتۇر.

10. كىشى تىلىغا ئىگە بولۇشى، تىلىنى يىغىشى زۆرۈردۇر.

لقد لقيت من قومك و كان أشد ما لقيت منهم يوم العقبة إذ عرضت نفسي على ابن عبد ياليل بن عبد كلال فلم يجبني إلى ما أردت فانطلقت و أنا مهموم على وجهي فلم أستفق إلا و أنا بقرن الثعالب فرفعت رأسي فإذا أنا بسحابة قد أظلتني فنظرت فإذا فيها جبريل فناداني فقال: إن الله قد سمع كلام قومك لك و ما ردوا عليك و قد بعث إليك ملك الجبال لتأمره بما شئت فيهم فناداني ملك الجبال فسلم علي ثم قال يا محمد ! فقال ذلك فما شئت إن شئت أطبق عليهم الأخشبين قلت: بل أرجو أن يخرج الله من أصلابهم من يعبد الله وحده لا يشرك به شيئا (حم ق) عن عائشة

599. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن قەۋمىڭدىن كۆپ ئەزىيەتلەرگە يولۇقتۇم، مەن





ئۇلاردىن يولۇققان ئەزىيەتنىڭ ئەڭ قاتتىقى، ئەقبە كۈنىدىكى بولدى، ئۆز ۋاختىدا مەن ئۆزۈمنى ئابدۇيالىلنىڭ ئوغلىغا تەڭلىدىم، يەنى ئۇلارنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدىم، ئۇ مەن ئىرادە قىلغان نەرسىگە جاۋاب بەرمىدى، چاقىرقىمغا ئاۋاز قوشمىدى، مەن غەمگە پېتىپ يۈزۈمنى يەرگە قىلىپ كېتىۋاتاتتىم، مەن پەقەت، (نەجد ئەھلىنىڭ ئېھرام باغلاش ئورنى بولغان) مەنزىللەرنىڭ يېنىدا كىچىك بىر تاغنىڭ قېشىدا ھۇشۇمغا كەلدىم، بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام، بىر پارچە بۇلۇت ماڭا سايە تاشلاپ تۇرۇپتۇ، قارىسام ئۇ جايدا جىبرىئىل بار ئىكەن، ئۇ ماڭا نىدا قىلىپ: ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا قەۋمىڭنىڭ ساڭا قىلغان سۆزلىرىنى ساڭا قايتۇرغان جاۋابلىرىنى ئاڭلىدى، ھەقىقەتەن ساڭا، تاغقا مۇئەككەل پەرىشتىنى ئەۋەتتى، سەن ئۇلار توغرىسىدا بۇ پەرىشتىنى خالىغان ئىشقا بۇيرىغىن دېدى، تاغ پەرىشتىسى، ماڭا نىدا قىلىپ، ماڭا سالام قىلىپ، ئاندىن ئى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! جىبرىئىل يۇقىرقى سۆزلەرنى دەپ ئۆتتى، نېمىنى خالايسەن؟ ئەگەر خالىساڭ، مەن ئۇلارنىڭ ئۈستىگە مەككىدىكى ئوخشۇپ دېگەن ئىككى تاغنى تاشلاپ باستۇرۇۋېتەي دېدى، مەن ئۇلارغا: ياق ئۇنداق قىلماڭلار، بەلكى مەن، ئاللاھتائالانىڭ ئۇلارنىڭ سۇلبىدىن، پۇشتىدىن يەككە ـ يېگانە بىر ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەي ئىبادەت قىلىدىغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئۈمىد قىلىمەن دېدىم. ئەھمەد، بەيھەقى، بۇخارى 2992 ـ ھەدىس، مۇسلىم 3352 ـ ھەدىس، سەھىھ.

لما خلق الله آدم و نفخ فيه الروح عطس فقال: الحمد لله فحمد الله بإذنه فقال له ربه: يرحمك الله يا آدم ! اذهب إلى أولئك الملائكة إلى ملأ منهم جلوس فقل: السلام عليكم قالوا: و عليك السلام و رحمة الله ثم رجع إلى ربه فقال: إن هذه تحيتك و تحية بنيك بينهم فقال الله له و يداه مقبوضتان: اختر أيهما شئت قال: اخترت يمين ربي و كلتا يدي ربي يمين مباركة ثم بسطها فإذا فيها آدم و ذريته فقال أي رب ! ما هؤلاء ؟ قال: هؤلاء ذريتك فإذا كل إنسان مكتوب عمره بين عينيه فإذا فيهم رجل أضوؤهم أو من أضوئهم قال: يا رب من هذا ؟ قال: هذا ابنك داود و قد كتبت له عمر أربعين سنة قال يا رب زد في عمره قال: ذاك الذي كتبت له قال: أي رب فإني قد جعلت له من عمري ستين سنة قال: أنت و ذاك ثم أسكن الجنة ما شاء الله ثم أهبط منها فكان آدم يعد لنفسه فأتاه ملك الموت فقال له آدم: قد تعجلت قد كتب لي ألف سنة قال بلى و لكنك جعلت

**لابنك داود ستين سنة فجحد فجحدت ذريته و نسي فنسيت ذريته فمن يومئذ أمر بالكتاب و الشهود (ت ك) عن أبي هريرة**

**600.** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا ئادەمنى يارىتىپ، ئۇنىڭغا روھنى پۈۋدېگەندە، ئادەم چۈشكۈرۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىپ، ئەلھەمدۇلىللاھ دېدى، ئاندىن ئۇنىڭغا رەببى يەرھەمۇكەاللە، ئى ئادەم دېدى ۋە سەن ئاۋۇ ئولتۇرغان پەرىشتىلەر جامائىتىگە بارغىن، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېگىن دېدى، ئادەم شۇنداق قىلدى، پەرىشتىلەر، ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ۋەرەھمەتۇللاھ دېدى، ئاندىن ئادەم رەببىگە قايتىپ كەلدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن بۇ سېنىڭ ۋە سېنىڭ باللىرىڭنىڭ ئارىسىدىكى سالامدۇر دەپ ئاندىن ئاللاھتائالا ئوخشىشى يوق ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان ئىككى قولىدا ئادەمنىڭ باللىرىنى چاڭگاللاپ تۇرۇپ، سەن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللىغىن دېدى، ئادەم، مەن رەببىمنىڭ ئوڭ قولىدىكىنى تاللىدىم، ئەمەلىيەتتە رەببىمنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، مۇبارەكتۇر، (چۈنكى، ئوخشىشى يوق، خالىق تۇرسا) ھەم مۇبارەكتۇر دېدى، ئاندىن ئاللاھ قولىنى ئېچىپ، كەڭ يايدى، ناگاھان، ئاللاھنىڭ قولىدا ئادەم ۋە ئۇنىڭ باللىرى تۇرىدۇ، ئادەم، ئى رەببىم، ئۇلار نېمە دېدى. ئاللاھتائالا ئۇلار سېنىڭ باللىرىڭ دېدى، ناگاھان ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمرى ئۇنىڭ پىشانىسىغا پۈتۈلگەن ئىكەن، يەنى تەقدىر قىلىنىپ بولۇپتۇ، ناگاھان ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نۇرى ئەڭ كۈچلۈك ھەم گۈزەل بىر كىشى تۇرىدۇ، ئادەم، ئى رەببىم، بۇ كىم؟ دېدى، ئاللاھ: بۇ سېنىڭ بالاڭ داۋۇد دېدى، ئۇنىڭ ئۆمرى 40 يىل پۈتۈلگەن ئىكەن، ئادەم، ئى رەببىم، ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۇزۇن قىلساڭ دېدى، ئاللاھ بۇ دېگەن پۈتۈلۈپ بولغان ئىشتۇر دېدى، ئادەم، ئى رەببىم، ھەقىقەتەن مەن مېنىڭ ئۆمرىمدىن 60 يىلنى بەردىم دېدى، ئاللاھتائالا ئۇنداق بولسا مەيلى، ساڭا شۇنداق بولسۇن دېدى، ئادەم جەننەتتە تۇرغۇزۇلدى، ئاندىن ئاللاھ خالىغان مۇددەت تۇرغاندىن كېيىن ئادەم زېمىنغا چۈشۈرۈلدى، ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ئۆزى ئىشلەپ تەييارلىق قىلاتتى، چۈنكى، جەننەتتىن چۈشۈرۈلدى، ئاندىن ئۇنىڭغا ئۆلۈم پەرىشتىسى كېلىپ، جاننى بەر دېسە، ئادەم ھەقىقەتەن ئالدىراپ قاپسەن، ماڭا 1000 يىل ئۆمۈر پۈتۈلگەن دېدى، پەرىشتە، شۇنداق، ساڭا 1000 يىل ئۆمۈر پۈتۈلگە، لېكىن، سەن بالاڭ داۋۇدقا 60 يىلنى بېرىۋەتكەن، ئەمدى ئەجىلىڭ توشتى دېسە، ئادەم تېنىۋالدى، باللىرىمۇ تېنىۋالدى، ئادەم ئۇنۇتتى، باللىرىمۇ ئۇنۇتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇ كۈندىن باشلاپ، يېزىپ قويۇشقا گۇۋاھچى





كەلتۈرۈشكە بۇيرۇلغان. تىرمىزى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. ئاللاھتائالا ئادەمنى تۇپراقتىن ياراتتى، يەنە كېيىن مۇشۇ تۇپراققا تاشلىدى.

2. روھ دېگەن مەخلۇقنى پۈۋدىدى.

3. چۈشكۈرۈككە ھەمدۇ ئېيتسا، جاۋاب بېرىش.

4. سالام، قەدىمى ئىبادەتتۇر.

5. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە ئوخشىشى يوق، ئىككى قولى باردۇر، ئاللاھ ۋە رەسۇلى بار دېدى، بىزمۇ بار دېدۇق، ئوخشىشى يوق، مەنىسى مەلۇم كەيپىياتى نامەلۇم، ئىمان كەلتۈرۈپ ئېتىقاد قىلىش ۋاجىپ، سۇئال سوراش بىدئەتتۇر.

6. ئادەم باللىرى ئىككى پىرقىگە بۆلۈندى، بۇنى ئاللاھ ئالدىدىن بىلىپ تۇرۇپ ياراتتى.

7. ئاللاھنىڭ ھەر ئىككى قولى ئوڭدۇر، مۇبارەكتۇر.

8. ئۆز ۋاختىدىكى باللار روھلاردۇر، ياكى ئالىملار ئۇنى ھۆجەيرىدۇر دېدى.

9. ھەممە نەرسە، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوق قولدا زەرەرگىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

10. ھەربىر ئىنساننىڭ ئۆمرى ئالدىدىن پۈتۈلۈپ بولغان، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالسىمۇ، بۇمۇ پۈتۈلۈپ بولدى. چۈنكى، ھەممىنى ئاللاھتائالا ئالدىدىن بىلىدۇ، قاتىل، بىنا قۇرۇلۇشىنى چۇۋۇيدۇ، ئەمەلىيەتتە جاننى ئاللاھنىڭ پەرىشتىللىرى ئالىدۇ.

11. داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەزىلىتى بار.

12. ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىپ، پۈتۈپ بولغان ئۆمۈردىن 60 يىلنى، ئادەمدىن داۋۇدقا ئېلىپ بەردى، ئادەمنىڭ جېنىنى شۇ مۇددەت توشقاندا ئالدى، ئۆمرى 940 يىل بولدى.

13. ئادەم جەننەتتە ياشاپ تۇرۇپ باققان.

14. ئاندىن ئاسىيلىقى سەۋەبىدىن ئايالى ھاۋا بىلەن بىرگە زېمىنغا تاشلانغان، مۇشۇ بىز ياشاۋاتقان يەر شارىغا تاشلانغان.

15. ئاخىرىدا ئەجەل توشۇپ، ئۆز جايىغا كەتتى، لېكىن، تېنىۋېلىش، ئۇنتۇپ قېلىش، خاتالىشىش دېگەن كىشىلىكنى ئېرسىيەت قالدۇرۇپ كەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىپ قويۇش، گۇۋاھچى كەلتۈرۈش بېكىتىلدى، خاتالىق ئەپۇ قىلىندى، توغرىسىنى ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

601 (صحيح) لما خلق الله الجنة قال لجبريل: اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها ثم جاء فقال: أي رب ! و عزتك لا يسمع بها أحد إلا دخلها ثم حفها بالمكاره ثم قال: يا جبريل ! اذهب فانظر إليها فذهب ثم نظر إليها ثم جاء فقال: أي رب ! و عزتك لقد خشيت أن لا يدخلها أحد فلما خلق الله النار قال: يا جبريل ! اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها ثم جاء فقال: و عزتك لا يسمع بها أحد فيدخلها فحفها بالشهوات ثم قال: يا جبريل اذهب فانظر إليها فذهب فنظر إليها فقال: أي رب و عزتك لقد خشيت أن لا يبقى أحد إلا دخلها (حم 3 ك) عن أبي هريرة

601. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، مۇنداق دېگەن: ئاللاھتائالا جەننەتنى ياراتقاندا جىبرىئىلغا سەن بېرىپ جەننەتكە قاراپ باققىن دېدى، ئۇ بېرىپ قارىغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتنى بىرەر كىشى ئاڭلاپلا قالسا، چوقۇم كىرىپ كېتىدۇ دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا جەننەتنى مۇشەققەتلىك سىناقلار بىلەن قورشاپ،پەردىلەپ ئى جىبرىئىل، ئەمدى بېرىپ قاراپ باققىن! دېدى، ئۇ بېرىپ قارىغاندىن كېيىن كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، جەننەتكە بىرەر كىشىنىڭ كىرەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېدى، (توغرا، جەننەتكە ئاللاھنىڭ رەھمەت پەزلى بىلەن كىرگىلى بولىدۇ، ئەمەلمۇ رەھمەتتۇر)، ئاللاھتائالا دوۋزاخنى ياراتقاندا جىبرىئىلغا ئى جىبرىئىل، بېرىپ دوۋزاخنى كۆرۈپ كەل دېدى، ئۇ بېرىپ، كۆرۈپ كېلىپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، دوۋزاخنى بىرەرسى ئاڭلىسا ھەرگىز كىرمىگۈدەك دېدى، ئاندىن ئاللاھتائالا دوۋزاخنى شەھۋەتلەر بىلەن قورشاپ، پەردىلەپ، ئەمدى بېرىپ كۆرۈپ كەل دېدى، جىبرىئىل بېرىپ قاراپ، ئى رەببىم، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ھېچ





بىر كىشى قالماي دوۋزاخقا كىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالدىم دېگەن. ئەھمەد، ھاكىم، نەسەئى، داۋۇد، تىرمىزى توپلىغاى، سەھىھ. توغرا 100دىن 99ى دوۋزاخقا كىرىدۇ، كۆپىنچىسى ئاياللاردۇر. چۈنكى، ئاياللار بەك كۆپتۇر، بۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرى غۇرۇر، ئالدامچى، لەنەتكە ئۇچرىغان، ئاياللارمۇ شۇ، سەن جەننەتكە كىرەي دېسەڭ، شەيتاننىڭ سەركەردىسى ئاياللار بىلەن دۇنيادىن ھەزەر قىلغىن، بۇنى مەن ئەمەس، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەن، ئاياللار بىلەن دۇنيادىن ھەزەر قىلىڭلار، پىتنە ئاياللاردا يۈز بەردى دېگەن، دۇنيادىمۇ شۇنداق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر قىيامەت يېقىنلاشقانسىرى، ھاكىمىيەتلەر شەيتانلىشىپ، شەيتانغا يان تاياق بولۇپ، ھەققە، دىنغا قارشى ھەرىكەتلەر يامراپ كەتتى، ئى ئاللاھ! بىزگە ئۆزۈڭ ياردەم بەرگىن، ئامىن!

602 (صحيح) من كان آخر كلامه لا إله إلا الله دخل الجنة (حم د ك) عن معاذ

602. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھتىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق دېيىش بولسا، ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ. ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

بىز، بۇ ھەدىس بىلەن چىن قەلبىدىن ئىخلاس قىلىپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ دېسە، جەننەتكە كىرىدۇ دېگەن ھەدىسنى شەرھىيلەيمىز، ئۇ بولسىمۇ.

1. ئەڭ ئاخىرقى سۆزى، ئۆلۈش ئالدىدىكى شاھادەت كەلىمىسى بولۇپ، لا ئىلاھە ئىللەللاھ بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.

2. بۇ ھەدىس ھېچبىر پەرىز قىلىنىشىدىن بۇرۇن مەككىدىكى چاغدا دېيىلگەن.

3. بۇ بىر دىندىن دىنغا، ئەقىدىدىن ئەقىدىگە، قانۇن – تۈزۈم، پىرىنسىپدىن يەنە بىر قانۇنغا چىن قەلبىدىن تەستىقلاپ ئۆتۈپ كېتىشتۇر.

4. بۇ شاھادەت كەلىمىسى، سەيىيد قۇتۇپ دېگەندەك ئىككى لەۋ بىلەن سۇرۇپ قويىدىغان قۇرۇق سۆزلا ئەمەس، بەلكى، بۇ بىر شۇئار، بۇ بىر بايراق، ھاياتلىق يول بەلگىسى، ھاياتلىق پروگراممىسى، بۇ بىر ئەمەلدۇر.

5. بۇ ئىسلام دىنىغا كىرىش مۇراسىمىدۇر، شۇنداق دېمەي ئىسلام دىنىغا كىرگىلى بولمايدۇ، ھەم جەننەتكىمۇ كىرگىلى بولمايدۇ.

6. شۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئەمەل قىلغىچە ئارىلىقتا ئۆلۈپ كەتسە،

شېھىد بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ، بۇ خىل ھادىسە كۆپ يۈز بەرگەن. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

### 603 (صحيح) المؤمن للمؤمن كالبنيان يشد بعضه بعضا (ق ت ن) عن أبي موسى

603. ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىن ئۈچۈن خۇددى بەزىسى – بەزىسىنى چىڭىتىپ، كۈچلەندۈرۈپ تۇرىدىغان، بىناغا ئوخشايدۇ. (ئەنە شۇنداق زىچ ھەمكارلىششى ئۆزئارا ياردەملىششى لازىم، يار – يۆلەكتە بولۇشى لازىم). بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

### 604 (صحيح) المؤمن مرآة المؤمن (طس الضياء) عن أنس

604. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىننىڭ ئەينىكىدۇر. تەبرانى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. ئۇ دائىم خاتالىقنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ، خاتالىقى بار كىشى ئەينەكنى جىجىماي ئۆزىنى تۈزىتىشى لازىم، ئەينەكتە نىمە گۇناھ؟!

### المؤمن مرآة المؤمن و المؤمن أخو المؤمن يكف عليه ضيعته و يحوطه من ورائه (خد د) عن أبي هرير

605. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن، مۆئمىننىڭ ئەينىكىدۇر، مۆئمىن، مۆئمىننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۆئمىن يەنە بىر مۆئمىننىڭ، زىرائەت، تىجارەت، سانائەت جەھەتتىكى تۇرمۇشىنىڭ زىيىنىدىن ھالاكىتىدىن زايا كېتىشىدىن توسىدۇ، قادىر بولۇشچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى قوغدايدۇ،زىياندىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەبۇ داۋۇد 4272 – ھەدىس، تىرمىزى 1852 – ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، ھەسەن

### 606 (حسن) المؤمن يألف و يؤلف و لا خير فيمن لا يألف و لا يؤلف و خير الناس أنفعهم للناس (قط في الأفراد الضياء) عن جابر

606. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىن دېگەن، ئۈنسى ـ ئۈلپەت، پايدا – مەنپەئەت بېرىپ، ئەپلىشىپ، كېلىشىپ ياشايدۇ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق قىلىنىدۇ. ئۈنسى ـ ئۈلپەت





بەرمەيدىغان ھەم بېرىلمەيدىغان، ئىتتىپاق ھالەتتە كېلىشىپ ياشىمايدىغان ھەم شۇنداق ياشىغىلى، ھەمكارلاشقىلى، ياردەملەشكىلى بولمايدىغان كىشىدە ياخشىلىق يوق، كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى كىشىلەرگە پايدا – مەنپەئەتنى كۆپ بەرگىنىدۇر. دارىقۇتنى، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، ھەسەن.

### المؤمنون كرجل واحد إن اشتكى رأسه اشتكى كله و إن اشتكى عينه اشتكى كلـه (حم م) عن النعمان

607. نۇئمان ئىبنى بۇشەيىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۆئمىنلەر بىرلا كىشىگە ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنىڭ بېشى ئاغرىسا ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىيدۇ، ئەگەر كۆزى ئاغرىسا، يەنە ھەممە يېرى تەڭ ئاغرىپ دەرت – ئەلەم تارتىدۇ، قىزىپ ئۇيقۇسىز قالىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

مۆئمىنلەر ئەنە شۇنداق ئىتتىپاق بولۇشى، يار – يۆلەكتە بولۇشى، خاپىلىقتا دەرت – ئەلەمگە تەڭ ئەلەم تارتىشى، بىر – بىرىنىڭ غېمىنى يېيىشى، زۇلۇمدىن قۇتقۇزۇشى، پۈتۈن دۇنيا بويىنچە ھەمكارلىشىپ، بىرلىشىپ، ياردەملىشىش بەكمۇ زۆرۈر، بولۇپمۇ ھازىر قاتتىق زۆرۈردۇر

### 608 (صحيح) المتباريان لا يجابان و لا يؤكل طعامهما (هب) عن أبي هريرة

608. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر – بىرى بىلەن مۇسابىقىلەشكۈچى، كۈچ، سىناشقۇچى، مەنمەنلىك تالىشىپ، ئۆزىنى كۆرسەتكۈچى رىياخور ئىككى كىشىنىڭ زىياپىتىگە چاقىرىلسا بېرىلمايدۇ. بېرىشقا بولمايدۇ، تاماقلىرى يېيىلمەيدۇ. (چۈنكى ئۇ باھالىنىشقا، پەخىرگە، رىياخورلۇققا ياردەملەشكەنلىك، ساۋاب يوق، بەلكى گۇناھدۇر). بەيھەقى توپلىغان سەھىھ.

### المتمسك بسنتي عند اختلاف أمتي كالقابض على الجمر (الحكيم) عن ابن مسعود

609. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئۈممىتىم ئىختىلاپلاشقاندا، مېنىڭ سۈننىتىمگە مەھكەم ئېسىلغۇچى كىشى، خۇددى چوغنى چاڭگاللاپ تۇرغۇچىغا ئوخشايدۇ. (تاشلىۋەتسە، چوغدىن قۇرۇق قالىدۇ، چىڭ تۇتۇپ تۇرسا، قولى كۆيىدۇ، ئىماننى ساقلىماق سۈننەتكە مەھكەم ئېسىلماق ئەنە شۇنداق قىيىندۇر، سەبرى قىلغانلار

ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغانلار ئاداققىچە مۇستەھكەم تورغانلار چوقۇم نىجاد تاپىدۇ). ھەكىيىم توپلىغان، سەھىھ.

## 610 (حسن) الالس بالأمانة (خط) عن علي

610. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەجلىسلەر ئامانەت بىلەن ئېچىلىدۇ، مەجلىسدىكى سۆزلەر ئامانەتتۇر، (ئۇنى ئاشكارىلىغۇچى، خىيانەتچى خائىندۇر). خەتىيبۇلبەغداد توپلىغان، ھەسەن.

## 611 (صحيح) المراء في القرآن كفر (د ك) عن أبي هريرة

611. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قۇرئاندا جىدەل ـ ماجرا، ئىختىلاپ قىلىش يەنى قۇرئان توغرىسىدا جىدەل ـ ماجرا، ئىختىلاپ، دە ـ تالاش قىلىش، كۇپىرلىقتۇر.(يەنى دىندىن ئىسلام مىللىتىدىن چىقىرىۋېتىدىغان ياكى يەڭگىل بولغاندا، نىئمەتكە، كۇپىرلىقتۇر.) ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ

## 612 (صحيح) المرء مع من أحب (حم ق 3) عن أنس (ق) عن ابن مسعود

612. ئەنەس، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشى بىلەن بىللە بولىدۇ. (يەنى جەننەتتە)، (شۇڭا ئاللاھ ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرۈش ۋاجىپ). ئەھمەد، بەيھەقى، ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.

## 613 (صحيح) المرأة لآخر أزواجها (طب) عن أبي الدرداء (خط) عن عائشة

613. ئەبۇ دەردائى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئاخىرەتتە يەنى جەننەتتە، بۇ دۇنيادا تەگكەن بىر نەچچە ئەرلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسىغا بېرىلىدۇ. تەبرانى، خەتىيبۇلغەغداد توپلىغان، سەھىھ. يەنە بىر ھەدىستە ئەخلاقى ياخشىسىنى تاللايدۇ، چۈنكى، خالىغىنى باردۇر، دېيىلگەن ئىبنى كەسىير.

## 614 (صحيح) المستبان شيطانان يتهاتران و يتكاذبان (حم خد) عن عياض بن حمار





614. ئىياز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىر ـ بىرىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشى، بىر ـ بىرىنى باتىل، پاھىشە سۆز بىلەن تىللاپ، ئەيىبلىگۈچى، بىرسى ـ بىرسىنى يالغانچى قىلىپ، ئىنكار قىلغۇچى، يالغان سۆزلىگۈچى ئىككى شەيتاندۇر. بۇ ھەدىس ئەھمەتتە بەش ئورۇندا كېلىدۇ. 16836 ـ ھەدىس، 17615 ـ ھەدىس، بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

## المستبان ما قالا فعلى البادئ منهما حتى يعتدي المظلوم (حم م د ت) عن أبي هريرة

615. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىرسى ـ بىرسىنى تىللاپ، ئەيىبلەشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ گۇناھى، زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ھەددىدىن ئاشمىسىلا، تاجاۋۇز قىلمىسىلا، تۇنجى قېتىم باشتا باشلىغۇچى كىشىگە بولىدۇ. زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچى، ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتسە، ھەر ئىككىلىسىگە بولىدۇ. ئەھمەد، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 616 (صحيح) المستشار مؤتمن (4) عن أبي هريرة (ت) عن أم سلمة (ه) عن ابـن مسعود

616. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئۇممە سەلەمەت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇشاۋۇرلۇق، مەسلىھەت سېلىش، ئامانەت قىلىندى، ئىشىغلارنى مەسلىھەت بىلەن قىلىڭلار ياكى مەسلىھەت سېلىنغان ئىش ئامانەتتۇر، خىيانەت قىلماڭلار ياكى ئەڭ توغرىسى: مەسلىھەت سېلىنغان ئىش، ئەمىن، تېنىچ، ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. تىرمىزى 2748 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد 4463 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 3735 ـ ھەدىس، ئەھمەد 21326 ـ ھەدىس، دارمى 2341 ـ ھەدىس، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## المسلم أخو المسلم و لا يحل لمسلم باع من أخيه بيعا فيه عيب إلا بينه له (حـم ه ك) عن عقبة بن عامر

617. ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، مۇسۇلماننىڭ ئۆز قېرىندىشىغا ئەيىب ـ نۇقسانى بار نەرسىنى سېتىش، ئەيىب ـ نۇقسانلىرى بار سودىنى قىلىشى ھالال ئەمەس، ھارامدۇر، لېكىن، ئۇ كىشىگە

ئەيىبنى بايان قىلىپ دەپ ساتسا، بۇ دۇرۇس بولىدۇ. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى بايان قىلىپ دەپ بېرىپ سېتىشلار

## المسلم أخو المسلم لا يخونه و لا يكذبه و لا يخذله كل المسلم على المسلم حرام عرضه و ماله و دمه التقوى هاهنا - و أشار إلى القلب - بحسب امرئ من الشر أن يحقر أخاه المسلم (ت) عن أبي هريرة

**618**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان، مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، ئۇ ئۇنىڭغا خىيانەت قىلمايدۇ، يالغان سۆزلىمەيدۇ، خارلاپ ھاقارەتلىمەيدۇ، ھەر قانداق مۇسۇلماننىڭ مال ـ مۈلكى، قېنى، جېنى، يۈز ـ ئابرۇيىنى تۆكۈش يەنە بىر مۇسۇلمانغا ھارامدۇر، تەقۋالىق مانا مۇشۇ يەردە دەپ قەلبىگە ئىشارەت قىلغاندۇر، كىشىنىڭ مۇسۇلمان قېرىندىشىنى ھاقارەتلىشى يامانلىقتا، ئۇ كىشىنىڭ يامان كىشى ئىكەنلىكىگە يېتەرلىك، كۇپايىدۇر. تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

## 619 (صحيح) المسلم أخو المسلم لا يظلمه و لا يسلمه و من كان في حاجة أخيه كان الله في حاجته و من فرج عن مسلم كربة فرج الله عنه با كربة من كرب يوم القيامة و من ستر مسلما ستره الله يوم القيامة (حم ق 3) عن ابن عمر

**619**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشى، مۇسۇلمان مۇسۇلمانغا قىلچە زۇلۇم قىلمايدۇ. ئۇنى دۈشمەنگە تاپشۇرۇپ بەرمەيدۇ، خارلىمايدۇ، كىم قېرىندىشىنىڭ ھاجىتىدە بولسا، مۇھتاج چاغدا ياردەم بەرسە، ئاللاھمۇ ئۇ مۇھتاج چاغدا ياردەم بېرىدۇ. كىم مۇسۇلماندىن بۇ دۇنيانىڭ مۇشەققەت، قىيىنچىلىقلىرىدىن بىرنى ئاسان قىلىپ، ئۇنىڭ غەملىرىنى يوق قىلسا، قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۇنىڭدىن قىيامەتنىڭ قىيىنچىلىق، مۇشەققەتلىرىدىن بىرنى ئاسان قىلىپ، غېمىنى يوق قىلىدۇ، كىم مۇسۇلماننىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ياپسا، ئاللاھمۇ قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى ياپىدۇ. ئەھمەد، بەيھەقى، مۇسلىم **4677** ـ ھەدىس، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ كىتاب توپلىغان، سەھىھ.





## 620 (صحيح) المقام المحمود الشفاعة (حل هب) عن أبي هريرة

**620**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەقامە مەھمۇدا دېگەن شاپائەت شۇدۇر. (يەنى قۇرئاندا سۈرە ئىسرادا تىلغا ئېلىنغان مەدھىيىلىنىدىغان ئالى مەرتىۋىلىك ئورۇن، چوڭ شاپائەت قىلىش شۇدۇر دېگەن) ئەبۇ نۇئەيم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## 621 (حسن) المكر و الخديعة و الخيانة في النار (د في مراسيله) عن الحسن مرسلا

**621**. ھەسەن رەھمەھۇللادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھىيلە ـ مىكىر، ئالدامچىلىق، خىيانەت، دوۋزاختا يەنى ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىپ، ئالدامچىلىق قىلغۇچى، خىيانەتچى خائىنلار دوۋزاخقا كىرىدۇ. ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ھەسەن.

## 622 (حسن) المهدي مني أجلى الجبهة أقنى الأنف يملأ الأرض قسطا و عدلا كما ملئت جورا و ظلما يملك سبع سنين (د ك) عن أبي سعيد

**622**. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەھدى مەندىن يەنى مېنىڭ ئەۋلادىمدىن پاتىمەنىڭ باللىرىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ چېچى يوق، رۇشەندۇر، بۇرنى ئىنچىكە، ئۇزۇندۇر، زېمىنغا خۇددى جەۋرى ـ جاپا، زۇلۇم لىق تولغاندەك ئۇ ئادىللىقنى، تېنچلىقنى بەرىكەتنى لىق تولدۇرىدۇ. ئۇ يەتتە يىل پادىشاھ بولىدۇ. ئەبۇ داۋۇد **3736** ـ ھەدىس، تىرمىزى **2158** ـ ھەدىس، ھاكىممۇ توپلىغان، ھەسەن. ئىمام مەھدى ئاخىر زاماندا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پۈشتىدىن پاتىمە دېگەن قىزىنىڭ باللىرىدىن تەبىيلا چىقىدۇ، مەيدانغا كېلىدۇ. ئىسمى، فامىلىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوخشايدۇ، بىز شۇنداق ئېتىقاد قىلىمىز. سىرلىقلاشتۇرمايمىز، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەننى دەيمىز، سۈكۈتتە سۈكۈت قىلىمىز.

## نجا أول هذه الأمة باليقين و الزهد و يهلك آخرها بالبخل و الأمل (ابن أبي الدنيا) عن ابن عمرو

**623**. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۈممەتنىڭ ئەۋۋىلى، شەكسىز ئىشەنچ، ئىمان بىلەن

ۋە زاھىدلىق بىلەن نىجاد تاپتى، ئاخىرى بولسا، بېخىللىق بىلەن ۋە ئارزۇ ـ ئۈمۈدتنى كۆپ ۋە ئۇزۇن قىلىش بىلەن ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ئەبۇددۇنيا توپلىغان، ھەسەن. نىجاد تاپاي دېسەڭ، شەكسىز ئىشەنچ بىلەن زاھىدلىقنى لازىم تۇت.

### 624 (حسن) نزع رجل لم يعمل خيرا قط غصن شوك عن الطريق إما كان في شجرة مقطعة فألقاه و إما كان موضوعا فأماطه فشكر الله له با فأدخله الجنة(د حب) عـن أبي هريرة

**624**. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان بىر كىشى يولدىن شوخۇلۇق، تىكەنلىك بىر شاخنى تارتىپ ئېلىۋەتتى، ياكى ئۇ سۇنۇپ كەتكەن دەرەخ شېخىنىڭ پارچىسى ئىدى، ئۇنى ئېلىپ تاشلىۋەتتى، ۋە ياكى ئۇ ياغاچ يولغا قويۇقلۇق ئىدى ئۇنى يولدىن يىراققا تارتىپ ئىتتىرىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ ئۇ كىشىگە رازى بولۇپ، ياخشىلىقنى قوبۇل قىلىپ، ئۇ كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزدى. (چۈنكى، خالىس بىر ياخشىلىق قوبۇل بولۇپ قالسا، شۇ سەۋەبلىك كىشى جەننەتكە كىرىدۇ). ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ھەببان توپلىغان، ھەسەن.

### 625 (صحيح) نصبر و لا نعاقب (عم) عن أبي

**625**. ئۇبەي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بىز زۇلۇمغا ئۇچرىساق، سەۋرى قىلىمىز، قىساس ئېلىپ جازالىمايمىز. (لېكىن، دىنىمىزلارنى بوش قويىۋەتمەيمىز). ئابدۇللاھ ئىبى ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

### 626 (صحيح) نضر الله عبدا سمع مقالتي فوعاها و حفظها ثم أداها إلى من لم يسمعها فرب حامل فقه غير فقيه و رب حامل فقه إلى من هو أفقه منه ثلاث لا يغل عليهن قلـب امرئ مسلم: إخلاص العمل لله و النصح لأئمة المسلمين و لزوم جماعتهم فـإن دعوتـم تحوط من وراءهم (حم ه ك) عن جبير بن مطعم (د ه) عن زيد بن ثابت (ت ه) عن ابـن مسعود

**626**. جۇبەير، زەيد ئىبنى سابىت، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ، ئۇنى قەلبىدە يادا ئېلىپ، مۇھاپىزەت قىلىپ ساقلاپ ئاندىن ئۇنى ئاڭلىمىغان





كىشىگە يەتكۈزۈپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلغان كىشىنىڭ ئاللاھتائالا مەرتىۋىسىنى يۇقىرى قىلىدۇ، نىئمەت ئاتا قىلىدۇ، يۈزىنى نۇرلۇق، گۈزەل قىلىدۇ، كۆپىنچە فىقھىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەنلەر، ئۆزى ئالىم ئەمەس، كۆپىنچە كىشىلەر فىقھىنى ئۆزدىن ئالىمراق كىشىلەرگە ئاڭلاپ يەتكۈزىدۇ. ئۈچ نەرسىگە مۇسۇلمان كىشىنىڭ قەلبى خىيانەت قىلمايدۇ، ھىقدە ـ ھەسەد قىلمايدۇ، بىرى، ئەمەلنى ئاللاھقىلا ئىخلاس قىلىشتۇر، خالىس ئاللاھ ئۈچۈن قىلىشتۇر. ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماملىرىغا ۋالىيلىرىغا نەسىھەت قىلىشتۇر. ئۈچىنچىسى، مۇسۇلمانلار جامائىتىنى لازىم تۇتۇشتۇر، چۈنكى، مۇسۇلمانلارنىڭ دەئۋىتى، چاقىرقى ئۇلارنى ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن مۇھاپىزەت قىلىپ، قوغداپ، قورشاپ تۇرىدۇ، (ئېزىشىدىن، ئايرىلىپ كېتىشىدىن، توپىدىن ئايرىلىپ شەيتاندەك بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىشىدىن ساقلاپ قالىدۇ). تىرمىزى 2582 ـ ھەدىس، ئىبنى ماجە 226 ھەدىس، ئەھمەد 12871 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. يۇقىرقى ھەدىسلەردىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزۈمنى، ھەدىسنى فىقھىنى دېگەن سۆزلىرىدىن، «ھەدىس»، «فىقھى»، «مۇھەددىس»، «فىقھشۇناس ئالىم» دېگەن ئاتالغۇلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ شارائىتمۇ ھەدىسنىڭ سەھىيلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

### 627 (صحيح) نعم الرجل عبد الله لو كان يصلي من الليل (حم ق) عن حفصة

**627**. ھەپسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەگەر ئۇ كېچىسى ناماز ئوقۇغان بولسا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر نېمىدېگەن ياخشى كىشى ھە! ئەھمەد، بەيھەقىيلار توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىسنىڭ مۇنداق ئىشارەت مەنىسى بار، ئەگەر ئۇ، كېچىسى ناماز ئوقۇسا، ئاللاھنىڭ بەندىسى نېمىدېگەن ياخشى كىشى ھە! ئەلۋەتتە، كېچىسى ناماز ئوقۇغان كىشى ياخشى، بۇنىڭغا نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسلەر بار، گەرچە بۇ ھەدىس ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توغرىسىدا دېيىلگەن بولسىمۇ، سەۋەب خاس، لەۋزى ئامدۇر، ھەممە كىشىگە دېيىلگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالىملار، مۇھەددىسلەر بۇ ھەدىسنى كېچىسى ناماز ئوقۇش بابىدا كەلتۈرگەن.

### 628 (صحيح) نعمتان مغبون فيهما كثير من الناس: الصحة و الفراغ (خ ت ه) عن ابن عباس

**628**. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەرنىڭ كۆپىنچىسى ئەجىردىن مەھرۇم قېلىپ، زور

زىيان تارتتۇاتقان ئىككى نىئمەت باردۇر، بىرى ساقلىق، يەنە بىرى بولسا بوش ۋاقىتتۇر. بۇخارى 5933 ــ ھەدىس، تىرمىزى 2226 ــ ھەدىس، ئىبنى ماجە، ئەھمەد 3038 ــ ھەدىس، دارمى 2591 ــ ھەدىس، سەھىھ.

(كىشىلەر ساقلىقنىڭ بوش ۋاقىتنىڭ قەدىر ــ قىممىتىنى قىلالماي، ئەيىب ــ نۇقسانلىق، كەمچىلىك سادىر قىلىپ نۇرغۇن ياخشىلىق، ئەجرنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، زور زىيان تارتىدۇ.)

### (صحيح) نيت أن أمشي عريانا (طب) عن ابن عباس

629. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن كىيىمسىز يالىڭاچ مېڭىشىمدىن چەكلەندىم. تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### 630 (صحيح) نيت عن المصلين (طب) عن أنس

630. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مەن نامازئوقۇغۇچىلارنى ئۆلتۈرۈشتىن ھەتتا ئۇرۇشتىنمۇ چەكلەندىم، (ناماز ئوقۇغۇچى كىشىنى ئۇرۇش ھارام). تەبرانى توپلىغان، سەھىھ.

### 631 (حسن) الناس ولد آدم و آدم من تراب (ابن سعد) عن أبي هريرة

631. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئادەم بالىسىدۇر، ئادەم بولسا، تۇپراقتىن يارىتىلغان، (سىلەر نېمىگە كۆرەڭلەپ تەكەببۇرلۇق قىلىسىلەر؟). ئىبنى سەئد توپلىغان، ھەسەن.

### 632 (صحيح) الندم توبة (حم تخ ه ك) عن ابن مسعود (ك هب) عن أنس

632. ئىبنى مەسئۇد، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: گۇناھ ــ مەئسىيەتكە قاتتىق پۇشايمان قىلىشنىڭ ئۆزى تەۋبىدۇر. ئەھمەد، ئىبنى ماجە، ھاكىم، بەيھەقى، بۇخارى تارىخدا توپلىغان، سەھىھ.(تەۋبىنىڭ شەرتى، پۇشايمان قىلىش، گۇناھدىن دەرھال قول تارتىش، قايتا قىلماسلىق، كىشىلەر ھەققىنى بېرىش.)



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى

**633 (صحيح) هل تضارون في رؤية الشمس بالظهيرة صحوا ليس معها سحاب ؟ و هل تضارون في رؤية القمر ليلة البدر صحوا ليس فيها سحاب ؟ ما تضارون في رؤية الله يوم القيامة إلا كما تضارون في رؤية أحدهما إذا كان يوم القيامة أذن مؤذن: ليتبع كل أمة ما كانت تعبد فلا يبقى أحد كان يعبد غير الله من الأصنام و الأنصاب إلا يتساقطون في النار حتى إذا لم يبق إلا من كان يعبد الله من بر و فاجر و غير أهل الكتاب فيدعى اليهود فيقال لهم: ما كنتم تعبدون ؟ قالوا: كنا نعبد عزيرا ابن الله ! فيقال: كذبتم ما اتخذ الله من صاحبة و لا ولد فماذا تبغون ؟ قالوا: عطشنا يا ربنا فاسقنا فيشار إليهم: ألا تردون ؟ فيحشرون إلى النار كأنها سراب يحطم بعضها بعضا فيتساقطون في النار ; ثم يدعى النصارى فيقال لهم: ما كنتم تعبدون ؟ قالوا: كنا نعبد المسيح ابن الله ! فيقال لهم: كذبتم ما اتخذ الله من صاحبة و لا ولد فيقال لهم: ماذا تبغون ؟ فيقولون: عطشنا يا ربنا فاسقنا فيشار إليهم: ألا تردون ؟ فيحشرون إلى جهنم كأنها سراب يحطم بعضها بعضا فيتساقطون في النار حتى إذا لم يبق إلا من كان يعبد الله من بر و فاجر أتاهم رب العالمين في أدنى صورة من التي رأوه فيها قال: فما تنتظرون ؟ تتبع كل أمة ما كانت تعبد قالوا: يا ربنا فارقنا الناس في الدنيا أفقر ما كنا إليهم و لم نصاحبهم فيقول: أنا ربكم فيقولون: نعوذ بالله منك لا نشرك بالله شيئا مرتين أو ثلاثا حتى إن بعضهم ليكاد أن ينقلب فيقول: هل بينكم و بينه آية فتعرفونه بها ؟ فيقولون: نعم الساق فيكشف عن ساق فلا يبقى من كان يسجد لله من تلقاء نفسه إلا أذن الله له بالسجود و لا يبقى من كان يسجد اتقاء و رياء إلا جعل الله ظهره طبقة واحدة كلما أراد أن يسجد خر على قفاه ثم يرفعون رءوسهم و قد تحول في الصورة التي رأوه فيها أول مرة فيقول: أنا ربكم فيقولون: أنت ربنا ; ثم يضرب الجسر على جهنم و تحل الشفاعة و يقولون: اللهم سلم سلم قيل: يا رسول الله و ما الجسر ؟ قال: دحض مزلة فيه خطاطيف و كلاليب و حسكة تكون بنجد فيها شويكة يقال لها: السعدان فيمر المؤمنون كطرف العين و كالبرق و كالريح و كالطير و كأجاويد الخيل و الركاب فناج مسلم و مخدوش مرسل و مكدوس في نار جهنم حتى إذا خلص المؤمنون من النار فوالذي نفسي بيده ما من أحد منكم بأشد مناشدة لله في**

**استيفاء الحق من المؤمنين لله يوم القيامة لإخوانم الذين في النار يقولون: ربنا كانوا يصومون معنا و يصلون و يحجون فيقال لهم: أخرجوا من عرفتم فتحرم صورهم على النار فيخرجون خلقا كثيرا قد أخذت النار إلى نصف ساقه و إلى ركبتيه فيقولون: ربنا ما بقي فيها أحد ممن أمرتنا به ; فيقول الله عز و جل: ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال دينار من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقولون ربنا لم نذر فيها أحدا ممن أمرتنا به ; ثم يقول: ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال نصف دينار من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثيرا ثم يقولون: ربنا لم نذر فيها ممن أمرتنا أحدا ثم يقول: ارجعوا فمن وجدتم في قلبه مثقال ذرة من خير فأخرجوه فيخرجون خلقا كثير ثم يقولون: ربنا ! لم نذر فيها خيرا فيقول الله: شفعت الملائكة و شفع النبيون و شفع المؤمنون و لم يبق إلا أرحم الراحمين فيقبض قبضة من النار فيخرج منها قوما لم يعملوا خير قط قد عادوا حمما فيلقيهم في نهر في أفواه الجنة يقال له: نهر الحياة فيخرجون كما تخرج الحبة في حميل السيل ألا ترونها تكون إلى الحجر أو الشجر ما يكون إلى الشمس أصيفر و أخيضر و ما يكون منها إلى الظل يكون أبيض فيخرجون كاللؤلؤ في رقابهم الخواتيم يعرفهم أهل الجنة: هؤلاء عتقاء الله من النار الذين أدخلهم الجنة بغير عمل عملوه و لا خير قدموه ثم يقول: أدخلوا الجنة فما رأيتموه فهو لكم فيقولون: ربنا أعطيتنا ما لم تعط أحدا من العالمين فيقول: لكم عندي أفضل من هذا ؟ فيقولون: يا ربنا أي شيء أفضل من هذا ؟ فيقول: رضاي فلا أسخط عليكم بعده أبدا (حم ق) عن أبي سعيد**

**633**. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر ھاۋا سۈپسۈزۈك، بۇلۇت بولمىغان چۈشتە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ سىلەر ھاۋا سۈزۈك بۇلۇت بولمىغان كېچىلەردە 15 كۈنلۈك تولۇن ئاينى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟ سىلەر پەقەت قىيامەت كۈنىدە ئاللاھنى كۆرۈشتە خۇددى ئاشۇ ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتە شەكتە بولغىنىڭلاردەك، شەك قىلىسىلەر. (يەنى اللهّٰ نى كۆرۈشتە شەك قىلماڭلار، رۇشەن، قېنىپ كۆرىسىلەر.) قىيامەت كۈنى بولغان چاغدا بىر مۇئەززىن، جاكارچى ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلىپ چوقۇنغان نەرسىگە ئەگەشسۇن! دەپ توۋلايدۇ، ئاللاھنىڭ غەيرىگە، تاشقا، بۇتقا ۋە باشقا نەرسىلەرگە چوقۇنغانلار



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى

بىرسىمۇ قالماي دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ. تاكى ئۇلاردىن ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ـ يامان كىشىلەر، سالىھ ۋە پاسىقلار ۋە يەھۇدىي ـ ناسارالار قېلىپ قالغاندا يەھۇدىيلارنى چاقىرىلىپ، ئۇلارغا سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار؟ دېيىلىدۇ، ئۇلار: بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئۇزەيرگە ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. ئۇلارغا يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھ خوتۇن ئالغىنى يوق، بالا تۇغقىنى يوق، ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوق، ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاك دېيىلىپ، سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر دەپ سورۇلىدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارساڭ دەيدۇ، ئۇلارغا ئاۋۇ سۇ بار كۆلگە سۇ ئىچكىلى بارمامسىلەر؟ دەپ ئىشارەت قىلىنىدۇ، ئۇلار دوۋزاخقا توپلىشىدۇ، ئۇ،گەرچە بەزىسى، بەزىسىنى يەپ كېتىۋاتقان ئوت بولسىمۇ، ئۇلارغا چۆللۈكتىكى ساراپ سۇدەك كۆرۈنىدۇ، ئاندىن ئۇلار دوۋزاخقا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئاندىن ناسارالار چاقىرىلىپ، ئۇلارنىمۇ سىلەر نېمىگە ئىبادەت قىلاتتىڭلار دېيىلىدۇ، ئۇلار، بىز ئاللاھنىڭ ئوغلى ئىساغا ئىبادەت قىلاتتۇق دەيدۇ. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن پاكتۇر) ئۇلارغا سىلەر يالغان سۆزلىدىڭلار، ئاللاھنىڭ بالىسى يوق، چۈنكى ئايالى يوق، چۈنكى ئوخششى يوق، ئۇ خالق ئاللاھدۇر، دېيىلىپ، ئاندىن ئۇلارغا سىلەر نېمىنى تەلەپ قىلىسىلەر؟ دەپ سورۇلىدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، بىز بەك ئۇسساپ كەتتۇق، بىزنى سۇغارغان بولساڭ دەيدۇ. ئۇلارمۇ ئاخىرىدا دوۋزاخقا تاشلىنىدۇ، دوۋزاخنى سۈمكى دەپ سەكرەيدۇ، ئاندىن پەقەت ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلغان ياخشى ـ يامان كىشىلەر قېلىپ قالغاندا، ئۇلارغا، ئاللاھتائالا ئۇلار كۆرىدىغان سۈرەت، كۆرۈنۈشنىڭ ئەڭ ئەدنا، تۆۋىنىدە يەنى باشقا بىر سۈرەتتە كېلىپ، يەنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە كېلىپ، سىلەر نېمىنى ساقلاپ، ئىنتىزار بولۇۋاتىسىلەر؟، ھەممە ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان نەرسىگە ئەگىشىپ كەتتى، سىلەر نېمىدەپ قالدىڭلار؟ دەيدۇ، ئۇلار: ئى رەببىمىز، بىز ئۇ كىشىلەردىن ئۇ دۇنيادىكى چاغدىمۇ ئەڭ مۇھتاج تۇرۇپ ئايرىلىپ كېتىپ ئۇلار بىلەن ھەمراھ بولمىغان دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ، ئۇلار ئاللاھقا سېغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمىز، بىز ئاللاھقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز دەپ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم شۇنداق دەپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىسى يەنى ھېلىقى پاجىر، پاسىقلىرى ئارقىسىغا چېكىنىپ، يېنىپ كەتكىلى تاس ـ تاس قالىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا سىلەر بىلەن رەببىڭلار ئارىسىدا سىلەر تونۇيدىغان بىرەر بەلگە، ئالامەت بارمۇ؟ دەپ سورايدۇ، ئۇلار، ھەئە بار، ئۇنىڭ ئوخششى يوق، ئۇنىڭ ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە بار بولغان پاچىقى بار، ئۇ پاچىقىنى ئاچىدۇ، بۇ ئىبغىر مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق

رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق پاچاقنى ئاچىدۇ، مۇشەققەتنى كۆتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن ئۆز نەپسى تەرەپتىن چىن دىلىدىن خالاپ، ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغانلارغا ئاللاھ سەجدە قىلىشقا ئىزنى، رۇخسەت قىلىدۇ، ئۇلار سەجدە قىلىدۇ. ئاللاھقا بۇ دۇنيادىكى چاغدا رىيا قىلىپ ئۆزىگە يېتىدىغان مۇسىبەتتىن قورقۇپ سەجدە قىلىدىغانلارنىڭ ئۇچىسىنى ئاللاھتائالا بىرلا قەۋەت نەرسە قىلىپ قويىدۇ، ئۇ ئىگىلمەس تۈزلا، بىرلا نەرسىدەك بولۇپ قالىدۇ، ھەر قاچان سەجدە قىلىشنى ئىرادە قىلسا ئۇڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپ، سەجدە قىلالمايدۇ. ئاندىن سەجدە قىلغان مۆئمىنلەر بېشىنى كۆتۈرسە، ئاللاھتائالا ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشىشى يوق سۈرىتىدە تۇرىدۇ، ئۇلار ئاللاھنى تونۇجى قېتىم كۆرەلەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا مانا مەن رەببىڭلار دەيدۇ، ئۇلارمۇ ھەئە راس سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەيدۇ، ئاندىن جەھەننەم ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، شاپائەت دۇرۇس بولۇپ چۈشىدۇ، ئاندىن ھەربىر پەيغەمبەر ۋە مۆئمىنلەر ئى ئاللاھتائالا، سالامەت قىلسىلا، ئى ئاللاھ سالامەت قىلسىلا دەپ تۇرىدۇ. (چۈنكى سىرات كۆرۋرۈكى، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىكتۇر). ئۇلار سىرات كۆۋرۈكى دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق بولىدۇ دەپ سورىدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، سىرات كۆۋرۈكى بولسا، قەدەملەر تېيىلىپ، قارار ئېلىپ تۇرالمايدىغان تېيىلغاق، قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئىتتىك كۆۋرۈك بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۇچى ئىلمەك قاماق ـ ئىلمەكلەر بار، ئۇچى تۇم، كۆتىكى ئىنچىكە ئىلىنغان نەرسە ئاسان چۈشۈپ كەتمەيدىغان نەجد دېگەن جايدىكى سەئدان دېيىلىدىغان شوخا تىكەنگە ئوخشاش، شوخا تىكەنلىرى بار، قورقۇنۇشلۇق كۆۋرۈكتۇر. مۆئمىنلەر ئۇنىڭدىن چاقماق تېزلىكىدە، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە خۇددى چاقماق نۇرىدەك تېزلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بەزىسى شامالدەك. بەزىسى تېز ئۇچقان قۇشتەك. بەزىسى تېز، چاپقۇر نوچى ئاتتەك. بەزىسى كارۋان تۆگىسىدەك ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۇنىڭدىن سالامەت قۇتۇلىدىغانلار بار، يارىلىنىپ، ياردار قىلىنىپ ئاندىن قويۇپ بېرىلىدىغانلار بار، جەھەننەم ئوتى ئىچىگە يۇزىچە دۈم تاشلىنىپ، چۈشۈپ كېتىدىغانلارمۇ بار، ھەتتا مۆئمىنلەر دوۋزاخدىن قۇتۇلۇپ خالاس تاپقاندا، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى دوۋزاخ ئىچىدىكى قېرىندىشى ئۈچۈن مۆئمىن قېرىنداشلىرى ئۈچۈن ئاللاھتىن ئۇلارنىڭ ھەققىنى تولۇق بېرىشكە دوۋزاخدىن قۇتقۇزۇشقا تەلەپ قىلىشىدا سىلەردەك قاتتىق، چىڭ تۇرۇپ تەلەپ قىلىدىغان بىرمۇ كىشى يوق، سىلەر يەنى مۆئمىنلەر شۇ چاغدا مۇنداق دەپ تەلەپ قىلىدۇ: ئى رەببىمىز!، ئۇلار بىز بىلەن بىرگە روزا تۇتاتتى، ناماز ئوقۇيتتى، ھەج قىلاتتى، ئۇلارنى دوۋزاخدىن قۇتقۇزسىلا، ئاندىن





ئۇلارغا دوزاخدىن سىلەر تونىغان كىشىلەرنى قۇتقۇزۇپ ئېلىپ چىقىڭلار دېيىلىدۇ، ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى دوۋزاخ ئوتىغا ھارام بولۇپ، ئوت كۆيدۈرەلمەيدۇ، ئۇلار نۇرغۇن خەلقلەرنى ئېلىپ چىقىدۇ، ئوت ئۇۋلارنىڭ پاچىقىنىڭ يېرىمىغىچە، تىزىغىچە كۆيدۈرگەن ئىدى، ئاندىن ئۇلار ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى ئېلىپ چىقىشقا بۇيرىغان كىشىلەردىن ھىچ كىشى قالمىدى دەيدۇ. ئاللاھتائالا ئۇلارغا: قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە بىر دىينار مىقداردا ئىمان، ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە نۇرغۇن، ناھايىتى كۆپ خەلقلەرنى دوزادىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى بۇيرىغان كىشىلەردىن ھېچ كىشىنى قالدۇرماي دوۋزاخدىن چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە يېرىم دىينار مىقداردا ياخشىلىق بار كىشىلەرنى تاپساڭلار ئۇلارنىمۇ دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار يەنە ناھايىتى كۆپ كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، سىلى بىزنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرىغان كىشىدىن ھېچ بىرىنى قويماي چىقىرىپ بولدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا يەنە قايتىپ بېرىڭلار، قەلبىدە زەررىچىلىك مىقداردا ياخشىلىق، ئىمان بار كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىنتايىن كۆپ خەلقلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىپ، ئى رەببىمىز، ئەمدى بىز دوۋزاختا قەتئىي ياخشىلىق، ئىمان دېگەن نەرسىنى قالدۇرمىدۇق دەيدۇ. ئاندىن ئاللاھتائالا: پەرىشتىلەر، پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ بولدى، ئەمدى رەھىيم قىلغۇچىلارنىڭ ئەڭ رەھىيىم ـ شەپقەت قىلغۇچىراقى بولغان مەن قالدىم دەپ دوۋزاخدىن ئۆزىگە لايىق رەۋىشتىكى ئوخشى يوق قولى بىلەن چاڭگاللاپ، قەتئىي ياخشىلىق قىلىپ باقمىغان نۇرغۇن قەۋملەرنى چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇلار كۆيۈپ قارا كۆمۈرگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنى جەننەتنىڭ ئىشىك ئېغىزلىرىدىكى نەھرۇلھايات(ھاياتلىق بۇلىقى) دېگەن ئۆستەڭگە تاشلايدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ جەسەدلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دانلار ئۈنۈپ چىققاندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئۇنىڭغا قارىماسىلەر، تاشتىكى يا دەرەخ يېنىدىكى قۇياشقا يېقىنراق بولغىنى، سېرىق، يېشىل بولىدۇ، سايىدا ئۈنگىنى بولسا ئاق بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ جەسەدلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، كىيىن گۆھەردەك بولۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بويۇن، گەردەنلىرىدە مۆھۈر بېسىلغان تامغا بار بولۇپ، جەننەت ئەھلى ئۇلارنى تونيالايدۇ، ئۇلارنى ئاللاھتائالا دوۋزاخدىن ئازاد قىلىپ، جەننەتكە ئۇلار قىلغان ئەمەلسىز ئىلگىرى تەقدىم قىلغان ياخشىلىقسىزلا كىرگۈزگەن، ئاللاھنىڭ ئازدگەردىلىرىدۇر، ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا: جەننەتكە كىرىڭلار، جەننەتتە سىلەر كۆرگەن نەرسىلەر سىلەرنىڭ بولىدۇ دەيدۇ. ئۇلار: ئى رەببىمىز، سىلى بىزگە

ئالەملەردىن ھېچ كىشىگە بەرمىگەن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدىلا. دەپ كېتىدۇ. (ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدە ئىدى). ئاندىن ئاللاھتائالا ئۇلارغا، سىلەر ئۈچۈن مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەلرەك مۇكاپات بار دەيدۇ، ئۇلار ئى رەببىمىز، قايسى نەرسە بۇنىڭدىنمۇ ئەۋزەل بولسۇن؟ دەيدۇ. ئاللاھتائالا: ئۇ بولسا مېنىڭ سىلەردىن رازى بولۇشۇم بولۇپ، مەن سىلەرگە بۇندىن كېيىن مەڭگۈ غەزەپ قىلمايمەن دەيدۇ، (ئاللاھنىڭ رازىلىقى راستىنلا جەننەتتىنمۇ بۈيۈكتۇر). ئەھمەد، بەيھەقى ۋە باشقىلار توپلىغان، سەھىھ.

## ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. مۆئمىنلەر قىيامەت كۈنى ھەم جەننەتتە ئاللاھنى كۆرەلەيدۇ، بۇ كاتتا مۇكاپاتتۇر.

2. ھەربىر ئۈممەت ئۆزى ئىبادەت قىلغان چوقۇنغان نەرسىسىگە ئەگىشىپ، دوزاخقا چۈشىدۇ.

3. ھەتتا يەھۇدىي، ناسارالارمۇ دوزاخقا چۈشىدۇ.

4. ئاللاھنىڭ ئايالى، بالىسى يوقتۇر، ئوخشىشى يوق.

5. مۆئمىنلەر ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

6. ئۇلارغا ئاللاھ، ئۆزىگە لايىق ئوخشىشى يوق، ئەڭ گۈزەل جامالى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

7. رىياخور، مۇناپىقلار سەجدە قىلالمايدۇ.

8. دوزاخ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ.

9. ئۇ قىلدىن ئىنچىكە، قىلىچدىن ئۆتكۈر ئۇنىڭ شوخا تىكەن، ئىلمەكلىرى باردۇر.

10. مۆئمىنلەرنىڭ بەزىسى چاقماق تېزلىكىدە، بەزىسى بولسا ئاستا ئۆتۈپ كېتىدۇ، ھەتتا دوزاخقا تاشلىنىدىغانلار بار.

11. پەرىشتىلەر پەيغەمبەرلەر، مۆئمىنلەر شاپائەت قىلىپ، قەلبىدە





زەررىچىلىك ئىمانى، ياخشىلىقى بار كىشىلەرنى دوزاختىن چىقىرىدۇ.

12. ئاللاھتائالا رەھمەت ـ پەزلى بىلەن دوزاختىن نۇرغۇن قەۋملەرنى چاڭگاللاپ چىقىرىپ قىلچە ياخشىلىقسىزلا جەننەتكە كىرگۈزىدۇ، چۈنكى، بۇ ئۆزىنىڭ خالىغىنى، رەھمەت ـ پەزلىدۇر.

13. ئاللاھنىڭ ئۆزىگە لايىق، كاتتىلىقىغا، ئۇلۇغلىقىغا لايىق ئوخشىشى يوق، قولى باردۇر.

14. ئۇئازادگەردىلەر نەھرۇلھاياتتا قايتا ھاياتلىققا ئېرىشىپ، جەسەد، تەنلىرى ئەسلىگە كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ گەردەنلىرىدە مۆھۈر، تامغا بېسىلغاندۇر.

15. ئاللاھتائالا جەننەتتىنى بەرگەندىن كېيىنمۇ ئۆز رازىلىقىنى ئاتا قىلىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقى جەننەتتىنمۇ ئەۋزەل ۋە بۈيۈكتۇر. ئى ئاللاھ بىزگە جامالىلىرىنى، رازىلىقلىرىنى ئاتا قىلسىلا. ئامىن!

**634 (صحيح) هل تضارون في رؤية الشمس في الظهيرة ليست في سحابة ؟ هل تضارون في رؤية القمر ليلة البدر ليس في سحابة ؟ فوالذي نفسي بيده لا تضارون في رؤية ربكم عز و جل إلا كما تضارون في رؤية أحدهما فيلقى العبد فيقول: أي فل (أي فلان)ألم أكرمك و أسودك و أزوجك و أسخر لك الخيل و الإبل و أذرك ترأس و تربع ؟ فيقول: بلى أي رب فيقول: أفظننت أنك ملاقي ؟ فيقول: لا فيقول: إني أنساك كما نسيتني ; ثم يلقى الثاني فيقول له: أي فل ؟ ألم أكرمك و أسودك و أزوجك و أسخر لك الخيل و الإبل و أذرك ترأس و تربع ؟ فيقول: بلى أي رب ! فيقول: أفظننت أنك ملاقي ؟ فيقول: لا فيقول: إني أنساك كما نسيتني ; ثم يلقى الثالث فيقول له مثل ذلك فيقول: رب آمنت بك و بكتابك و برسلك و صليت و صمت و تصدقت و يثني بخير ما استطاع فيقول: هاهنا إذن ثم يقال: الآن نبعث شاهدا عليك و يتفكر في نفسه: من ذا الذي يشهد علي ؟ فيختم على فيه و يقال لفخذه: انطقي فتنطق فخذه و لحمه و عظامه بعمله و ذلك ليعذر من نفسه و ذلك المنافق الذي يسخط الله عليه (م) عن أبي هريرة**

634. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇلۇتسىز، ھاۋا ئوچۇق چاغدا چاك چۈشتە قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلامسىلەر؟ بۇلۇتسىز، ھاۋا ئوچۇق چاغدا 15 كۈنلۈك

تۈلۈن ئاينى كۆرۈشتىن شەكتە بولامسىلەر؟ ھەرگىز شەك قىلمايسىلەر، جېنىم ئىلىكىدە بولغان زات ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەنە شۇنىڭدا شەك قىلمىغاندەك ئاخىرەتتە ئاللانى كۆرۈشتە شەك قىلمايسىلەر، قېنىپ كۆرىسىلەر. (مانا بۇ مۆئمىنىنىڭ ئاقىۋىتى). ئاندىن ئاللاھ بىر بەندىگە ئۇچرىشىپ، ھەي پالانى، مەن سېنى ھۆرمەتلىك قىلمىدىممۇ؟ سېنى سەييىد، خوجايىن قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئايال جۈپتىڭنى يارىتىپ بېرىپ، سېنى توي قىلدۇرمىدىممۇ يەنى ساڭا ئايالىڭنى ئاتا قىلمىدىممۇ؟ ساڭا ئات ـ تۆگىلەرنى بويسۇندۇرۇپ بەرمىدىممۇ، سېنى باشلىق، رەئىس ھالەتتە قالدۇرمىدىممۇ؟ سەن نۇرغۇن مال ـ مۈلۈككە ئېرىشىپ، باي بولدۇڭ، باشقىلار ساڭا ئىتائەت قىلاتتى، سەن كەڭ ـ تاشا، خۇشال ـ خۇرام ئويىنىمىدىڭمۇ؟ دېسە، ئۇ بەندە: ئى رەببىم، سىلى ماڭا ھەممىنى ئاتا قىلغان، راست دەپ ئىقرار قىلىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا سەن ماڭا ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىپ، ئۇچرىشىشىڭغا ئىشەنگەنمۇ، گۇمان قىلىپ باققانمۇ؟ دېسە، ئۇ بەندە، ياق دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن سەن مېنى ئۇنتۇپ قالغاندەك، مەنمۇ سېنى ئۇنتۇپ قالىمەن، يەنى دوۋزاختا قالدۇرىمەن دەيدۇ، ئاندىن ئىككىنچى بەندىگە يەنە ئاشۇنداق سوئال قويۇپ، ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ. (مانا بۇ كاپىرلارنىڭ ئاقىۋىتى). ئاندىن ئۈچىنچى بەندىگە ئۇچرىشىپ، شۇنىڭ ئوخشىشىنى دېگەندە ئۇ بەندە: ئى رەببىم، مەن ساڭا، كىتابلىرىڭغا، بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىڭگە ئىمان كەلتۈرگەن، ناماز ئوقۇپ، روزا تۇتۇپ، سەدىقە قىلدىم دەپ قادىر بولۇشىچە ئۆزىنى ماختايدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۇنداق بولسا سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرغىن دەپ ئاندىن ئۇنىڭغا ھازىر بىز ساڭا گۇۋاھچى ئەۋەتىمىز دېيىلىدۇ. ئۇ ئۆز ئىچىدە ماڭا قارشى گۇۋاھلىق بېرىدىغان كىمدۇ؟ دەپ قالىدۇ، تەپەككۇر قىلىپ ئويلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ ئاغزىغا پېچەت ئۇرۇلۇپ، مۆھۈر بېسىلىپ، يوتىسى قاتارلىق ئەزالىرىغا سۆزلەڭلار دېيىلىدۇ. ئۇنىڭ يوتىسى، گۆشى، سۆڭكى ھەتتا بارلىق ئەزالىرى ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئەمەللىرىنى سۆزلەپ گۇۋاھلىق بېرىدۇ، (مانا بۇ سۈرە ياسىننىڭ 65 ـ ئايىتىدىكى قوللار سۆزلەپ، پۇتلار گۇۋاھلىق بېرىشتۇر). شۇنداق قىلىش، ئۇنىڭ ئۆزىدىن گۇۋاھچى چىقىرىپ، ئۆزرىسىنى قالدۇرماسلىق ئۈچۈندۇر، ئەنە شۇ بولسا، ئاللاھ غەزەپ قىلىدىغان مۇناپىقتۇر. (بۇ مۇناپىقنىڭ ئاقىۋىتى). مۇسلىم 5270 ـ ھەدىس، سەھىھ.

635 (صحيح) هل تمارون في القمر ليلة البدر ليس دونه سحاب ؟ هل تمارون في رؤية الشمس ليس دونها سحاب ؟ فإنكم ترونه كذلك يحشر الله الناس يوم القيامة فيقول:





من كان يعبد شيئا فليتبعه فيتبع من كان يعبد الشمس الشمس و يتبع من كان يعبد القمر القمر و يتبع من كان يعبد الطواغيت الطواغيت و تبقى هذه الأمة فيها منافقوها ; فيأتيهم الله في صورة غير صورته التي يعرفون فيقول: أنا ربكم فيقولون: نعوذ بالله منك هذا مكاننا حتى يأتينا ربنا فإذا جاءنا عرفناه فيأتيهم الله في صورته التي يعرفون فيقول: أنا ربكم فيقولون: أنت ربنا فيتبعونه ; و يضرب الصراط بين ظهراني جهنم فأكون أول من يجوز من الرسل بأمته و لا يتكلم يومئذ أحد إلا الرسل و كلام الرسل يومئذ: اللهم سلم سلم و في جهنم كلاليب مثل شوك السعدان غير أنه لا يعلم ما قدر عظمها إلا الله تخطف الناس بأعمالهم فمنهم من يوبق بعمله و منهم من يخردل ثم ينجو حتى إذا فرغ الله من القضاء بين العباد و أراد أن يخرج برحمته من أراد من أهل النار أمر الملائكة أن يخرجوا من النار من كان لا يشرك بالله شيئا ممن يقول لا إله إلا الله فيخرجونم و يعرفونم بآثار السجود و حرم الله على النار أن تأكل آثار السجود فيخرجون من النار و قد امتحشوا فيصب عليهم ماء الحياة فينبتون كما تنبت الحبة في حميل السيل ثم يفرغ الله من القضاء بين العباد و يبقى رجل بين الجنة و النار و هو آخر أهل النار دخولا الجنة مقبلا بوجهه قبل النار فيقول: يا رب اصرف وجهي عن النار فقد قشبني ريحها و أحرقني ذكاؤها فيقول: هل عسيت إن فعل ذلك بك أن تسأل غير ذلك فيقول: لا و عزتك فيعطي الله ما يشاء من عهد و ميثاق فيصرف الله وجهه عن النار فإذا أقبل به على الجنة و رأى بجتها سكت ما شاء الله أن يسكت ثم قال: يا رب ! قدمني عند باب الجنة فيقول الله: أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي كنت سألت ؟ فيقول: يا رب لا أكون أشقى خلقك فيقول: فما عسيت إن أعطيتك ذلك أن لا تسأل غيره ؟ فيقول لا و عزتك لا أسألك غير ذلك فيعطى ربه ما شاء من عهد و ميثاق فيقدمه إلى باب الجنة فإذا بلغ بابا فرأى زهرتا و ما فيها من النضرة و السرور ; فيسكت ما شاء الله أن يسكت فيقول: يا رب أدخلني الجنة فيقول الله: ويحك يا ابن آدم ! ما أغدرك ! أليس قد أعطيت العهد و الميثاق أن لا تسأل غير الذي أعطيت ؟ فيقول: يا رب لا تجعلني أشقى خلقك فيضحك الله منه ثم يأذن له في دخول الجنة فيقول: تمن فيتمني حتى إذا انقطعت أمنيته قال

**الله تعالى: زد من كذا و كذا أقبل يذكره ربه حتى إذا انتهت به الأماني قال الله عز و جل: لك ذلك و مثله معه (حم ق) عن أبي هريرة وأبي سعيد لكنه قال: وعشرة أمثالـه  أي في الجنة**

**635**. ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەر بۇلۇت يوق، ھاۋا ئوچۇق چاغدا ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاينى ياكى قۇياشنى كۆرۈشتىن شەك قىلىپ، دە ـ تالاش، جېدەل ـ ماجىرا قىلامسىلەر؟ ياق! سىلەر ئەنە شۇنىڭدەك رەببىڭلارنى قىيىنماي كۆرىسىلەر، رۇشەن، ئوچۇق كۆرىسىلەر، (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر). ئاللاھتائالا كىشىلەرنى توپلاپ، تىرىلدۈرۈپ قوپارغاندا، كىم نېمىگە ئىبادەت قىلسا ئۇ شۇ نەرسىگە ئەگىشسۇن دەيدۇ. قۇياشقا چوقۇنغانلار قۇياشقا، ئايغا ئىبادەت قىلىدىغانلار ئايغا ئەگىشىدۇ. ھەر خىل بۇتلارغا ئىبادەت قىلغانلار بۇتقا ئەگىشىدۇ. پەقەت مۇشۇ ئۈممەت قېلىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇناپىقلار باردۇر. ئاندىن، ئاللاھ ئۇلارغا، ئۇلار ئاللاھنى تونۇيدىغان سۈرەتتىن باشقا بىر سۈرەتتە كېلىدۇ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار دېسە، ئۇلار، ئاللاھقا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمىز. بىز ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز. بۇ بىزنىڭ ئورنىمىزدۇر، رەببىمىز بىزگە كەلگەنگە قەدەر بىز مۇشۇ جايدا تۇرىمىز رەببىمىز كەلسە بىز ئۇنى ئوبدان تونۇيمىز. (چۈنكى ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق، ھەم ئالامەت بار دەيدۇ). ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلار تونۇيدىغان ئۆز سۈرىتىدە كېلىدۇ. مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق، سىلى بىزنىڭ رەببىمىز دەپ ئاللاھقا ئەگىشىدۇ. (بۇ ھەدىس، سۈرە فەجرنىڭ 22 ـ ئايىتىدىكى «پەرۋەردىگارىڭ كەلگەن ۋە پەرىشتىلەر سەپ ـ سەپ بولۇپ كەلگەن چاغدا» دېگەن ئايەتكە تەپسىردۇر، ئاللاھنىڭ ئوخشىشى يوقتۇر، ئۇ قادىردۇر). ئاندىن جەھەننەمنىڭ ئۈستىگە سىرات كۆۋرۈكى قويۇلىدۇ، پەيغەمبەرلەردىن ئۈممىتى بىلەن سىراتتىن ئۆتىدىغان كىشىنىڭ تۇنجىسى مەن بولىمەن، شۇ كۈنى پەيغەمبەرلەردىن باشقا ھېچ كىشى سۆز قىلالمايدۇ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى بولسا، ئى ئاللاھ، سالامەت قىلسىلا، سالامەت قىلسىلا دېيىش بولىدۇ، جەھەننەم ئىچىدە سىرات كۆۋرۈكىدە سەئدان شوخا ـ تىكەنلىرىدەك شوخۇلۇق، تىكەنلىك ئىلمەك بار بولۇپ، ئۇنىڭ چوڭلۇقىنىڭ مىقدارىنى پەقەت بىر ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنى ئەمەللىرىگە قارىتا ئېلىۋالىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى ئەمەللىرى سەۋەبلىك پۈتۈنلەي ھالاك بولىدۇ، ئۇلاردىن بەزىسى يىقىلىپ ـ قوپۇپ، ياردار





بولۇپ ئاندىن نىجاد تېپىپ قۇتۇلىدۇ.

ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولغاندا، ئۆز رەھمەت ـ پەزلى بىلەن دوۋزاخدىن ئۆزى ئىرادە قىلغان كىشىلەرنى چىقىرىشنى ئىرادە قىلغاندا، پەرىشتىلەرنى لائىلاھە ئىللەللاھ، ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر ھەق ئىلاھ يوق دېگەن كىشىلەردىن، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشىلەرنى دوۋزاخدىن چىقىرىشقا بۇيرۇيدۇ، ئۇلارنى پەرىشتىلەر سەجدە ئىزلىرىدىن تونۇپ، دوۋزاخدىن چىقىرىدۇ. ئاللاھ دوۋزاخقا ئۇلارنىڭ سەجدە ئىزلىرىنى كۆيدۈرۈپ يەۋېتىشنى ھارام قىلغان ئىدى، ئۇلار دوۋزاخدىن چىققاندا قاتتىق كۆيۈپ كەتكەن ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە نەھرۇلھاياتنىڭ سۈيى قۇيۇلىدۇ، ئۇلارنىڭ جەسەد تەنلىرى خۇددى سەل كۆتۈرۈپ كەلگەن لايدا دان ئۈنگەندەك ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا بەندىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلىشتىن پارىغ بولىدۇ، پەقەت دوۋزاخ بىلەن جەننەت ئوتتۇرىسىدا دوۋزاخدىن چىقىدىغان جەننەتكە كىرىشتە ئەڭ ئاخىرى بولغان كىشى قېلىپ قالىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى دوۋزاخ تەرەپكە ئالدىنى قىلدۇرۇلغان ھالدا ئوت ئۇچقۇندىسىدا كۆيۈپ تۇراتتى، ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن دوۋزاخنىڭ پۇراقلىرى ماڭا قاتتىق ئازار بېرىپ، مېنى بەك قىينىۋەتتى، يالقۇن ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمنى كۆيدۈردى، مېنىڭ يۈزۈمنى دوۋزاخدىن باشقا تەرەپكە چۆرۈۋەتسەڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر ساڭا ئۇ قىلىپ بېرىلسە، ئۇنىڭدىن باشقىسىنى سورىشىڭ مۇمكىن دەيدۇ. ئۇ بەندە، ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، مىيساق، توختام بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ يۈزىنى دوۋزاخدىن چۆرۈۋېتىدۇ، ئۇ جەننەتكە ئالدىنى قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەللىكىنى ئۇنىڭدىكى نېئمەتلەرنى كۆرۈپ، ئاللاھ خالىغان مۇددەتتە تۇرۇپ ئاندىن مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغان ئاپىرىپ قويساڭ. ئاللاھ ئۇنىڭغا: سەن ئاۋۋال سورىغىنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدى، توختام بەرمىگەنمۇ دېسە، ئۇ: ئى رەببىم مەن بەندىلىرىڭنىڭ شەقى، جاپاكەشلىرى بولمىسام دەيدۇ، ئاللاھ ئۇنىڭغا: ئەگەر شۇنى ساڭا بەرسەم سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى يەنە سورايسەن دەيدۇ. ئۇ: ئىززىتىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭدىن باشقىنى ھەرگىز سورىمايمەن دەپ نۇرغۇن ئەھدە، توختاملارنى قەسەملەرنى بېرىدۇ، ئاللاھ ئۇنى جەننەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. ئۇ، جەننەت ئىشىكىنىڭ ئالدىغا يەتكەندە، جەننەتنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى خۇشاللىق، نازۇ ـ نېئمەتنىڭ گۈزەللىكىنى، بەختىنى كۆرگەندە، ئاللاھ خالىغان ۋاقىتقىچە ئەھدىدىن خىجىل بولۇپ چىداپ تۇرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە مۇنداق دەيدۇ: ئى رەببىم، مېنى جەننەت ئىچىگە كىرگۈزۈۋەتسەڭ، ئاللاھ

ئۇنىڭغا: ئى ئادەم بالىسى! ۋاي ساڭا، سەن نېمىدېگەن خىيانەتچى، تولا ئەھدىنى بۇزغۇچى ھە!، سەن ئۇنىڭدىن باشقىنى سورىماسلىققا ئەھدە، توختام بەرگەنغۇ؟ دەيدۇ. بەندە: ئى رەببىم، مېنى مەخلۇقلىرىڭنىڭ شەقىيسى، جاپاكەش ئازابلىنىدىغىنى قىلمىساڭ دەيدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭدىن كۈلۈپ كېتىپ، جەننەتكە كىرىشكە رۇخسەت قىلىدۇ. ۋە خالىغىنىڭنى ئارزۇ قىل، سورا دەيدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئىنتىھاسىغا يېتىپ، تۈگىگەندە، ئاللاھ ئۇنىڭغا زىيادە قىل، ئانى سورىغىن، مانى سورىغىن دەپ بىر ــ بىرلەپ دەپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ــ ئارمانلىرى ئاخىرلاشقانغا قەدەر ئەسلىتىدۇ، ئاندىن ئاللاھ ئۇنىڭغا: ساڭا شۇ ۋەئۇنىڭ ئوخششىدەك ئون ھەسسە بېرىلىدۇ دەيدۇ. بەيھەقى، ئەھمەدلەر توپلىغان، سەھىھ.

**636 (صحيح) و الذي نفسي بيده لا تقوم الساعة حتى تكلم السباع الإنس و حتى يكلم الرجل عذبة سوطه و شراك نعله و يخبره فخذه بما يحدث أهله بعده (حم ت حـب ك) عن أبي سعيد**

636. ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋان ئىنسانغا سۆز قىلمىغىچە، كىشى قامچىسىنىڭ دەستىسىگە بىر تەرىپىگە ۋە ئايىغىنىڭ يىپىغا سۆز قىلمىغىچە، ئۇ كىشىگە يوتىسى (يەنى يوتىسىدىكى نەرسە) ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئەھلى پەيدا قىلغان، سادىر قىلغان ئىشلارنى خەۋەر قىلىپ دەپ بەرمىگىچە ھەرگىز قىيامەت قايىم بولمايدۇ. تىرمىزى 2107 ــ ھەدىس، ئەھمەد 11365 ــ ھەدىس، ئەھمەد 11413 ــ ھەدىستە خەۋەر قىلىدىغىنى، ئايىغى، قامچىسى، ھاسىسى قاتارلىقلار بار. بۇنى ھاكىم، ئىبنى ھەببانلارمۇ توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىس مۆجىزە بولۇپ، ئالىملار: ئۇ نەرسىنى تېلىفون، چاقىرغۇقاتارلىقلار شۇ، ئۆز ئەينى شۇ دىدى. مەن تور بېتىدىن بىر شىرنىڭ ئاللاھ! ئاللاھ!!! دېگەن سۆزىنى قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىدىم،كۆزۈم بىلەن كۆردۇم. ئۇندىن باشقا ئىشلارمۇ بار، بۇ ھەدىسنىڭ 1000 يىل بۇرۇنقى ئەسلى نۇسخىسى ساقلاقلىق باردۇر. ئىلغار ئۇسكىنىدە تەكشۇرۇلسە بولىدۇ، بۇ ئىسلام دىنىنىڭ رۇشەن مۆجىزىسىدۇر.

**637 (صحيح) و الله للدنيا أهون على الله من هذا عليكم (حم م د) عن جابر**

637. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم





بىر ئۆلۈك ھايۋاننىڭ جەسىدىنى، تاپىنى كۆرسۈتۈپ تۇرۇپ، مۇنداق دېگەن: ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەلۋەتتە بۇ دۇنيا ئاللاھقا، مۇشۇ جەسەد سىلەرگە ھاقارەتلىك بولغاندىنمۇ ھاقارەتلىكتۇر، ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. (باشقا خاتىرىدە، بۇ دۇنيا ئاللاھنىڭ نەزلىدە بىر تال پاشىنىڭ قانىتىغا ئەرزىگەن بولسا، كاپىرلارغا بىر تامچە سۇنىمۇ بەرمىگەن بولاتتى دېيىلگەن ئۆتتى). مۇسلىم 5257 ــ ھەدىس، ئەھمەد 14402 ــھ ەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

**638 (صحيح) يا أيها الناس ! إنا لم تكن فتنة على وجه الأرض منذ ذرأ الله ذريـة آدم أعظم من فتنة الدجال و إن الله عز و جل لم يبعث نبيا إلا حذر أمته الدجـال و أنـا آخر الأنبياء و أنتم آخر الأمم و هو خارج فيكم لا محالة فإن يخرج و أنا بين أظهركم فأنا حجيج لكل مسلم و إن يخرج من بعدي فكل حجيج نفسه و الله خليفتي على كل مسلم و إنه يخرج من خلة بين الشام و العراق فيعيث يمينا و شمالا يا عباد الله ! أيهـا النـاس ! فاثبتوا فإني سأصفه لكم صفة لم يصفها إياه قبلي نبي إنه يبدأ فيقول: أنا نبي و لا نبي بعدي ثم يثني فيقول: أنا ربكم و لا ترون ربكم حتى تموتوا و إنه أعور و إن ربكم ليس بأعور و إنه مكتوب بين عينيه: كافر يقرؤه كل مؤمن كاتب أو غير كاتب ; و إن من فتنته أن معه جنة و نارا فناره جنة و جنته نار فمن ابتلي بناره فليستغث بالله و ليقرأ فواتـح الكهـف (فتكون بردا و سلاما كما كانت النار على إبراهيم) و إن من فتنته أن يقول للأعـرابي: أرأيت إن بعثت لك أباك و أمك أتشهد أني ربك ؟ فيقول: نعم فيتمثل لـه شـيطانان في صورة أبيه و أمه فيقولان: يا بني اتبعه فإنه ربك و إن من فتنته أن يسـلط عـلى نفـس واحدة فيقتلها ينشرها بالمنشار حتى تلقى شقين ثم يقول: انظروا إلى عبدي هذا فإني أبعثه ثم يزعم أن له ربا غيري فيبعثه الله و يقول له الخبيث: من ربك ؟ فيقول: ربي الله و أنـت عدو الله أنت الدجال و الله ما كنت قط أشد بصيرة بك مني اليوم ; و إن من فتنتـه أن يأمر السماء أن تمطر فتمطر و يأمر الأرض أن تنبت فتنبت ; و إن من فتنته أن يمر بـالحي فيكذبونه فلا يبقى لهم سائمة إلا هلكت ; و إن من فتنته أن يمر بالحي فيصدقونه فيـأمر السماء أن تمطر فتمطر و يأمر الأرض أن تنبت فتنبت حتى تروح مواشيهم مـن يومهـم ذلك أسمن ما كانت و أعظمه و أمده خواصر و أدره ضروعا ; و إنه لا يبقى شيء مـن**

**الأرض إلا وطئه و ظهر عليه إلا مكة و المدينة لا يأتيهما من نقب من أنقابهما إلا لقيته الملائكة بالسيوف صلتة حتى ينزل عند الضريب الأحمر عند منقطع السبخة فترجف المدينة بأهلها ثلاث رجفات فلا يبقى فيها منافق و لا منافقة إلا خرج إليه فتنفي الخبيث منها كما ينفي الكير خبث الحديد و يدعى ذلك اليوم يوم الخلاص قيل: فأين العرب يومئذ ؟ قال: هم يومئذ قليل (وجلهم ببيت المقدس) ; و إمامهم رجل صالح فبينما إمامهم قد تقدم يصلي بهم الصبح إذ نزل عليهم عيسى ابن مريم الصبح فرجع ذلك الإمام ينكص يمشي القهقرى ليتقدم عيسى فيضع عيسى يده بين كتفيه ثم يقول له: تقدم فصل فإنها لك أقيمت فيصلي بهم إمامهم فإذا انصرف قال عيسى: افتحوا الباب فيفتحون و وراءه الدجال معه سبعون ألف يهودي كلهم ذو سيف محلى و ساج فإذا نظر إليه الدجال ذاب كما يذوب الملح في الماء ; و ينطلق هاربا (و يقول عيسى: إن لي فيك ضربة لن تسبقني) فيدركه عند باب لد الشرقي فيقتله فيهزم الله اليهود فلا يبقى شيء مما خلق الله عز و جل يتواقى به يهودي إلا أنطق الله ذلك الشيء لا حجر و لا شجر و لا حائط و لا دابة إلا الغرقدة فإنها من شجرهم لا تنطق إلا قال: يا عبد الله المسلم هذا يهودي فتعال اقتله فيكون عيسى بن مريم في أمتي حكما عدلا و إماما مقسطا يدق الصليب و يذبح الخنزير و يضع الجزية و يترك الصدقة فلا يسعى على شاة و لا بعير و ترفع الشحناء و التباغض و تنزع حمة كل ذات حمة حتى يدخل الوليد يده في في الحية فلا تضره و تضر الوليدة الأسد فلا يضرها و يكون الذئب في الغنم كأنه كلبها و تملأ الأرض من السلم كما يملأ الإناء من الماء و تكون الكلمة واحدة فلا يعبد إلا الله و تضع الحرب أوزارها و تسلب قريش ملكها و تكون الأرض كفاثور الفضة تنبت نباتا بعهد آدم حتى يجتمع النفر على القطف من العنب فيشبعهم يجتمع النفر على الرمانة فتشبعهم و يكون الثور بكذا و كذا من المال و يكون الفرس بالدريهمات (قالوا: يا رسول الله و ما يرخص الفرس ؟ قال: لا تركب لحرب أبدا قيل: فما يغلي الثور قال: تحرث الأرض كلها) و إن قبل خروج الدجال ثلاث سنوات شداد يصيب الناس فيها جوع شديد يأمر الله السماء السنة الأولى أن تحبس ثلث مطرها و يأمر الأرض أن تحبس ثلث نباتها ثم يأمر السماء في السنة الثانية فتحبس ثلثي**





**مطرها و يأمر الأرض فتحبس ثلثي نباتها ثم يأمر السماء في السنة الثالثة فتحبس مطرها كله فلا تقطر قطرة و يأمر الأرض فتحبس نباتها كله فلا تنبت خضراء فلا يبقى ذات ظلف التهليل و التكبير و التحميد و يجزئ ذلك عليهم مجزأة الطعام) (ه ابن خزيمة ك الضياء) عن أبي أمامة)**

638. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئىنسانلار! ئاللاھ، ئادەم بالىلىرنى ياراتقاندىن باشلاپ يەر يۈزىدە دەججالنىڭ پىتنىسىدىنمۇ چوڭراق پىتنە ـ پاساد بولۇپ باقمىدى، ھەقىقەتەن ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھەر قانداق بىر پەيغەمبەر ئۈممىتىنى دەججالدىن ئاگاھلاندۇردى، مەن بولسام پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى، سىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئۈممەت بۇلسىلەر، دەججال شەك ـ شۈبھىسىز چوقۇم سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا چىقىدۇ، ئەگەر ئۇ مەن ئاراڭلاردا بار ھايات ۋاختىمدا چىقىپ قالسا، ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن مەنلا ھۆججەت قويۇپ غالىپ كېلىمەن، مەن داۋالىشىمەن، ئەگەر ئۇ مەندىن كېيىن چىقىپ قالسا، ھەممىسى ئۆزىگە ئۆزى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ، ھەربىر مۇسۇلمانغا ياردەم بېرىشتە، ئاللاھتائالا ماڭا خەلىپە بولىدۇ، ئىگە بولىدۇ. ھەقىقەتەن دەججال شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىدۇ، ئاندىن ئۇ ئوڭ تەرەپكە ۋە سول تەرەپكە خۇددى بوراندەك تېز بارىدۇ، پىتنە ـ پاساد تېرىيدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى، ئى خالايىق! مۇستەھكەم چىڭ تۇرۇڭلار، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە دەججالنىڭ مەندىن بۇرۇن ھېچ بىر پەيغەمبەر سۈپەتلەپ بەرمىگەن سۈپىتىنى سۆزلەپ بېرىمەن، ئۇ ئالدى بىلەن چىقىپلا مەن پەيغەمبەر دەيدۇ، دىققەت قىلىڭلار، مەندىن كېيىن پەيغەمبەر يوق. ئاندىن ئۇ ئۆزىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار بولىمەن دەيدۇ. دىققەت قىلىڭلار، سىلەر ئۆلۈپ ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا بارمىغىچە رەببىڭلارنى ھەرگىز كۆرەلمەيسىلەر. ئۇنىڭ بىر كۆزى كوردۇر. رەببىڭلار بىر كۆزى كور ئەمەس، ئوخشىشى يوق. دەججالنىڭ پىشانىسىگە «كافىر» دېگەن خەت يېزىقلىق بولۇپ، ئۇنى ھەر قانداق كاتىپ ۋە غەيرى كاتىپ بولغان خەت يازالايدىغان خەت يازالمايدىغان مۆئمىن ئوقۇيالايدۇ.

ھەقىقەتەن ئۇنىڭ، كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان پىتنىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە جەننەت ـ دوۋزاخنىڭ كۆرۈنۈشى بار، دوۋزاخ دېگىنى جەننەت، جەننەت دېگىنى دوۋزاخ ئوتىدۇر، كىم ئۇنىڭ ئوتى بىلەن سىنىلىپ، بالاغا قالسا، ئاللاھتىنلا ياردەم سوراپ، سۈرە كەھفىنىڭ باش تەرىپىنى ئوقۇسۇن، ئاندىن ئوت

خۇددى ئىبراھىمغا سالامەت بولغاندەك سوغۇق ۋە سالامەت بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پېتىنىسىدىن ئۇ يېزىلىق ئەئرابىيغا قانداق قارايسەن، قېنى دەپ باققىنە، ئەگەر مەن ساڭا داداڭ بىلەن ئاناڭنى تىرىلدۈرۈپ بەرسەم مېنىڭ رەببىڭ ئىكەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بېرەمسەن؟ دەيدۇ. ئۇ ئەئرابى ھەئە گۇۋاھلىق بېرىمەن دەيدۇ. ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككى جىن ــ شەيتان ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئانىسىنىڭ سۈرىتىدە كۆرۈنۈپ، ئى بالام، سەن ئۇنىڭغا ئەگەشكىن، ئۇ سېنىڭ رەببىڭ بولىدۇ دەيدۇ. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پېتىنىسىدىن ئۇ بىر مۆئمىن ئىنسانغا غالىپ كېلىپ ئۇنى ھەرە بىلەن تىلىپ ئىككى پارچە قىلىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاندىن ئۇ مېنىڭ بۇ بەندەمگە قاراڭلار، مەن ئۇنى تىرىلدۈرسەم ئۇ قوپۇپ مەندىن باشقا رەببىم بار دەپ داۋا قىلىۋالىدۇ دەيدۇ. (چۈنكى، ئۇ مۆئمىنىنىڭ ئېتىقادىنى تولۇق چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئالدىن شۇنداق دېگەن). ئاندىن، ئاللاھ ئۇ بەندىنى تىرىلدۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ بەندىگە نىجىس دەججال رەببىڭ كىم؟ دەيدۇ. ئۇ بەندە مېنىڭ رەببىم ئاللاھدۇر، سەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى دەججال بولىسەن دەيدۇ. ۋە يەنە ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۈگۈنكىدەك ساڭا تولۇق ھۆججەت ئالامەت، دەلىل ــ ئىسپاتتا بولۇپ باقمىغان، سەن راستىنلا دەججال دەيدۇ. (چۈنكى، ئۇ مۆئمىن مۇشۇ ھەدىسنى تولۇق بىلىدۇ، بۇ ھەدىسلەر ئۇ چاغدا مۆجىزىگە ئايلىنىدۇ. ئۆزىمۇ مۆجىزە ئىدى). ھەقىقەتەن ئۇنىڭ پېتىنىسىنىڭ جۈملىسىدىن ئاسماننى يامغۇر يېغىشقا بۇيرىسا، يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زېمىننى زىرائەت، ئۆسۈملۈك ئۈندۈرۈشكە بۇيرىسا ئۇمۇ ئۈندۈرىدۇ. (لېكىن، ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ئىزنى بىلەن بولىدۇ) يەنە ئۇنىڭ پېتىنىسىدىن ئۇ بىر قەبىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار ئۇنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چارۋا ــ ماللىرى قالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر پېتىنىسى شۇكى، ئۇ يەنە بىر قەبىلىدىن ئۆتسە ئۇلار ئۇنى تەستىقلاپ ئىشىنىدۇ. ئاندىن ئۇ ئاسماننى بۇيرىسا، يامغۇر ياغىدۇ، زېمىننى بۇيرىسا زىرائەت ئۈندۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ چارۋا ــ ماللىرى شۇ كۈنىلا بۇرۇنقىدىن سېمىز، چوڭ قورسىقى توقلىقىدىن بەللىرى چىقىپ ئوتلايدۇ. شۇنداق سۈتلۈك بولۇپ كېتىدۇ. ئۇ، زېمىن قالماي ھەممە جايغا دەسسەيدۇ لېكىن، مەككە ــ مەدىنىگە كىرەلمەيدۇ. مەككە ــ مەدىنىنىڭ ھەربىر كوچا يول ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر، يالىڭاچ قىلىچ تۇتۇپ قوغدايدۇ. ئۇ مەدىنىگە يېقىن تۇزلۇق، شورلۇق زېمىنىنىڭ ئۈزۈلگەن جايىدىكى قىزىل دۆۋە تۆپىلىككە چۈشكەندە مەدىنە ئىچىدە مۇناپىق ئەر، مۇناپىق ئايال قالماي ھەممىسى دەججالنىڭ قېشىغا چىقىدۇ. مەدىنە ئۆزىدىن خۇددى كۆرەك ئوتى تۆمۈرنىڭ كىرلىرىنى تازىلاپ يوقاتقاندەك نىجىسلارنى كاپىر، مۇناپىقلارنى تازىلايدۇ، شۇ كۈننى خالاس كۈنى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەرەبلەر شۇ كۈندە قەيەردە





بولىدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار ئۇ چاغدا ناھايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى كۆپىنچىسى بەيتۇلمۇقەددەستە بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئىمامى سالىھ، ياخشى كىشى بولۇپ، بىر چاغدا ئۇلارنىڭ ئىمامى ئۇلارغا بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىغا چىققاندا، تۇيۇقسىز ئۇلارغا ئىسا بامدات ۋاختىدا چۈشىدۇ. ئىمام ئىسانىڭ ناماز ئوقۇپ بېرىشى ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىدۇ، ئىسا ئەلەيھىسسالام قولىنى ئىمامنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئالدىغا چىققىن، سەن ناماز ئوقۇۋەرگىن، سەن ئۈچۈن تەكبىر ئېيتىلدى دەيدۇ، ئىمام ئۇلارغا ناماز ئوقۇپ بېرىپ، نامازدىن قايتقاندا ئىسا ئىشىكنى ئېچىڭلار دەيدۇ. ئۇلار ئىشىكنى ئاچسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدا دەججال **70000** يەھۇدىي بىلەن بىللە تۇرىدۇ، ھەممىسى ئالتۇن بىلەن ھەل، زىبىنەت بېرىلگەن ئېسىل قىلىچلارنى ئاسقان ھالەتتە تۇرىدۇ، دەججال ئىسانى كۆرۈپ خۇددى تۇز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك ئېرىپ كېتىدۇ، ئۇ ئىسادىن قاچىدۇ. ئىسا، توختا! ھەقىقەتەن مېنىڭ ساڭا بىرلا قېلىچ ئۇرۇشۇم بار، سەن ھەرگىز ماڭا غالىپ كېلەلمەيسەن، قېچىپ قۇتۇلالمايسەن دەپ ئۇنى قوغلاپ بېرىپ شەرىق تەرەپتىكى لۇد دېيىلىدىغان ئىشىكتە ئۇنى تېپىپ ئۆلتۈرىدۇ. ئاللاھتائالا يەھۇدىيلارنى مەغلۇپ قىلىپ يېڭىدۇ.

ئاللاھ ياراتقان ھەر قانداق بىر نەرسىدە يەھۇدىي يوشۇرۇنۇپ ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى بولسا، ئاللاھ ئۇ نەرسىنى سۆزلىتىۋېتىدۇ، تاش، چالما دەرەخ، تام، ھايۋانمۇ قالماي ھەممىسى: ئى ئاللاھنىڭ مۇسۇلمان بەندىسى، مانا بۇ يەھۇدىي، بۇجايغا يوشۇرۇنىۋالدى كەل بۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكىن دەيدۇ، لېكىن، غەرقەد ئىسىملىك دەرەخ سۆز قىلمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۇلارنىڭ پەرۋىش قىلىدىغان شوخلۇق دەرىخىدۇر، ئاندىن مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۇممىتىم ئىچىدە ئادىل ھاكىم، ئادىل ئىمام بولىدۇ، كرېس بەلگىسىنى چاقىدۇ، توڭگۇزلارنى ئۆلتۈرىدۇ، دىنسىزلارنىڭ ئىسلام دۆلىتىگە تاپشۇرىدىغان باجنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت ئىسلام دىنىنىلا قوبۇل قىلىدۇ، بولمىسا ئۆلتۈرىدۇ، ئۆشرە ــ زاكاتنى يىغمايدۇ، قوي، كالا، تۆگىلەرنى زاكات ھېسابلاپ ئالمايدۇ، ئۆزئارا ئۆچ ــ ئاداۋەت، دۈشمەنلىك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ھەربىر زەھەرلىك ھايۋاننىڭ زەھىرى تارتىلىپ ئېلىپ تاشلىنىدۇ، ھەتتا كىچىك سەبى بالىلار قوللىرىنى زەھەرلىك يىلاننىڭ ئاغزىغا سالسا، يىلان ئۇ بالىغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ، بىر كىچىك دېدەك، چۆرە، بالا، شىر، يولۋاسقا زەرەر يەتكۈزسىمۇ ئۇ يولۋاس، ئۇ قىزچاققا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. بۆرىلەر قويلار ئارىسىدا خۇددى شۇ قويلارنى باقىدىغان ئىتتەك بولۇپ قالىدۇ، پۈتۈن زېمىن خۇددى قاچا سۇغا تولغاندەك تىنچلىققا، سالامەتلىككە تولىدۇ، كەلىمە بىرلا بولىدۇ، يەنى ئىسلام دىنىلا «لا ئىلاھە

ئىللەللاھ» بولىدۇ. ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسىگە ئىبادەت قىلىنمايدۇ، پەقەت بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىنىدۇ، ئۇرۇش توختۇتۇلىدۇ.

ئەرەبلەر پادىشاھلىقنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ، زېمىن خۇددى كۈمۈش تەخسى، پەتنۇستەك بولۇپ ئادەمنىڭ زامانىدەك ئۆسۈملۈك ئۈندۈرىدۇ، بەرىكەت تولىدۇ، ھەتتا بىر توپ جامائەت بىر ساپاق ئۈزۈمگە تويىدۇ، بىر توپ جامائەت بىرلىشىپ بىر تال ئانارنى يېسە شۇ بىر تال ئانار ئۇلارنى تويغۇزىدۇ.

كالا مۇنداق مالغا ئېلىنىدۇ، يەنى قىممەت، ئات بولسا، بىر نەچچە ئۇششاق دەرھەمگە سېتىلىدۇ، ئۇلار ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! نېمە ئۈچۈن ئات ئەرزان؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈنكى ئۇ مەڭگۈ جەڭگە مىنىلمەيدۇ، كالا بولسا پۈتۈن يەرنى ھەيدەيدۇ، شۇڭا ئۇ قىممەت دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى، دەججالنىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىدا ئۈچ يىل بولۇپ، بۇ قەھەتچىلىك يىللاردا كىشىلەرگە قاتتىق ئاچارچىلىق يېتىدۇ، بىرىنچى يىلىلا ئاللاھ، ئاسماننى يامغۇرنىڭ ئۈچتەن بىرىنى توختۇتۇشقا بۇيرۇيدۇ، زېمىننى ئۆسۈملۈك، زىرائەتلىرىنىڭ ئۈچتەن بىرىنى توختۇتۇشقا ساقلاپ چىقارماسلىققا بۇيرىيدۇ، ئىككىنچى يىلى ئۈچتەن ئىككى قىسمىنى توختۇتۇشقا بۇيرىيدۇ، ئۈچىنچى يىل بولسا، ئاسماننى پۈتۈنلەي يامغۇر ياغدۇرماسلىققا، زېمىننى پۈتۈنلەي ئۆسۈملۈك، زىرائەت، گىياھ ئۈندۈرمەسلىككە بۇيرىيدۇ، ئاسمان بىر تامچە يامغۇر ياغدۇرمايدۇ، زېمىنمۇ بىر تال گىياھ ئۈندۈرمەيدۇ، تۆگە، كالا، قوي، ئۆچكىلەر، چارۋىلار پۈتۈنلەي قالماي ئۆلۈپ تۈگەيدۇ، ئۇلار نېمە يەيدۇ؟ دېيىلدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلار تۇرمۇشنى تەھلىل، تەكبىر، تەسبىھ، ھەمدۇ ئېيتىپ ئۆتكۈزىدۇ، ئاشۇ ئىبادەت زىكىرلەر ئۇلارغا تاماقنىڭ ئورنىدا كۇپايە بولىدۇ دېگەن. ئىبنى ماجە 4067 _ ھەدىس، ئىبنى خۇزەيمە، ھاكىم، زىيائۇلمەقدەسى توپلىغان، سەھىھ. بىز بۇ خىل ھەدىسدىن يۇقىرىدا ھۆكۈم ئالغان ئىدۇق.

**يا معشر المهاجرين ! خصال خمس إذا ابتليتم بن و أعوذ بالله أن تدركوهن: لم تظهر الفاحشة في قوم قط حتى يعلنوا بها إلا فشا فيهم الطاعون و الأوجاع التي لم تكن مضـت في أسلافهم الذين مضوا و لم ينقصوا المكيال و الميزان إلا أخذوا بالسنين و شدة المؤنـة و جور السلطان عليهم و لم يمنعوا زكاة أموالهم إلا منعوا القطر من السماء و لولا البهائم لم يمطروا و لم ينقضوا عهد الله و عهد رسوله إلا سلط الله عليهم عدوهم من غيرهم فأخذوا**





**بعض ما كان في أيديهم و ما لم تحكم أئمتهم بكتاب الله عز و جل و يتحروا فيما أنزل الله إلا جعل الله بأسهم بينهم (ه ك) عن ابن عمر**

**639**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى مۇھاجىرلار گورۇھى! بەش خىسلەت ئىش بولۇپ، سىلەر ئۇنىڭ بىلەن سىنالساڭلار مۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ، مەن ئاللاھقا سېغىنىپ، ئۇ ئىشلارنىڭ سىلەرنى تېپىۋېلىشىدىن سىلەرنىڭ ئۇ بەش ئىشنى قىلىشىڭلاردىن پاناھ تىلەيمەن، ھەر قانداق بىر قەۋمدە زىنا، پاھىشە ئاشكارا بولسا، ئۇلار زىنانى ئوچۇق _ ئاشكارا ئىلان قىلىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋابا كېسىلى ۋە ئۇلاردىن بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن ئىلگىرىكى ئاتا _ بوۋىلىرىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان قورقۇنۇشلۇق كېسەللەر ئاشكارا بولۇپ كەڭ تارقاپ كېتىدۇ. تاراز، مىيزان، كەمچەنلەردە كام بېرىپ، كىشىلەرنى زىيانغا ئۇچراتسا، ئۇلار قەھەتچىلىك يىللار بىلەن چىقىمنىڭ خىراجەتنىڭ قاتتىق ئېغىر بولۇشى بىلەن سۇلتان، پادىشاھنىڭ جەۋرى _ جاپا، زۇلمى بىلەن ئازابلىنىدۇ. ماللىرىنىڭ زاكاتلىرىنى بەرمىسە، ئۇلارغا ئاسماندىن يامغۇر ياغمايدۇ، ھايۋانلار بولمىغان بولسىغۇ ئۇلارغا بىر تامچىمۇ يامغۇر ياغمايتتى، ئاللاھنىڭ ئەھدىنى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەھدىسنى بۇزسا، ئاللاھ ئۇلارغا ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى غالىپ قىلىۋېتىدۇ. ئۇلاردىن باشقا بولغان دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ قوللىرىدىكى بارلىق نەرسىلەرنى ئېلىۋالىدۇ. ئىماملار، باشلىقلار، ئاللاھنىڭ كىتابى قۇرئان بىلەن ھۆكۈم قىلمىسا، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەردە ئاللاھ نازىل قىلغان ۋەھىنى، قۇرئاننى تەلەپ قىلمىسا، ئىسلام دىنىنى قۇرئاننى قانۇن قىلمىسا، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ ئازابىنى، ھالاكىتىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئارىسىدا قىلىپ قويىدۇ، يەنى ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئىختىلاپ قىلىشىپ ھالاك بولىدۇ. ئىبنى ماجە، ھاكىملار توپلىغان، سەھىھ.

بۇ ھەدىس، مۆجىزە بولۇپ، راستىنلا زىنا، پاھىشە ئوچۇق _ ئاشكارا ئىلان قىلىنغان، كىشىلەردە ۋابا كېسىلى، بۇرۇن كۆرۈلۈپ باقمىغان كېسەللەر ئاشكارا بولۇپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالدى، بۇنى كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئىنتېرنېت تور بېتىنى كۆرۈڭ، دوكتۇرلار نۇرغۇن مۆجىزىلەرنى ئاشكارىلىغان، ھەدىسنىڭ كېيىنكى تەرەپلىرىمۇ مۆجىزە بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەكلا يۈز بەرگەن ۋە ھەم كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

**يختصم الشهداء و المتوفون على فرشهم إلى ربنا في الذين يتوفون من الطاعون فيقول**

**الشهداء إخواننا قتلوا كما قتلنا و يقول المتوفون على فرشهم: إخواننا ماتوا على فرشهم كما متنا فيقضي الله بينهم فيقول ربنا: انظروا إلى جراحهم فإن أشبهت جراحهم جراح المقتولين فإنهم منهم و معهم فينظرون إلى جراح المطعونين فإذا جراحهم قد أشبهت جراح الشهداء فيلحقون بهم(حم ن) عن العرباض بن سارية**

**640**. ئىرباز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: شېھىدلەر بىلەن كۆرپىسى ئۈستىدە ۋاپات تاپقانلار، ۋابا كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەر توغرىسىدا رەببىمىزگە ئەرز قىلىپ داۋالىشىپ قالىدۇ. شېھىدلەر گورۇپپىسىدىكىلەر، ئۇلار يەنى ۋابا كېسىلىدە ۋاپات تاپقانلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، چۈنكى ئۇلار بىز ئۆلتۈرۈلگەندەك ياردار قىلىنىپ، جاراھەتتە ئۆلتۈرۈلدى دەيدۇ، كۆرپىسى ئۈستىدە ۋاپات تاپقانلار، ئۇلار بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز، چۈنكى، ئۇلار خۇددى بىز ئۆلگەندەك كۆرپىسى ئۈستىدە ئۆلدى دەيدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا رەببىمىز ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ، ئۇلارنىڭ جاراھىتىگە قاراپ بېقىڭلار، ئەگەر ۋابادا ئۆلگەنلەرنىڭ جاراھىتى ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جاراھىتىگە ئوخشاش بولسا ھەقىقەتەن ئۇلار شېھىدلەردىن بولىدۇ، شېھىدلەر بىلەن بىللە بولىدۇ. جاراھىتىگە قارىسا ناگاھان ئۇلارنىڭ جاراھىتى شېھىدلەرنىڭ جاراھىتىگە ئوخشاش ئىكەن. ئاندىن ئۇلار شېھىدلەرگە قوشۇپ قويۇلىدۇ. (ۋابادا ئۆلگەن كىشى شېھىد دېگەن سەھىھ ھەدىس يۇقىرىدا ئۆتتى، شۇڭا بۇ ھەدىس ھەسەن). ئەھمەد، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

**641 (صحيح) يخرج الدجال في أمتي فيمكث أربعين فيبعث الله تعالى عيسى ابن مريم كأنه عروة بن مسعود الثقفي فيطلبه فيهلكه ثم يمكث الناس سبع سنين ليس بين اثنين عداوة ثم يرسل الله ريحا باردة من قبل الشام فلا يبقى على وجه الأرض أحد في قلبه مثقال ذرة من إيمان إلا قبضته حتى لو أن أحدكم دخل في كبد جبل لدخلت عليه حتى تقبضه فيبقى شرار الناس في خفة الطير و أحلام السباع لا يعرفون معروفا و لا ينكرون منكرا فيتمثل لهم الشيطان فيقول: ألا تستجيبون ؟ فيقولون: بم تأمرنا ؟ فيأمرهم بعبادة الأوثان فيعبدونا و هم في ذلك دار رزقهم حسن عيشهم ثم ينفخ في الصور فلا يسمعه أحد إلا أصغى ليتا و رفع ليتا و أول من يسمعه رجل يلوط حوض إبله فيصعق و يصعق الناس ثم يرسل الله مطرا كأنه الطل فينبت منه أجساد الناس ثم ينفخ فيه أخرى فإذا هم**





**قيام ينظرون ثم ؟ يقال: يا أيها الناس ! هلم إلى ربكم (وقفوهم إنهم مسئولون ثم يقال: أخرجوا بعث النار فيقال: من كم ؟ فيقال: من كل ألف تسعمائة و تسعة و تسعون فذلك يوم يجعل الولدان شيبا و ذلك يوم يكشف عن ساق)(حم م) عن ابن عمر**

**641**. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: دەججال مېنىڭ ئۈممىتىم ئىچىدە ئاشكارا بولۇپ چىقىپ، قىرىق كۈن تۇرىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا، مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتىدۇ، ئۇ خۇددى سۇقەفىيلىك ئۇرۋەت ئىبنى مەسئۇدقا ئوخشايدۇ، ئىسا، دەججالنى ئىزدەپ قوغلاپ بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ، ئاندىن كىشىلەر يەتتە يىل تۇرىدۇ، بۇ يىللاردا ئىككى كىشىنىڭ ئارىسىدا ئۆچ ـ ئاداۋەت بولمايدۇ، ئاندىن، ئاللاھتائالا سوغۇق شامالنى ئەۋەتىدۇ، بۇ شامال شام تەرەپتىن چىقىپ، يەر يۈزىدە قەلبىدە زەررە مىقداردا ئىمانى بار كىشىنىڭ ھېچ بىرىنى قالدۇرماي جېنىنى قەبزى روھ قىلىپ ئالىدۇ. ھەتتا، بىرىڭلار تاغنىڭ ئوتتۇرىدىكى غارغا كىرىۋالسىمۇ ئۇ شامال كىرىپ ئۇنىڭمۇ جېنىنى ئالىدۇ، ئاندىن كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار يامانلىقدىن، ئەقلسىزلىقدىن، تاجاۋۇز قىلىشىدا، زۇلۇم قىلىشىدا خۇددى يىرتقۇچ، گۆشخور ھايۋانلارنىڭ، گۆشخور قۇشلارنىڭ ئەخلاقىدا بولۇپ كېتىدۇ، ياخشىلىقنى ياخشىلىق دەپ تونۇمايدۇ، يامانلىقنى ئىنكار قىلمايدۇ، ئاندىن ئۇلارغا شەيتان سۇرەتكە كېلىپ يول كۆرسەتكۈچىنىڭ سۇرىتىگە كىرىۋېلىپ، چاقىرىققا ئاۋاز قوشمامسىلەر؟ دەيدۇ، ئۇلار بىزنى نېمىگە بۇيرۇيسەن؟ دەيدۇ، شەيتان ئۇلارنى بۇتلارغا ئىبادەت قىلىپ، بۇتقا چوقۇنۇشقا بۇيرۇيدۇ ئۇلار بۇتقا ئىبادەت قىلىپ كېتىدۇ.

ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، ئۇلارنىڭ رىزقى كەڭرىپ، تۇرمۇش مەئىيشىتى ناھايىتى ياخشىلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن سۇر مۈڭگۈز پۈۋدىلىدۇ، يەنى ئىسراپىل سۇرنى پۈۋلەيدۇ، ئۇنى ئاڭلىغان ھەر قانداق بىر كىشى بويىنىنى ئېگىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇلاق سالىدۇ، ئۇ ئاۋازنى ئاڭلايدىغان تۇنجى كىشى تۆگىنىڭ كۆلىنى ئوڭشاۋاتقان كىشى بولۇپ، ئۇ شۇ ھامان ھۇشىدىن كېتىپ ئۆلىدۇ، ئاندىن بارلىق كىشىلەر ئۆلىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالا خۇددى شەبنەم تامچىسىدەك يامغۇرنى ئەۋەتىدۇ، ئاندىن شۇ يامغۇردىن، زېمىندىن ئىنسانلارنىڭ جەسەدلىرى ئۈنۈپ چىقىدۇ، ئاندىن سۇرە يەنە بىر قېتىم پۈۋدىلىدۇ. كىشىلەر ناگاھان قەبرىلىرىدىن چىقىپ، تىرىلىپ قوپۇپ، نېمىگە بۇيرۇلىدىغانلىقىغا ئىنتىزار بولۇپ قاراپ تۇرىشىدۇ، ئاندىن، ئى ئىسانلار! (جىنلار!) رەببىڭلار تەرەپكە كېلىڭلار!

دىيىلدۇ. ئۇلارنى توختۇتۇڭلار، ھەقىقەتەن ئۇلاردىن سوئال- سوراق سورۇلىدۇ، ھېساب ئېلىنىدۇ دىيىلىدۇ، ئاندىن دوۋزاخ ئەھلىنى چىقىرىڭلار دىيىلىدۇ، قانچىلىك دەپ سورىلىدۇ؟ ھەر 1000دىن 999نى دوۋزاخقا چىقىرىلىدۇ دىيىلىدۇ، ئەنە شۇ بولسا، قورقۇنۇشلۇقىدىن كىچىك باللارنىڭ چېچىنى ئاق باش قىلىۋېتىدىغان كۈندۇر، ئاشۇ بولسا، ئىش بەكمۇ قىيىنلىشىدىغان كۈندۇر، (بۇ، سۈرە قەلەم 42 ـ ئايەت، باللارنىڭ بېشى ئاقىرىشى، سۈرە مۇززەممىل 17 ـ ئايەت). ئەھمەد 6268 ـ ھەدىس، مۇسلىم 5233 ـ ھەدىس، سەھىھ. مانا بۇ بىزنىڭ ئەقىيدىمىز، بىز شەكسىز ئىشىنىمىز

يخرج قوم من أمتي يقرءون القرآن ليس قراءتكم إلى قراءتم بشيء و لا صلاتكم إلى صلاتم بشيء و لا صيامكم إلى صيامهم بشيء يقرءون القرآن يحسبون أنه لهم و هو عليهم لا تجاوز صلاتم تراقيهم يمرقون من الإسلام كما يمرق السهم من الرمية لو يعلم الجيش الذين يصيبونم ما قضى لهم على لسان نبيهم لاتكلوا عن العمل و آية ذلك أن فيهم رجلا له عضد ليس فيه ذراع على رأس عضده مثل حلمة الثدي عليه شعرات بيض (م د) عن علي

642. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنىڭ ئۇممىتىمدىن بىر تۈركۈم قەۋملەر چىقىدۇكى، ئۇلار قۇرئان ئوقۇيدۇ، سىلەرنىڭ قىرائىتىڭلار، نامىزىڭلار، روزاڭلار ئۇلارنىڭ قىرائىتى، نامىزى، روزىسىغا نىسبەتەن ھېچ نەرسە ئەمەس. (يەنى ئۇلار كۆپ قىلىدۇ، سىلەرنىڭ ئىبادەتلىرىڭلارنى ئاز سانايدۇ)، ئۇلار قۇرئان ئوقۇپ، ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە بولىدى دەپ گۇمان قىلىدۇ، ئەمەلىيەتتە قۇرئان ئۇلارنىڭ زىيىنىغا ھۆججەت بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ناماز، ئىبادەتلىرى گاللىرىدىن ئۆتمەيدۇ، ئۇلار ئىسلام دىنىدىن خۇددى ئوق ئېتىلغان نىشانىغا تېگىپ تېزلا چىقىپ كەتكەندەك تېزلا چىقىپ كېتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرىدىغان قوشۇن، پەيغەمبىرىنىڭ تىلى بىلەن ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىنىدىغان پەزىلەت، ئەجىرلەرنى بىلىپ قالسا، شۇ ئەجىر، پەزىلەتكە يۆلىنىۋېلىپ، ئەمەل قىلمايتتى. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشتە شۇنداق كاتتا ئەجىر بار، ئۇلارنىڭ ئالامەت بەلگىسى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلىكى شۇنداق سىمىز، تومبولۇپ، خۇددى سۆڭكى يوقتەكلا، ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ باش تەرىپىدە ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىنىڭ تۇپچىسىدەك مونەك بار، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق تۈكلەر باردۇر، (كىيىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ





ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، باستۇرۇپ بولۇپ، ئاشۇ بەلگىنى ئىزدەپ تېپىپ، خۇشاللىقىدىن تەكبىر توۋلاپ كەتكەن، ئۇلار خاۋارىجلاردۇر). مۇسلىم 1773 ـ ھەدىس، ئەھمەد 635 ـ 668 ـ ھەدىس، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

643 (صحيح) يوشك أن يأتي زمان يغربل فيه الناس غربلة و تبقى حثالة من الناس قد مرجت عهودهم و أماناتم و اختلفوا فكانوا هكذا - و شبك بين أصابعه - قالوا: كيف بنا يا رسول الله ؟ قال: تأخذون ما تعرفون و تدعون ما تنكرون و تقبلون على أمر خاصتكم و تذرون أمر عامتكم (حم د ك) عن ابن عمر

643. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: يېقىندا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۇ چاغلاردا كىشىلەر تاللىنىپ تاسقىلىپ ياخشىلىرى كېتىپ، رەزىل، ناچارلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەھدىلىرى، ئامانەتلىرى بۇزۇلۇپ، ئارىلىشىپ پاسادلىشىدۇ، ئۇلار ئىختىلاپلىشىپ، مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ. ـ بارماقلىرىنى كىرىشتۈردى ـ، بىر ـ بىرى بىلەن ئەنە شۇنداق ئىختىلاپقا كىرىشىپ كېتىدۇ. ئۇلار بىز قانداق قىلىمىز، يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم؟ دېگەندە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:سىلەر ياخشى دەپ تونىغان ئىشلارنى تۇتۇسىلەر، يامان دەپ قارىغان ئىشلارنى بولسا، ئىنكار قىلىپ، تەرىك ئېتىسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ خاس ئىشىڭلارغا ئالدىڭلارنى قىلىپ چىڭ تۇتىسىلەر، ئاۋام خەلقنىڭ ئىشىنى تەرىك ئېتىسىلەر، (چۈنكى، ئۇ پىتنە ـ پاساد، ئىختىلاپ، ئۇرۇش ـ جېدەل، قالايمىقان ۋاقىتتۇر). ئەبۇ داۋۇد 3779 ـ ھەدىسى، ئەھمەد 6766 ـ ھەدىس، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

644 (صحيح) غير الدجال أخوفني عليكم إن يخرج و أنا فيكم فأنا حجيجه دونكم و إن يخرج و لست فيكم فامرؤ حجيج نفسه و الله خليفتي على كل مسلم إنه شاب قطط إحدى عينيه كأنا عنبة طافية كأني أشبهه بعبد العزى بن قطن فمن أدركه منكم فليقرأ عليه فواتح سورة الكهف إنه خارج خلة بين الشام و العراق فعاث يمينا و عاث شمالا يا عباد الله فاثبتوا قالوا: يا رسول الله ما لبثه في الأرض ؟ قال: أربعون يوما يوم كسنة و يوم كشهر و يوم كجمعة و سائر أيامه كأيامكم قالوا: يا رسول الله ! فذلك اليوم كسنة أتكفينا فيه صلاة يوم ؟ قال: لا اقدروا له قالوا: و ما إسراعه في الأرض ؟

**قال: كالغيث استدبرته الريح فيأتي على القوم فيدعوهم فيؤمنون به و يستجيبون له فيأمر السماء فتمطر و الأرض فتنبت فتروح عليهم سارحتهم أطول ما كـانت درا و أشـبعه ضروعا و أمده خواصر ثم يأتي القوم فيدعوهم فيردون عليـه قولـه فينصـرف عنـهم فيصبحون ممحلين ليس بأيديهم شيء من أموالهم و يمر بالخربة فيقول لها: أخرجي كنوزك فتتبعه كنوزها كيعاسيب النحل ثم يدعو رجلا ممتلئا شبابا فيضربه بالسيف فيقطعه جزلتين رمية الغرض ثم يدعوه فيقبل و يتهلل وجهه و يضحك ; فبينما هو كذلك إذ بعـث الله المسيح ابن مريم فينزل عند المنارة البيضاء شرقي دمشق بين مهرودتين واضعا كفيه عـلى أجنحة ملكين إذ طأطأ رأسه قطر و إذا رفعه تحدر منه جمان كاللؤلؤ فلا يحل لكـافر يجـد ريح نفسه إلا مات و نفسه ينتهي حيث ينتهي طرفه فيطلبه حتى يدركه بباب لد فيقتله ثم يأتي عيسى قوم قد عصمهم الله منه فيمسح عن وجوههم و يحدثهم بدرجاتم في الجنـة ; فبينما هم كذلك إذ أوحى الله إلى عيسى: إني أخرجت عبادا لا يدان لأحد بقتالهم فحرز عبادي إلى الطور و يبعث الله يأجوج و مأجوج و هم من كل حدب ينسلون فيمر أوائلهم على بحيرة طبرية فيشربون ما فيها و يمر آخرهم فيقولون: لقد كان بهذه مـرة مـاء ! ثم يسيرون حتى ينتهوا إلى جبل الخمر و هو جبل بيت المقدس فيقولون لقد قتلنـا مـن في الأرض هلم فلنقتل من في السماء فيرمون بنشابم إلى السماء فيرد الله علـيهم نشـابم مخضوبة دما ; و يحصر نبي الله عيسى و أصحابه حتى يكون رأس الثور لأحدهم خيرا من مائة دينار لأحدكم اليوم فيرغب نبي الله عيسى و أصحابه فيرسل الله علـيهم الـنغف في رقابم فيصبحون فرسى كموت نفس واحدة ; ثم يهبط نبي الله عيسـى و أصـحابه إلى الأرض فلا يجدون في الأرض موضع شبر إلا ملأه زهمهم و نتنهم فيرغب نبي الله عيسى و أصحابه إلى الله عز و جل فيرسل الله طيرا كأعناق البخت فتحملهم فتطرحهم حيث شاء الله ثم يرسل الله قطرا لا يكن منه بيت مدر و لا وبر فيغسل الأرض حتى يتركها كالزلفة ثم يقال للأرض: انبتي ثمرتك و دري بركتك فيومئذ تأكل العصابة من الرمانة و يستظلون بقحفها و يبارك في الرسل حتى أن اللقحة من الإبل لتكفي الفئام من الناس ; و اللقحـة من البقر لتكفي القبيلة من الناس و اللقحة من الغنم لتكفي الفخذ من الناس ; فبينما هم**





**كذلك إذ بعث الله ريحا طيبة فتأخذهم تحت آباطهم فتقبض روح كل مؤمن و كل مسلم و يبقى شرار الناس يتهارجون فيها تارج الحمر فعليهم تقوم السـاعة(حـم م ت) عـن النواس بن سمعان**

**644**. نەۋۋاس ئىبنى سەمئان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: مېنى سىلەردىن ئەنسىرەتكىنى دەججالدىن باشقا نەرسىدۇر ياكى دەججالدىن باشقا نەرسە مېنى سىلەرگە ئەنسىرىتەلمەيدۇ، ئەگەر ئۇ مەن ئاراڭلاردىكى چاغدا چىقىپ قالسا، مەن سىلەرنى قوغداپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆزۈم ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىمەن، مەن غالىپ كېلىمەن، ئەگەر ئۇ ئاراڭلاردا مەن يوق چاغدا چىقىپ قالسا، ھەربىر ئىنسان ئۆزى ھۆججەت قويۇپ داۋالىشىدۇ، دەججالغا قارشى چىڭ تۇرىدۇ، ئاللاھتائالا ھەربىر مۇسۇلماننى مېنىڭ خەلىپەم، ئىز باسارىم بولۇپ ياردەم بېرىدۇ، ھەقىقەتەن دەججال: يېرىك چاچلىق، چېچى قاتتىق بۇدرە، بىر كۆزى نۇرسىز، خۇددى ئۈزۈمدەك ئۆرلەپ قالغاندۇر، مەن ئۇنى ئابدۇلئۇززا ئىبنى قەتەنگە ئوخشىتىمەن، سىلەردىن كىم دەججالنى تاپسا، ئۇنىڭغا قارشى سۈرە كەھفىنىڭ باش تەرىپىدىكى ئايەتلەرنى ئوقۇسۇن، دەججال شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىكى تاشلىق بىر زېمىندىن چىقىدۇ، ئۇ ئوڭ تەرەپكە، سول تەرەپكە قاتتىق پىتنە ـ پاسادلار بىلەن ئالدىرايدۇ، ئى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! مۇستەھكەم، چىڭ تۇرۇڭلار، سۇباتلىق بولۇڭلار، ساھابىلار، ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئۇ زېمىندا قانچىلىك تۇرىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم 40 كۈن تۇرىدۇ، تۇنجى بىر كۈن بىر يىلدەك. ئىككىنچى كۈن بىر ئايدەك، يەنە بىر كۈن بىر ھەپتىدەك بولۇپ، قالغان كۈنلىرى سىلەرنىڭ ھازىرقى كۈنلىرىڭلارغا ئوخشاشتۇر دېدى، ساھابىلار: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، ئاشۇ بىر كۈن بىر يىلدەك بولسا، شۇ بىر يىلدەك بىر كۈن ئىچىدە ھازىرقى بىر كۈنلۈك نامىزىمىز كۇپايە بولامدۇ؟ دېدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: ياق، ھەرگىز كۇپايە بولمايدۇ، ئۇ كۈننى ھازىرقى مۇشۇ كۈنگە ئۆلچەڭلار، مىقدارىنى ئۆلچەپ شۇ ئۇزۇن بىر كۈندە بىر يىللىق نامازنى ئوقۇيسىلەر دەپ جاۋاب بەردى، ئۇلار دەججالنىڭ زېمىندىكى ئالدىراش سۈرئىتى قانداق بولىدۇ؟ دېدى، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇددى شامال، بوران قالدۇرغان يامغۇردۇر، يەنى بوراندەك تېزلىكتە زېمىننى ئايلىنىدۇ دېدى، دەججال مەلۇم بىر قەۋمگە كېلىپ، ئۇلارنى ئۆزىگە چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئىمان كەلتۈرىدۇ، چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشىدۇ، ئۇ ئاسماننى بۇيرۇيدۇ، ئاسمان يامغۇر ياغدۇرىدۇ، زېمىننى بۇيرىسا زىرائەت، ئوت ـ چۆپلەرنى مول

ئۈندۈردۇ، ئۇلارغا چاھارپاي، ھايۋانلىرى كەچ تەرەپتە لوكىسى ناھايىتى ئېگىز، بويى ئۆسكەن يىلىنلىرى سۈتكە تولغان، قورساقلىرى تويۇپ، تازا چىققان ھالەتتە قايتىپ كېلىدۇ، (يەنى بىر كۈندىلا سەمرىپ كېتىدۇ.) ئاندىن ئۇ يەنە بىر قەۋمگە كېلىپ، ئۇلارنى چاقىرىدۇ، ئۇلار ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىدۇ، دەججال ئۇلاردىن قايتىپ كېتىدۇ، ئۇلار قەھەتچىلىككە قېلىپ، قوللىرىدا ھېچ نەرسە قالمايدۇ، مال – مۈلۈكلىرى تۈگەپ كېتىدۇ، دەججال بىر خارابىلىقدىن ئۆتۈپ، ئۇ جايغا ئالتۇن – كۈمۈش كانلىرىڭنى چىقارغىن دەيدۇ، ئاندىن ئۇ جايىنىڭ كانلىرى دەججالغا خۇددى ھەسەل ھەرىسىنىڭ جامائەت تۇپى ئەگەشكەندەك ئەگىشىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇ، تولغان، ياش، سېمىز بىر يىگىتنى چاقىرىپ، ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ، ئىككى پارچە قىلىپ، ئوقيانى نىشانغا ئاتقاندەك يىراققا ئېتىۋېتىدۇ، ئاندىن دەججال ئۇ يىگىتنى چاقىرسا، يىگىت يۈزلىرى نۇرلانغان، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خۇشخۇي چىراي بىلەن ئالدىنى قىلىپ كېلىدۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا مەريەم ئوغلى ئىسانى ئەۋەتىدۇ، ئىسا، (ھازىرقى سۈرىيەنىڭ پايتەختى) دەمەشقنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى ئاق مۇنارغا زەئپىران بىلەن بويالغان ئىككى تون ئارىسىدا ئىككى قولىنى ئىككى پەرىشتىنىڭ قاناتلىرىغا قويغان ھالدا چۈشىدۇ، ئۇ بېشىنى پەس قىلسا، تامچىلار چۈشىدۇ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرسە ئۇنىڭدىن خۇددى گۆھەر دانچىلىرىدەك تەر چۈشىدۇ، ھەرقانداق كاپىر، دىنسىز ئۇنىڭ نەپەس پۇرىقىنى تاپسا، شۇ ھامان ئۆلىدۇ، ئۇنىڭ نەپەس پۇراقلىرى كۆزى يەتكەن جايغا يېتىدۇ، ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالام دەججالنى قوغلاپ بېرىپ، ئۇنى لود دېگەن جايىنىڭ ئىشىكىدە تېپىپ، شۇ جايدىلا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئاندىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا، ئاللاھتائالا دەججالدىن ساقلاپ، مۇھاپىزەت قىلىپ قالغان قەۋملەر كېلىدۇ، ئىسا ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ ئۇلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىلىرىنى سۆزلەپ بېرىدۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز، ئاللاھتائالا، ئىسا ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق ۋەھى قىلىدۇ: ھەقىقەتەن مەن نۇرغۇن بەندىلەرنى چىقىرىۋېتىمەن، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ھېچبىر كىشى ئۇچۇن كۈچ – قۇدرەت يوق، سەن بۇ بەندىلىرىمنى تۇر تېغىغا يىغقىن! (ئىسا، مۇسۇلمانلار بىلەن تۇر تېغىغا جايلاشقاندا) ئاللاھتائالا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنى ئەۋەتىدۇ، ئۇلار ھەربىر ئېگىز جايلاردىن ئالدىرىشىپ، يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلكى قوشۇنلىرى تەبرىييە دېڭىزىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىكى سۇنى ئىچىپ تۈگىتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاخىرى كېلىپ، ھەقىقەتەن مۇشۇ جايدا بىر قېتىم سۇ ئېقىپتىكەن ھە! دەپ قالىدۇ. ئاندىن ئۇلار سەيرە قىلىپ، خەمىر تېغىغا يېتىپ بارىدۇ، ئۇ بەيتۇلمۇقەددەستىكى





تاغدۇر، ئاندىن ئۇلار ھەقىقەتەن بىز زېمىندىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈپ تۈگەتتۇق، كېلىڭلار، ئەمدى بىز ئاسماندىكى كىشىلەرنى ئۆلتۈرەيلى! دەپ ئاسمانغا ئوقيا ئاتىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنى تېخمۇ پىتنە، سىناققا قويۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئوقيالىرىنى قانغا بويالغان ھالدا قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى مۇھاسىرىگە ئېلىنىدۇ، ھەتتا ئۇلارغا بىر كالىنىڭ بېشى، بۈگۈنكى كۈندە سىلەرنىڭ بىرىڭلارغا 100 دىنار ئالتۇن بولۇشىدىنمۇ ياخشىراق بولۇپ قالىدۇ، ئىسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىپ، تەزەررۇئ بىلەن دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھتائالا يەئجۇج ۋە مەئجۇجلارنىڭ بويۇنلىرىغا تۆگە، قوينىڭ بۇرنىغا كىرىۋالىدىغان قۇرۇتتەك بىر خىل قۇرۇتنى ئەۋەتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خۇددى بىر كىشى ئۆلگەندەكلا، ئۆلۈكلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئاندىن ئاللاھتائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى (قورغاندىن)زېمىنغا چۈشىدۇ، ئۇلار زېمىندىن بىر غېرىچ يەرنى تاپسىلا ئۇ جايدا يەئجۇج مەئجۇجلارنىڭ تاپلىرى، سېسىق پۇراقلىرى لىق تولغاندۇر، ئىسا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى، ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ، ئاللاھتائالا ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىپ، تۆگىنىڭ بويىنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان قۇشلارنى ئەۋەتىدۇ، قۇشلار ئۇلارنى كۆتۈرۈپ، ئاللاھ خالىغان جايلارغا زېمىننىڭ ئەڭ يىراق چوڭقۇر جايلىرىغا تاشلايدۇ، ئاندىن، ئاللاھتائالا يامغۇر ئەۋەتىدۇ، بۇ يامغۇر ھەربىر يۇڭ كىگىز ئۆي بولسۇن، ياكى تاش، چالما ئۆي بولسۇن، پاك – پاكىز يۇيۇپ، تازىلاپ، زېمىننى خۇددى ئەينەكتەك پاكىز قىلىپ قويىدۇ، ئاندىن زېمىنغا مېۋىلىرىڭنى ئۈندۈرگىن، بەرىكىتىڭنى ياغدۇرغىن دېيىلىدۇ، شۇ چاغدىكى بەرىكەتتىن بىر توپ جامائەت، بىر دانە ئانارنى يەپ تويىدۇ، ئۇنىڭ شاخلىرىدا سايىدايدۇ، ئۇ چاغدا سۈتكە شۇنداق بەرىكەت بېرىلىدۇكى، ھەقىقەتەن بىر دانە سېغىن تۆگە كىشىلەردىن نۇرغۇن جامائەتكە كۇپايە بولىدۇ. بىر دانە سېغىن كالا، كىشىلەرنىڭ بىر قەبىلىسىگە كۇپايە بولىدۇ، بىر دانە سېغىن قوي، كىشىلەرنىڭ بىر جەمەتكە كۇپايە بولىدۇ، ئۇلار شۇ ھالەتتە تۇرغاندا، تۇيۇقسىز ئاللاھتائالا، پاك، خۇشپۇراق بىر خىل يۇمشاق لەرزان شامالنى ئەۋەتىدۇ، ئۇ شامال ئۇلارنىڭ قولتۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، ھەربىر مۆئمىن مۇسۇلماننىڭ جېنىنى ئالىدۇ، كىشىلەرنىڭ ئەڭ يامانلىرى قېلىپ قالىدۇ، ئۇلار ئۇ چاغدا خۇددى ئېشەكلەر ئوچۇق - ئاشكارا بىرسى – بىرسىگە ئارتىلىپ، چېپىشقاندەك ئوچۇق – ئاشكارا مۇنكەر ئىشلارنى، جىنسى مۇناسىۋەتلەرنى قىلىشىدۇ، (ھايا قەتئىي يوقتۇر) ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قىيامەت قايىم بولىدۇ، ئەھمەد 16971 – ھەدىس، ئىبنى ماجە 4065 – ھەدىس، تىرمىزى 2166 – ھەدىس، مۇسلىم 5228 – ھەدىس، سەھىھ.

## ھەدىسنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى

1. دەججال ئەڭ قورقۇنۇشلۇق پىتنە ـ پاسادچى.

2. ھەربىر مۇسۇلمان ئاللاھنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى ھۆججەت قويۇپ دەۋالىشىدۇ.

3. دەججالنىڭ سۈپىتى، چىقىش ئورنى ئوچۇق سۆزلەندى.

4. دەججالغا قارشى سۈرە كەھپىنىڭ بېشى ئوقۇلىدۇ.

5. ئۇ شام بىلەن ئىراق ئارىسىدىن چىقىپ، پاساد تېرىيدۇ.

6. ئۇ زېمىندا 40 كۈن تۇرىدۇ، مۇددىتى يۇقىرىدا ئۆتتى.

7. ۋاقىت پەرقى مەككە ـ مەدىنىگە ئوخشاشمايدىغان جايلاردىكى ياكى ھازىرقى ۋاقىتتىن ئۇزۇن بولۇپ كەتسە، ياكى باشقا پىلانىتلارغا چىقىپ قالسا، ئالەم بوشلۇقىغا سەپەر قىلىپ قالسا، نامازنى مۇشۇ 24 سائەتلىك كۈنگە ئۆلچەيمىز.

8. دەججالغا ئەگەشىدىغانلار ۋە رەت قىلىدىغانلار، يەنىلا ھەق ۋە باتىل، ئىككى تائىپە كىشىلەر باردۇر.

9. دەججالغا كىشىلەرنى سىناش يۈزىسىدىن ھەرخىل سېھىرلىك ئىشلار بېرىلگەن، جىن ـ شەيتانلار ھەمكارلىشىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئىشلار دەل ئەكسىدۇر.

10. ھەربىر كىشى ھەربىر مۇسۇلمان ئىددىيىسىدە، ئېتىقادىدا دەججالغا قارشى كۆرەش قىلىدۇ، رەزىللىككە، باتىلغا قارشى كۆرەش قىلىدۇ، مانا بۇ ھازىرمۇ پاناھ تىلەشتۇر.

11. شۇ زامانلاردىكى مۆئمىنلەرمۇ قاتتىق سىناققا، بالالارغا گىرىپتار بولىدۇ.

12. ئىسا ئەلەيھىسسالام دەمەشىققە يەنى ھازىرقى سۈرىيىگە چۈشىدۇ،ئۇنى پەرىشتە ئېلىپ چۈشۈپ قويىدۇ.

13. ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كۈچلۈك، باتۇرلىقى، كارامىتى بار ھالدا چۈشۈشى، كاپىرلار ئۇنى كۆرۈپلا ئۆلۈپ كېتىشى باردۇر.





15. ئىسا چۈشۈپ دەججالنى ئۆلتۈرىدۇ، مانا بۇ قىيامەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئالامىتى.

16. دەججالدىن ساقلىنىپ قالغان مۇسۇلمانلارغا ئىسا، جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بېرىدۇ.

17. ئاندىن يەئجۇج مەئجۇجلار چىقىدۇ، تەنتاۋى ۋە بەزى ئالىملار ئۇلار بولسا، مۇڭغۇللار بىلەن خەنزۇلار دەپ قارىغان.

18. يەئجۇج مەئجۇجلار ئادەم بالىلىرىدۇر.

19. ئۇلار ئاسمانغا ھۇجۇم قىلماقچى بولىدۇ، مانا بۇ ئالەم بوشلۇقىدا ئۇرۇش قىلىشقا ئىشارەتتۇر.

20. شۇنچە كۆپ، شۇنچە ھاكاۋۇر، ھەددىدىن ئاشقان بۇ زالىملارنى ئاللاھتائالا بىر قۇرۇت دېگەن قوشۇن بىلەن ھالاك قىلىدۇ، مانا بۇ ۋابا كېسەللىگە، مىكرۇپ، ۋىرۇسقا ئىشارەتتۇر، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى ئايرىپ قېلىپ، دىنسىزلارنى يوقىتىدىغان گىن تەتقىقاتىدۇر.

21. ئاندىن، زېمىن تازىلىنىپ، قاتتىق بەرىكەت، مولچىلىق بولۇپ كېتىدۇ، كېيىن مۇسۇلمانلار قالماي تۈگەپ، ئەڭ يامان، ھاياسىز، دىنسىزلار قېلىپ قالىدۇ، قىيامەت ئەنە شۇلارنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

ئى مۇسۇلمانلار! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىڭلار. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەخلاقى قۇرئان كەرىم ئىدى.

بىزگە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدە ياخشى ئۈلگەباردۇر.

## رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر قىسىم دۇئالىرى

**1. اللهم اغفر لي ذنوبي و خطاياي كلها اللهم أنعشني و اجبرني و اهدني لصـالح الأعمال و الأخلاق فإنه لا يهدي لصالحها و لا يصرف سيئها إلا أنت (طـب) عـن أبي أمامة**

ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى. ئاللاھ، مەن ئۇچۇن بارلىق خاتالىقلىرىمنى، گۇناھلىرىمنى مەغپىرەت قىلسىلا، مېنى ياخشى ئەخلاق، ياخشى ئەمەللەرگە ھىدايەت قىلىپ، مەجبۇرى قىلدۇرسىلا،بۇ ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشتا، كۈچ ئاتا قىلسىلا، ياخشى ئەخلاق ياخشى ئەمەللەرگە سىلىلا ھىدايەت قىلالايلا، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پەقەت سىلىلا چۆرۈپ بۇرىۋېتەلەيلا، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**اللهم إني أعوذ برضاك من سخطك و بمعافاتك من عقوبتك و أعوذ بـك مـنك لا أحصي ثناء عليك أنت كما أثنيت على نفسك (م 4) عن عائشة**

2. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن رازىلىقلىرى بىلەن غەزەپلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەپۇ قىلىپ ساقلاشلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن، سىلىنىڭ رەھمەت پەزلىلىرى بىلەن ئازابلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلى ئۆزلىرىنى مەدھىيىلەپ ماختىغانىدە، مەن سىلىنى مەدھىيە، سانا بىلەن ماختاشقا قادىر بولالمايمەن، يەنى ھەمدۇسانا، مەدھىيىلەشنى ئاللاھ ئۆزى ئۆگىتىپ قويىدۇ، مۇسلىم تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من البرص و الجنون و الجذام و من سيء الأسقام (حم د ن) عن أنس**

3. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ مۇنداق پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاق كېسەلدىن، مەجنۇن، ساراڭلىقىدىن، جوزام تىرە كېسىلىدىن، كېسەللەرنىڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەھمەد، ئەبۇ





داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من التردي و الهدم و الغرق و الحرق و أعوذ بك أن يتخـبطني الشيطان عند الموت و أعوذ بك أن أموت في سبيلك مدبرا و أعوذ بك أن أموت لديغـا (ن ك) عن أبي اليسر**

4. ئەبۇليۇسرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ تاغ ئۈستىدىن ھاڭغا چۈشۈپ ياكى ئېگىزدىن چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولۇشتىن، بىنا ئۆرۈلۈپ ھالاك بولۇشتىن، سۇدا غەرىق بولۇشتىن، ئوتتا كۆيدۈرۈلۈشتىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ ئۆلۈم ئالدىدا شەيتاننىڭ مېنى يىقىتۋېلىشىدىن، مەن بىلەن سۈيقەست ئويۇنى ئوينىشىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ سىلىنىڭ يوللىرىدا ئۇرۇش قىلىش جەريانىدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ، دۈشمەندىن قېچىپ كېتىۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ يىلان – چايان چېقىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن پاناھ تىلەيمەن، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ. بۇ ھەدىستە پاناھ تىلەنگەن، غەرىق بولۇش، تام بېسىش، شېھىد قىلىنىدىغان، غەرىق بولۇش، تام بېسىشقا زىت، خىلاپتۇر.چۈنكى، ئۇ مۇسۇلمان مۆئمىنگە رەھمەتتۇر، بۇ پاناھ تىلىگىنى بولسا، بالا، ئاپەت ئاللاھنىڭ غەزەپ – نەپرىتىدۇر، ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ.

**اللهم إني أعوذ بك من الجوع فإنه بئس الضجيع و أعوذ بك من الخيانة فإنا بئسـت البطانة(د ن ه)عن أبي هريرة.**

5. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاچلىقىدىن پاناھ تىلەيمەن، ھەقىقەتەن ئاچلىق، يامانلىق ھەمراھ، يامان ياتاق، يەنى ئۇيقۇسىز قويىدۇ، سىلىگە سېغىنىپ خىيانەتدىن پاناھ تىلەيمەن، ھەقىقەتەن خىيانەت بولسا، يوشۇرۇن يامان خىسلەتتۇر، ئەبۇ داۋۇد، نەسئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ھەسەن.

**اللهم إني أعوذ بك من العجز و الكسل و الجبن و البخل و الهرم و أعوذ بـك مـن عذاب القبر و أعوذ بك من عذاب النار و أعوذ بك من فتنة المحيا و الممات (حـم ق 3) عن أنس**

6. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن، قورقۇنجاقلىقدىن، بېخىللىقدىن، بەك قېرىلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن، ھاياتلىق، ماماتلىق پىتنە ـ پاسادلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەھمەد، بەيھەقى ئۈچ كىتاب تويلىغان، ئۈچ كىتاب، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسەئى، سەھىھ.

اللهم إني أعوذ بك من العجز و الكسل و الجبن و البخل و الهرم و القسوة و الغفلـة و العيلة و الذلة و المسكنة و أعوذ بك من الفقر و الكفر و الفسوق و الشـقاق و النفـاق و السمعة و الرياء و أعوذ بك من الصمم و البكم و الجنون و الجذام و البرص و سيء الأسقام (ك هق في الدعاء) عن أنس.

7. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن، قورقۇنجاقلىقدىن، بېخىللىقدىن، قېرىلىقدىن، قەلبىم قېتىپ كېتىشدىن، غەپلەتتە قېلىشدىن، يوقسىزلىق، پېقىرلىقدىن، خارلىقدىن، مىسكىنلىكدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ، پېقىرلىقدىن، كۇپۇرلىقدىن، پاسىقلىقدىن، خىلاپلىق قىلىشدىن، مۇناپىقلىقدىن، ئاڭلاتما، كۆرسەتمە رىيادىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ گاسىلىقدىن، گاچىلىقدىن، مەجنۇن، ساراڭلىقدىن، جوزام تېرە كېسىلىدىن، ئاق كېسەلدىن كېسەللەرنىڭ ئەڭ يامانلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، ھاكىم، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من العجز و الكسل و الجبن و البخل و الهرم و عذاب القـبر و فتنة الدجال اللهم آت نفسي تقواها و زكها أنت خير من زكاها أنت وليهـا و مولاهـا اللهم إني أعوذ بك من علم لا ينفع و من قلب لا يخشع و من نفس لا تشبع و من دعوة لا يستجاب لها (حم عبد بن حميد م ن) عن زيد بن أرقم.**

8. زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، ئاجىزلىق، ھورۇنلۇق، قورقۇنجاقلىق، قېرىلىقلاردىن، قەبرە ئازابىدىن، دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ، نەپسىمنىڭ تەقۋالىقىنى بېرىپ، ئۇنى پاكلىسىلا، سىلى نەپسىنى ئەڭ ياخشى پاكلىغۇچى، سىلى ئۇنىڭ ئىگىسى، خوجىسى، ئى ئاللاھ، سىلىگە سېغىنىپ، مەنپەئەت بەرمەس ئىلىمدىن، قورقماس قەلبىدىن، تويماس نەپسىدىن، ئىجاۋەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن، مۇسلىم، نەسەئى، ئەھمەد، ئابدۇلار توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ من الفقر و القلة و الذلة و أعوذ بك من أن أظلم أو أظلم (د ن ه ك عن أبي هريرة.**

9. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن پېقىرلىقدىن، ئاز قېلىشدىن (يەنى، ئىلىم، ئىبادەت، مال ـ دۇنيانىڭ ئازلىقدىن) خارلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ زۇلۇم قىلىپ قېلىشىمدىن ياكى زۇلۇمغا ئۇچراپ قېلىشىمدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ھاكىم، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من الكسل و الهرم و المأثم و المغرم و من فتنة القبر و عذاب القبر و من فتنة النار و عذاب النار و من شر فتنة الغنى و أعوذ بك من فتنة الفقر و أعوذ بك من فتنة المسيح الدجال اللهم اغسل عني خطاياي بالماء و الثلج و البرد و نق قلـبي مـن الخطايا كما ينقى الثوب الأبيض من الدنس و باعد بيني و بين خطاياي كما باعدت بـين المشرق و المغرب (ق ت ن ه) عن عائشة.**

10. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ ھورۇنلۇقدىن، قېرىلىقدىن، گۇناھ قىلىپ قېلىشدىن، قەرزدار بولۇپ قېلىشدىن، قەبرە پىتنىسىدىن، قەبرە ئازابىدىن، دوۋزاخ پىتنىسىدىن، دوۋزاخ ئازابىدىن، بايلىق پىتنىسىنىڭ يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ، پېقىرلىق پىتنىسىدىن مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئى ئاللاھ، مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى سۇ بىلەن قار بىلەن مۆلدۈر بىلەن يۇيۇپ، خۇددى ئاق كىيىمنى قاپقارا كىردىن تازىلىغاندەك، قەلبىمنى، خاتالىقلاردىن پاك ـ پاكىز تازىلىۋەتسىلە، مەن بىلەن خاتالىقىم ئارىسىنى خۇددى مەشرىق بىلەن مەغرىپ ئارىسىدەك يىراق قىلىۋەتسىلە، بەيھەقى، تىرمىزى، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**11 (صحيح) اللهم إني أعوذ بك من الهم و الحزن و العجز و الكسل و الـبخل و**

**الجبن و ضلع الدين و غلبة الرجال (حم ق 3) عن أنس**

11. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، غەم ـ قايغۇدىن، خاپىلىقدىن، ئاجىزلىقدىن، ھورۇنلۇقدىن، بېخىللىقدىن، قورقۇنچاقلىقدىن، قەرزنىڭ ئېغىرلاپ كېتىشىدىن، دۈشمەن كىشىلەرنىڭ ئۈستۈمدىن غالىپ كېلىشىدىن پاناھ تىلەيمەن، ئەھمەد، بەيھەقى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من جار السوء في دار المقامة فإن جار البادية يتحول (ك) عن أبي هريرة**

12. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ مۇقىم تۇرىدىغان جايدىكى يامان خوشنىدىن پاناھ تىلەيمەن، چۈنكى، يايلاق سەپىرىدىكى، سەپەردىكى خوشنىلار يۆتكىلىپ كۆچۈپ كېتىدۇ، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

**اللهم إني أعوذ بك من زوال نعمتك و تحول عافيتك و فجأة نقمتك و جميع سخطك (م د ت) عن ابن عمر**

13. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ نېئمەتلىرىنىڭ زاۋال تېپىپ يوقلىپ كىتىشىدىن، بالايى ـ ئاپەتتىن ساقلاشلىرىنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشىدىن، تۇيۇقسىزلا ئىنتىقام ئېلىشلىرىدىن، بارلىق غەزەپ ـ نەپرەتلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من شر سمعي ومن شر بصري و من شر لساني و من شر قلبي و من شر منيتي د ك عن شكل**

14. شەكىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ قۇلۇقۇمنىڭ يامانلىقدىن، كۆزۈمنىڭ، تىلىمنىڭ، قەلبىمنىڭ يامانلىقدىن، ئۆلۈمۈمنىڭ





يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، يەنى يامان ئۆلۈمدىن پاناھ تىلەپ ياخشى ئۆلۈمنى سورىغان، ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من شر ما عملت و من شر ما لم أعمل (م د ن ه) عن عائشة**

15. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ مەن بىلىدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقدىن ۋە مەن بىلمەيدىغان نەرسىنىڭ يامانلىقدىن پاناھ تىلەيمەن، (بۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) مۇسلىم، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من عذاب القبر و أعوذ بك من عذاب النار و أعوذ بك من فتنة المحيا و الممات و أعوذ بك من فتنة المسيح الدجال (خ ن) عن أبي هريرة**

16. ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق تۆت نەرسىدىن دائىم پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، دوۋزاخ ئازابىدىن، قەبرە ئازابىدىن، ھاياتلىق ـ ماماتلىق پىتنىسىدىن، مەسىھ دەججال پىتنىسىدىن پاناھ تىلەيمەن، بۇخارى، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من علم لا ينفع و عمل لا يرفع و دعاء لا يسمع (حم حب ك) عن أنس**

17. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، پايدا ـ مەنپەئەت بەرمەس ئىلىمدىن، كۆتۈرۈلمەس، قوبۇل بولماس ئەمەلدىن، قۇلاق سېلىنماس، ئىجاۋەت بولماس دۇئادىن پاناھ تىلەيمەن، ئەھمەد، ئىبنى ھەببان، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**«اللهم إني أعوذ بك من غلبة الدين و غلبة العدو و شماتة الأعداء (ن ك) عن ابن عمرو»**

18. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، قەرزنىڭ غالىپ كېلىشىدىن، دۈشمەنىنىڭ غالىپ كېلىشىدىن، دۈشمەنلەرنىڭ

خۇرسەن، خۇشاللىقدىن پاناھ تىلەيمەن، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من قلب لا يخشع و من دعاء لا يسمع و من نفس لا تشبع و من علم لا ينفع أعوذ بك من هؤلاء الأربع (ت ن) عن ابن عمرو (د ن ه ك) عن أبي هريرة (ن) عن أنس**

**19.** ئىبنى ئەمرۇ، ئەبۇ ھۇرەيرە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ قورقماس قەلبىدىن، ئىجاۋەت بولماس دۇئادىن، تويماس نەپسىدىن، مەنپەئەت بەرمەس ئىلىمدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلىگە سېغىنىپ ئاشۇ تۆت نەرسىدىن پاناھ تىلەيمەن، تىرمىزى، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من منكرات الأخلاق و الأعمال و الأهواء و الأدواء (ت طـب ك) عن عم زياد بن علاقة**

**20.** زەييىاد ئىبنى ئەلاقەنىڭ تاغىسىدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلىگەن، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگەن سېغىنىپ، ئەخلاقلارنىڭ، ئەمەللەرنىڭ، ھاۋايى ـ ھەۋەسلەرنىڭ مۇنكەرلىرىدىن، ئەڭ قەبىھلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، شۇنداقلا داۋا، شىپالارنىڭ ئىنكار قىلىنىشىدىن، رەت قىلىنىشىدىن، پاناھ تىلەيمەن، تىرمىزى، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم إني أعوذ بك من يوم السوء و من ليلة السوء و من ساعة السوء و من صاحب السوء و من جار السوء في دار المقامة (طب) عن عقبة بن عامر**

**21.** ئۇقبەت ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق پاناھ تىلەيتتى، ئى ئاللاھ، ھەقىقەتەن مەن سىلىگە سېغىنىپ، يامان كۈندىن، يامان كېچىدىن، يامان سائەتتىن، يامان ھەمراھدىن، مۇقىم جايدىكى يامان خوشنىدىن پاناھ تىلەيمەن، تەبرانى توپلىغان، ھەسەن.

**اللهم بارك لأمتي في بكورها (حم 4 حب) عن صخر الغامدي (ه) عن ابـن عمـر (طب) عن ابن عباس وابن مسعود وعبدالله بن سلام وعن عمران بن حصين وعن كعب ابن مالك وعن النواس بن سمعان.**





**22.** رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ئۈممىتىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەتىگىنىگە بەرىكەت بەرسىلە، يەنى بۇ ھەدىسنى ساھابىلار، تابىئىنلار، ھەتتا ھەرقايسى ھەدىس ئالىملىرى، كاتىبلىرى، ئەتىگەن دەپ چۈشەندى، بەزى خاتىرىدە پەيشەنبە ئەتىگىنى دېگەن بار، بەزى خاتىرىدە قوشۇن ئەۋەتسە، ئەتىگەندە ئەۋەتەتتى دېگەن بار، ساھابىلار، تابىئىنلار مۇشۇ ھەدىسىدىن ئەتىگەندە مۇھىم ئىشنى ئىلىپ باراتتى، ھەتتا، تىجارەتچىلىرى ئەتىگەندە مالنى ئەۋەتەتتى، دەسلەپ قىلاتتى، شۇنىڭ بىلەن مىلى كۆپىيىپ بەرىكەت تاپقان، بۇ ئىشلار تىرمىزىدا مۇشۇ ھەدىستە يەنى **1133** ھەدىسىدە سۆزلەنگەن، ئەبۇ داۋۇدنىڭ **2239** ـ ھەدىسىدە سۆزلەنگەن، بۇ ھەدىسنى ئەھمەد، ئىبنى ھەببان تۆت كىتاب يەنى تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى، ئىبنى ماجەلەر، سەخرۇلغامىدىدىن ئىبنى ماجە ئىبنى ئۆمەردىن، تەبرانى ئىبنى ئاببىاس، ئىبنى مەسئۇد، ئابدۇللاھ ئىبنى سالام، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن، كەئبى نەۋۋاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن توپلىغان، سەھىھ.

**اللهم بعلمك الغيب و قدرتك على الخلق أحيني ما علمت الحياة خيرا لي و توفني إذا علمت الوفاة خيرا لي اللهم و أسألك خشيتك في الغيب و الشـهادة و أسـألك كلمـة الإخلاص في الرضا و الغضب و أسألك القصد في الفقر و الغنى و أسألك نعيما لا ينفد و أسألك قرة عين لا تنقطع و أسألك الرضا بالقضاء و أسألك برد العيش بعـد المـوت و أسألك لذة النظر إلى وجهك و الشوق إلى لقائك في غير ضراء مضرة و لا فتنـة مضـلة اللهم زينا بزينة الإيمان و اجعلنا هداة مهتدين (ن ك) عن عمار بن ياسر**

**23.** ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، غەيىبكە بولغان ئىلىملىرى بىلەن خەلىققە بولغان قۇدرەتلىرى بىلەن مەن ئۈچۈن ھاياتلىقنى ياخشى دەپ بىلسىلە، مېنى ھايات قويسىلا، مەن ئۈچۈن ۋاپات تېپىشىمنى ياخشى دەپ بىلسىلە، مېنى ۋاپات تاپقۇزسىلا. ئى ئاللاھ، سىلىدىن ئاشكارا، يوشۇرۇن كىشىلەر بار، ياكى يوق جايدا ئوخشاش، سىلىدىن قورقۇپ، تۇرۇشۇمنى سورايمەن، رازى بولغان غەزەپ قىلغان چېغىمدا، ئىخلاس كەلىمىسىنى سورايمەن، سىلىدىن باي بولغان، پېقىر، يوقسىز بولغىنىمدىمۇ بىر خىل، ئوتتۇرھال تۇرۇشۇمنى سورايمەن.

مەن سىلىدىن تۈگىمەس نىئمەتنى سورايمەن، ئۈزۈلمەس بەخت، خۇرسەن، خۇشاللىق سورايمەن، قازايى ـ قەدەرگە رازى بولۇشۇمنى سورايمەن، ئۆلگەندىن

كېيىنمۇ مول، بەختلىك تۇرمۇشۇمنى بېرىشلىرىنى سورايمەن، سىلىنىڭ يۈزلىرىگە، دىدارلىرىغا، جامالىلىرىغا قاراشنىڭ لەززىتىنى سورايمەن، زەرەرسىز ھالدا ئازدۇرغۇچى پىتنىسىز ھالدا سىلىگە ئۇچقۇشۇشقا بولغان شەۋق ئىشتىياقنى سورايمەن، ئى ئاللاھ، بىزگە ئىمان زىننىتى بىلەن زىننەت ئاتا قىلسىلا، بىزنى توغرا يول تاپقان ھىدايەتچى، يول باشچى، يېتەكچى قىلسىلا، نەسەئى، ھاكىم توپلىغان، سەھىھ.

## 24 (صحيح) اللهم حجة لا رياء فيها و لا سمعة (ه) عن أنس

24. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قېتىم ھەجدە مۇنداق دۇئا قىلغان، ئى ئاللاھ، بۇ ئاتلاتما ۋە كۆرسەتمە رىيا بولمىغان ھەجدۇر، (يەنى بۇ ھەجنى شۇنداق قىلىپ بەرسىلە) ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.

## اللهم رب الناس ! مذهب الباس اشف أنت الشافي لا شافي إلا أنت اشف شفاء لا يغادر سقما (حم خ 3) عن أنس

25. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان، ئى ئاللاھ، سىلى ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى، كېسەل، دەرت – ئەلەملەرنى يوقاتقۇچى، سىلى ئۆزلىرى شىپالىق ئاتا قىلسىلا، سىلى شىپالىق ئاتا قىلغۇچى، سىلىدىن باشقا شاپىي يوق، يەنى ھەقىقى شىپالىق، داۋائاتاقىلغۇچى يوق، ھېچبىر كېسەلنى قالدۇرماي ساقايتىدىغان شىپالىق ئاتا قىلسىلا، بۇخارى، ئەھمەد، تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسەئى توپلىغان، سەھىھ.

## اللهم رب جبريل و ميكائيل و إسرافيل و محمد صلى الله عليه وسلم نعوذ بك من النار طب ك)عن والد أبي المليح

26. ۋالىد ئەبۇ مۇلەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلغان؛ ئى ئاللاھ، سىلى جىبرىئىلىنىڭ، مىيكائىلىنىڭ، ئىسرافىلنىڭ، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرۋەردىگارى، ئىگىسى، سىلىگە سېغىنىپ، دوۋزاخدىن پاناھ تىلەيمەن، تەبرانى، ھاكىم توپلىغان، ھەسەن.

## اللهم رب جبريل و ميكائيل و رب إسرافيل أعوذ بك من حر النار و من عذاب





## القبر (ن) عن عائشة.

27. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، ئى جىبرىئىلىنىڭ، مىيكائىلىنىڭ، ئىسراپىلنىڭ پەرۋەردىگارى، رەببى، ئىگىسى ئاللاھ، سىلىگە سېغىنىپ دوۋزاخنىڭ قىززىق ھارارىتىدىن، قەبرە ئازابىدىن پاناھ تىلەيمەن، نەسەئى توپلىغان، ھەسەن.

## اللهم (ربنا آتنا في الدنيا حسنة و في الآخرة حسنة و قنا عذاب النار (ق) عن أنس.

28. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنۇ ئايەت بىلەن دۇئا قىلاتتى، «رەببەنا ئاتىنا فىددۇنيا ھەسەنەتەن، ۋەفىل ئاخىرەتى ھەسەنەتەن، ۋەقىنا ئازابەننار» تەرجىمىسى: ئى رەببىمىز، ئىگىمىز، ياراتقۇچى پەرۋەردىگارىمىز ئاللاھ، بىزگە بۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئۇ دۇنيادىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلسىلا، بىزنى دوۋزاخ ئازابىدىن ساقلىسىلا، بەيھەقى توپلىغان، سەھىھ.

## (صحيح) اللهم كما حسنت خلقي فحسن خلقي (حم) عن ابن مسعود

29. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، يارىلىشىمنى گۈزەل قىلغاندەك، ئەخلاقىمنىمۇ گۈزەل قىلسىلا، ئەھمەد توپلىغان، سەھىھ.

## 30 (صحيح) اللهم لا عيش إلا عيش الآخرة (حم ق 3) عن أنس (حم ق) عن سهل بن سعد.

30. ئەنەس سەھلى ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئى ئاللاھ، ئاخىرەت تۇرمۇشىدىن باشقا ھەقىقى تۇرمۇش، مەئىشەت يوقتۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىز، نەسەئى، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، سەھىھ.

## اللهم لك أسلمت و بك آمنت و عليك توكلت و إليك أنبت و بك خاصمت اللهم إني أعوذ بعزتك لا إله إلا أنت أن تضلني أنت الحي الذي لا يموت و الجن و الإنس يموتون (م) عن ابن عباس

31. ئىبنى ئاببااس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم مۇنداق دۇئا قىلاتتى، ئى ئاللاھ، مەن سىلىگە بويسۇندۇم، شەكسىز ئىشەندىم، سىلىگە تەۋەككۇل قىلدىم، سىلى تەرەپكە قايتتىم، سىلىنىڭ ياردەملىرى بىلەن داۋالىشىمەن، ئى ئاللاھ، سىلىدىن باشقا ھەق ئىلاھ يوق، سىلىنىڭ ئىززەت، غالىبلىقلىرى بىلەن مېنى ئازغۇن دەپ ھۆكۈم قىلىشلىرىدىن مەن ئۇچۇن ئازغۇنلۇققا پۇرسەت، شارائىت يارىتىپ بېرىشلىرىدىن پاناھ تىلەيمەن، سىلى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان، كامىل ھاياتلىق ئىگىسى، ئىنسى ـ جىنلار ئۆلىدۇ، مۇسلىم توپلىغان، سەھىھ.

**إن أحبكم إلي و أقربكم مني في الآخرة مجالس أحاسنكم أخلاقا و إن أبغضكم إلي و أبعدكم مني في الآخرة أسوؤكم أخلاقا الثرثارون المتفيهقون المتشدقون (حم حب طب هب) عن أبي ثعلبة الخشني.**

32. ئەبۇ سۇئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن، ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك، دوستراقىڭلار، قىيامەت كۈنى مەجلىسلەردە ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ياخشىراقىڭلاردۇر، ھەقىقەتەن ماڭا ئەڭ ئۆچ، دۈشمەنرەكىڭلار، ئاخىرەتتە مەندىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ناچار، يامىنىڭلاردۇر، ئۇلار شۇنداق كۆپ گەپ قىلىدىغانلار، سورىمىسىمۇ سۆزلەيدىغانلار، ۋە سۆزنى ئېھتىياتسىز، ھەزەر قىلماستىن كەڭرى، ئارتۇق سۆزلەيدىغانلار، بولۇپمۇ كىشىلەرنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلىپ سۆزلەيدىغانلار، ئاغزىنى كەڭ ئېچىپ سۆزنى كۆپ قىلىدىغان، ياساپ سۆزلەيدىغانلار، تولدۇرۇپ سۆز قىلىدىغانلاردۇر،ئەخلاقسىز موتەكەببىرلەردۇر. ئەھمەد 17066 ـ ھەدىس، تىرمىز 1941 ـ ھەدىس، ئىبنى ھەببان، تەبرانى، بەيھەقىلارمۇ توپلىغان، سەھىھ.

**إن أقربكم مني منزلا يوم القيامة: أحاسنكم أخلاقا في الدنيا (ابن عساكر) عن أبي هريرة**

33. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن قىيامەت كۈنى مەنزىل جەھەتتىن ماڭا ئەڭ يېقىن بولىدىغىنىڭلار مۇشۇ دۇنيادا ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، (يەنى جەننەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر جايدا بولالايدۇ)





ئىبنى ئەساكىر توپلىغان، ھەسەن.

**إن الله تعالى جميل يحب الجمال و يحب معالي الأخلاق و يكره سفسافها (طس) عن جابر**

34. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ئاللاھ مىسلىسىز گۈزەلدۇر، گۈزەللىكنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ئېسىل، يۈكسەك، ياخشى ئەخلاقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەخلاقنىڭ ناچار، ھاقارەتلىك، رەزىللىرىنى، پەسكەشلىرىنى يامان كۆرىدۇ، ياقتۇرمايدۇ، بۇ ھەدىس تەبرانى ئەۋسەتتە توپلىغان سەھىھ.

**(صحيح) إن من أحبكم إلي أحسنكم أخلاقا (خ) عن ابن عمرو**

35. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا دوستراق، سۆيۈملۈكرەكىڭلار، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، بۇخارى توپلىغان.

**إن من أحبكم إلي و أقربكم مني مجلسا يوم القيامة أحاسنكم أخلاقا و إن أبغضكم إلي و أبعدكم مني يوم القيامة الثرثارون و المتشدقون و المتفيهقون قالوا: يا رسول الله ما المتفيهقون ؟ قال: المتكبرون (ت) عن جابر**

36. جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن ماڭا سۆيۈملۈك بولغان، قىيامەت كۈنى مەجلىستە ماڭا يېقىن بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، ماڭا دۈشمەن بولۇپ، قىيامەت كۈنىمۇ مەندىن يىراق بولىدىغىنىڭلار، ئەخلاقسىز، ئورۇنسىز كۆپ سۆزلىگۈچىلەر، پاساھەت بىلەن ئاغزىنى تولدۇرۇپ، ياساپ سۆزلىگۈچىلەر، مۇتەكەببىرلەردۇر، تىرمىزى 1941 ـ ھەدىس، ھەسەن.

**(صحيح) إنما بعثت لأتمم صالح الأخلاق (ابن سعد خد ك هب) عن أبي هريرة**

37. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ھەقىقەتەن مەن ئەخلاقنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىنى، ئېسىل ئەخلاقنى، مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم، ئىبنى سەئىد، ھاكىم، بەيھەقى،

بۇخارى ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) خياركم أحاسنكم أخلاقا (حم ق ت) عن ابن عمرو

38. ئىبنى ئەمرۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشىڭلار ئەخلاقى ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، ئەھمەد، بەيھەقى، تىرمىزى توپلىغان، سەھىھ.

(صحيح) خيركم إسلاما أحاسنكم أخلاقا إذا فقهوا (خد) عن أبي هريرة.

39. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: سىلەردىن ئىسلامى ياخشى بولغان كىشى يەنى مۇسۇلماندارچىلىقى ياخشى كىشى بولسا، دىندا فىقھى ئالىم بولسىلا، ئەخلاقى ياخشى بولغان كىشىدۇر، بۇخارى، ئەدەپتە توپلىغان، سەھىھ، ئەخلاقى ياخشى، فىقھشۇناس ئالىم ياخشى مۇسۇلماندۇر.

خيركم خيركم لأهله و أنا خيركم لأهلي (ت) عن عائشة (ه) عن ابن عباس (طب) عن معاوية

40. ئائىشە، ئىبنى ئاببىاس، مۇئاۋىيە رەزىيە ئەنھۇملاردىن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: ئەڭ ياخشىڭلار ئۆز ئەھلىگە ياخشى بولغىنىڭلاردۇر، مانا مەن ئۆز ئەھلىمگە ياخشى بولۇشتا ياخشىلىق قىلىشتا سىلەرنىڭ ياخشىراقىڭلار بولىمەن، تىرمىزى، تەبرانى، ئىبنى ماجە توپلىغان، سەھىھ.شەيخ ئەبۇ مۇھەممەد 2006 ـ 12 ـ 27

بۇكىتابنىڭ سەھىھ ھەدىسلىرى ئەلبانىينىڭ سەھىھ ھەدىسلەر توپلىمىدىن ئېلىندى.ئىنسان بولۇش سۈپىتىم بىلەن خاتالىقتىن خالى ئەمەسمەن. توغرا تۈزتۈپ ئۇقىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

خەير الله قا ئامانەت. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇاللە ھى ۋەبەركاتۇھۇ